ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى

工人时报

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65-0015/Z
ۋەكالەت نومۇرى 20 - 57

1990 - يىل 19 - دېكابر (چارشەنبە) 202 - سان (ئومۇمىي 570 - سان)

ئاپتونوم رايونلۇق سودا-سانائەت بانكىسى داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ لى شۇي قاتارلىق ئۈچ يولداشقا «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە قوغدىغۇچىسى» دەپ نام بەردى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز مەتتىمىن داۋۇت خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق سودا-سانائەت بانكىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك بانكىسى مۇشۇ ئاينىڭ 13-كۈنى داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش يولىدا خېيىم-خەتەردىن قورقماي، قوراللىق بۇلاڭچىلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ شەرەپ بىلەن جاراھەتلەنگەن لى شۇي، چېن چۈەنخۇ، تۇرسۇنكۆل قاتارلىق ئۈچ يولداشقا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە «شىنجاڭ پۇل-مۇئامىلە قوغدىغۇچىسى» دەپ نام بەردى.

بۇ يىل 9-ئاينىڭ 27-كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا-سانائەت بانكىسى شاۋشىكۇ پۇل ئامانەت پونكىتىنىڭ تىجارەت خادىملىرى لى شۇي، چېن چۈەنخۇ ۋە تۇرسۇنكۆل كۈندۈزدىلا بانكا بۇلاشقا كەلگەن تۆت قوراللىق بۇلاڭچى بىلەن قۇرۇق قول باتۇرانە ئېلىشىپ، دۆلەت مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش يولىدا شەرەپ بىلەن جاراھەتلەنگەنىدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئۈچ يولداشقا «شىنجاڭ پۇل - مۇئامىلە قوغدىغۇچىسى» دەپ نام بېرىش ھەمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ تەمىناتىدىن بەھرىمان بولۇش ھەققىدىكى قارارى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇلارغا «مۇنەۋۋەر پۇل-مۇئامىلە خىزمەتچىسى» دەپ نام بەردى ۋە «شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش» مېدالى تەقدىم قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت بانكىسى ئۇلارغا «بانكا قوغدىغۇچى قەھرىمان» دەپ نام بەردى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى «پىداكار ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىگە 2000 يۈەندىن مۇكاپات پۇلى ۋە بىر دەرىجىدىن مائاش قوشۇپ بېرىشنى قارار قىلدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن مۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جاڭ سىشۇ، قىدىر باي، مۇھەممەت سىيت رېھىم، چى چوڭچىڭ، ۋاڭ جەنجۇ ھەمدە قېرىنداش بانكا- شىركەتلەرنىڭ مەسئۇللىرى، قەھرىمانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قاتناشتى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتلەر سۆز قىلدى. تەقدىرلەش يىغىنىدا، سودا-سانائەت بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى يەنە ئەنزە ئىنقلاشقا قاتناشقان، زوراۋانلارنى تۇتۇشقا ياردەملەشكەن، يارىدارلارنى قۇتقۇزۇپ داۋالىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىپ بەردى.

ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پۇل- مۇئامىلە سېپىدىكى بارلىق يولداشلار ۋە ھەرمىللەت ئىشچى- خىزمەتچىلىرىدىن لى شۇي، چېن چۈەنخۇ، تۇرسۇنكۆل قاتارلىق يولداشلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىپ، تىنچ ئىتتىپاق بولۇشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا پائال تۆھپە قوشۇش تەلەپ قىلىندى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 11-ئايلىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 390 مىليون يۈەنگە يەتتى

ئۆز مۇخبىرىمىز تەلئەت ئەخەت خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى داۋاملىق ئۆرلەپ،

قىلغان ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 11 - ئايلىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن

ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 5 مىليارد 326 مىليون يۈەن ئورۇندالغان. ئېغىر سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 5 مىليارد 762 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ،

يۈخۇگىيىن كېلەر يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 11 تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئۆتىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى

ئۆز خەۋىرىمىز: يېقىندا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇنىڭ 1-شۇجىسى يۈخۇگىيىن مەملىكەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىقتىسادىي تېخنىكا، ئەمگەك مۇھاپىزىتى خىزمىتى يىغىنىدا كېلەر يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 11 تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئۆتىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

يۈخۇگىيىن مۇنداق دېدى: كېلەر يىلى 8-بەش يىللىق پىلاننىڭ 1-يىلى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، كېلەر يىللىق 11 تۈرلۈك خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى.

بىرىنچى، 8-بەش يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا، كەڭ ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى «ئىككىنى ئاشۇرۇش، ئىككىنى تېجەش» نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا، 8 - بەش يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىش؛ ئىككىنچى، كېلەر يىلى مەملىكەتلىك ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش خىزمەت يىغىنى ۋە مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ ئۈچىنچى، ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار كارخانىلارنىڭ رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈش؛ تۆتىنچى، ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش، كوللېكتىپ توختام تۈزۈمىنى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇش؛ بەشىنچى، كارخانا كادىرلىرىنى دېموكراتىك سىناش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كادىرلار ئاممىغا تايىنىش، ئامما كادىرلارغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت كادىرلار بىلەن ئامما ئارىسىدىكى يېڭىچە مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈش؛ ئالتىنچى، «ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» تەربىيىسىنى سىستېمىلىق، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، «ئىككى ئاساس» تەربىيىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ يەتتىنچى، كارخانىلاردىكى ناتوغرا ئىستىللارغا قارىتا ئىجتىمائىي نازارەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش ھەمدە نازارەتچىلىك قىلىشنىڭ كونكرېت تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛ سەككىزىنچى، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى چىڭ تۇتۇش، ئىشچى- خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش؛ توققۇزىنچى، ھەر ساھە ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تۈزۈشكە قاتنىشىش، ئاساسلىقى ساناتورىيە مەبلىغى، داۋالىنىش، ئىش كۈتۈپ تۇرۇش، ئەمگەك سۇغۇرتىسى، ئولتۇراق ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىستېمىسى قاتارلىقلار ھەققىدىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛ ئونىنچى، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى سېخ، سېمىنا- گۇرۇپپىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش. كېلەر يىلى بىر نۆۋەت ئاساسىي قاتلام خىزمەت يىغىنى ئېچىش، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش؛ ئون بىرىنچى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇن خىزمىتىنى، سىياسەت تەتقىقاتى، كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇچۇر تورى قاتارلىق ئاساسىي خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش.

كارخانىلاردىكى 2 -قارارلىق ھۆددىگەرلىك خىزمىتى توغرىسىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يەتتە تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز مۇھەممەت ساۋۇت ھېكىم خەۋىرى: كارخانىلاردىكى 2-قارارلىق ھۆددىگەرلىك داۋامىدا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى قانداق قىلىپ كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى يەنىمۇ ياخشى جارىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يېقىندا يەتتە تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1. جان دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى، ئىشچىلار ئۇيۇشما تەشكىلىنىڭ رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

2. 2- قارارلىق ئىگىلىكنى ھۆددىگە بېرىش توختامىنى (لايىھە) ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ پىكرى ۋە تەكلىپىنى ئالغاندىن كېيىن ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماققا يوللاش لازىم.

3. كارخانىنى 2 - قارارلىق ھۆددىگە ئالغۇچىنى تاللاشتا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ پىكرىنى تولۇق ئويلىنىپ كۆرۈش لازىم. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق ھۆد-

بېرىش لازىم. كارخانا پارتكومى، مەمۇرىيىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەسئۇلىيەت دائىرىسى بويىچە ئىش تەخسىملەپ، ھەمكارلىشىپ كارخانىنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشنى تەكىتلەش لازىم.

5. 2 - قارارلىق ھۆددىگەرلىك مەزگىلىدە كارخانىنى ھۆددىگە ئالغۇچى، ھۆددىگەرلىك توختامىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى يىلدا بىر قېتىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا دوكلات قىلىش لازىم.

6. كارخانىنىڭ مەمۇرىي رەھ-

ئېلىنىپ، دۆلەت مال - مۈلۈكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش يولىدا شەرەپ بىلەن جاراھەتلەنگەنىدى.

يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن مۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈرداۋامەت،

ئۆگىنىپ، تىنچ ئىتتىپاق بولۇشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا پائال تۆھپە قوشۇش تەلەپ قىلىندى.

◆

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 11-ئايلىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 390 مىليون يۈەنگە يەتتى

ئۆز مۇخبىرىمىز تەلئەت ئەخەت خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى داۋاملىق ئۆرلەپ، 1 مىليارد 390 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئايلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بويىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېلان قىلغان ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 11 - ئايلىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 22% ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان. 1-ئايدىن 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە يىللىق ئۆلچەم پىلانىنىڭ 90.1 پىرسەنتى ئورۇندالغان. يىنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق نورمال ئۆرلەش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 5 مىليارد 326 مىليون يۈەن ئورۇندالغان. ئېغىر سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 5 مىليارد 762 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 6·6% ئۆسكەن.

ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنىدا رەئىس تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز يەنە 1 مىليارد 212 مىليون يۈەن سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يارىتسا، يىللىق ئۆلچەملىك پىلانىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە ساقلانغان تۈپ مەسىلە - ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى. بىز مەملىكەتلىك پىلان يىغىنى روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. كېلەر يىلى ئاساسىي كۈچنى مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە قويۇشىمىز، مۇشۇ ئاساستا ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئۆسۈشىنى ساقلىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە كارخانىلارنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ھۆددىگەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كارخانىلار ئۈچۈن ساپاسى ياخشى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى سەپلەپ بېرىش كېرەك.

◆

يوپۇرغا ناھىيىلىك مۇپەتتىش ئىدارىسى

مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزەتتى

يوپۇرغا ناھىيىلىك مۇپەتتىش ئىدارىسى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئىدارە - ئورگان ۋە تەمىنلەش سىستېمىسىدا مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

بۇ ئىدارە ئالدى بىلەن ئۆز تەۋەسىدىكى كادىرلارنى ھەر ھەپتىدە ئىككى نۆۋەت سىياسىي ۋە كەسپىي ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەندىن باشقا، قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، مۇپەتتىش خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى.

پاك - دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مۇپەتتىشلىك نازارەتچىلىكىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. 37 مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ھۆددىگە بېرىلگەن كارخانىلارغا قارىتا تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى. مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى «ئۈچلىشىش» كە يۈزلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇپەتتىشلىك نازارەتچىلىكى، ئىقتىسادىي سىستېما نازارەتچىلىكى ۋە يۇقىرى قاتلام نازارەتچىلىكىنى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويدى.

بۇ ئىدارە بۇ يىل 12-ئاينىڭ بېشىغىچە تەمىنلەش سىستېمىسى، جەرىمانە مۇسادىرە كىرىمى، ئۆزى تەييارلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى قاتارلىق ئالتە تۈر بويىچە 46 ئورۇندا مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. مۇپەتتىشلىك قىلىنغان ئومۇمىي سومما 23 مىليون 362 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭدىن 12 ئورۇننىڭ مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ 187 مىڭ يۈەنلىك مەسىلىسى ئېنىقلاپ چىقىپ، 146 مىڭ 677 يۈەننى غەزنىلەشتۈردى. قالغان پۇلنى مۇناسىۋەتلىك ھېسابقا يۆتكەپ بىر تەرەپ قىلدى.

ئوبۇل سابىر

◆

مۇھىم خەۋەرلەر

● مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى نى جىفۇ كېلەر يىلى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشنى تەكىتلىدى.

● دۆلەتلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى. جياڭ زېمىن تەبرىك خېتى ئەۋەتتى، لى پېڭ مۇھىم سۆز قىلدى.

● دۆلىتىمىزنىڭ 7 - بەش يىللىق پىلان - كۆرسەتكۈچلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى. خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى تەخمىنەن 7·6% ئاشتى.

● 11 - ئايدا دۆلىتىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى قايتىدىن ئومۇمىي يۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 15% ئۆستى.

● خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، ئازاتلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن «ئىگىلىكنى ھىمايە قىلىش» پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

◆

نىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى قانداق قىلىپ كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى يەنىمۇ ياخشى جارىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يېقىندا يەتتە تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1. جان دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلاردىكى 2-قارارلىق ھۆددىگەرلىك داۋامىدا مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسىنى سەپلەپ، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ،

2. 2- قارارلىق ئىگىلىكىنى ھۆددىگە بېرىش توختىمىنى (لايىھە) ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ پىكىرى ۋە تەكلىپىنى ئالغاندىن كېيىن ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماققا يوللاش لازىم.

3. كارخانىنى 2 - قارارلىق ھۆددىگە ئالغۇچىنى تاللاشتا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ پىكىرىنى تولۇق ئويلىنىپ كۆرۈش لازىم. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق ھۆددىگەرنى بېكىتىشتە ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى لازىم.

4. 2 - قارارلىق ھۆددىگەرلىك داۋامىدا «كارخانىنى ھۆددىگە بېرىش، زاۋۇت باشلىقى ۋەكىل بولۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا كوللېكتىپ ھۆددىگە

نىنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشنى تەكىتلەش لازىم.

5. 2 - قارارلىق ھۆددىگەرلىك مەزگىلىدە كارخانىنى ھۆددىگە ئالغۇچى، ھۆددىگەرلىك توختامىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى يىلدا بىر قېتىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا دوكلات قىلىش لازىم.

6. كارخانىنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىكىنى دېموكراتىك باھالاش، نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى مەمۇرىي رەھبەرلىكىنى يىلدا بىر قېتىم باھالاش ھەمدە مۇكاپاتلاش-جازالاش، تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم.

7. كارخانىنى 2 - قارارلىق ھۆددىگە بېرىش ئاساسىي سانىنى بېكىتىشتە «چوڭ جەھەتتە مۇقىملاشتۇرۇش، كىچىك جەھەتتە تەڭشەش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ كارخانىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ماقۇللاش ھوقۇقىنى كۈچەيتىش. كارخانىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ۋە رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى باشقا ئەزالارنىڭ خىزمەت تەقسىمات لايىھىسىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماققا يوللاپ تەستىقلىتىش لازىم.

قاراماي نېفىت ئېلىش 1-زاۋۇتى مۇپەت-ئۆلچەم باشقۇرۇش مەركىزى مانومېتىر تەكشۈرۈش سېخىدىكى ئىشچىلار دۆلەتنىڭ ئۆلچەم قانۇنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ نېفىتلىكتە دائىم قوللىنىلىدىغان ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى قەرەللىك تەڭشەپ ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ توغرا ئېلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

سۈرەتتە: ئىشچىلار كۆرسەتكۈچ سائەتنى تەكشۈرمەكتە.

ئابدۇمامۇت ئەبەيدۇللا فوتوسى

«دەستگاھ چەۋەندازلىرى» مۇكاپاتلىق ئەسەر مۇسابىقىسىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاپتورلارنىڭ ئىسملىكى:

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر:

ئەخەت مۇسا، ئىمام ئىمىن، ئابدۇسالام ئابلىز، قۇربان ئىمىن.

2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر:

ئەركىن ئۆمەر، پەرھات مۇھەممەت ھوشۇر، جاۋيىشىن، تەلئەت ئەخەت، سىراجىدىن ئابلا، ئابدىلىم ئابدىنىم، ھەسەن سەيدەخمەت، پەخرىنسا ئابدۇلئەلا.

3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر:

ئىسمايىل ئىبراھىم، ئەنۋەر تۇرسۇن، ئابدۇرۇسۇل سېيىت، زىبەھۇللا ئابلىز، تۇرسۇن مۇھەممەت ئوسمان، ئادىل ئىسمايىل، ئەركىن پالتى، ئۆركەش جاپپار، ئابدۇللا نىياز، رېھىم تۇردى.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

چۆلدە يىلتىز تارتقان قىزىل يۇلغۇن

— ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى مەمتىمىن ئوسماننى زىيارەت

ئۆز مۇخبىرىمىز ئابدۇھېلىم ئابدۇنىيم

مەن شىنجاڭ تۇز كۆل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا كۆپ قېتىم كەلگەن بولسام، بۈگۈنكىدەك بورانغا يولۇقۇپ باقمىغانىدىم.

— بۇ يەردە دائىم مۇشۇنداق بوران چىقامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن زىيارەت قىلماقچى بولغان تۇز مەيدانى سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن ئوسماندىن.

— ھەئە، بۈگۈنكى بوران 5 - 6 بال كېلىدۇ، بەزىدە 7 - 8 بال، ھەتتا 10 بال بوران چىقىدىغان ۋاقىتلارمۇ كۆپ. مەن بۇ يەردە ئىشلىگەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، قاتتىق بوراندا قالغان چاغلىرىم ناھايىتى كۆپ، تۇز مەيدانى بىلەن زاۋۇت رايونى ئارىلىقىدىكى 3 — 4 كىلومېتىر يولدا بوران دەستىدىن ئۆرە ماڭالماي، ئۆمىلەپ ماڭغان چاغلىرىممۇ بار. بىز بۇ شارائىتقا كۆنۈپ كەتتۇق.

مەن بۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى بىلەن تۇز سۈزۈۋېلىش كۆلچەكلىرىگە بىللە چۈشۈپ تۇز سۈزۈپ، قاتار - قاتار تىزىۋېتىلگەن مىڭلىغان تاغارلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئەھۋاللىشىپ، ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىدىن خەۋەر تاپتىم.

— سىز بۇ مەيداندا كۈنىگە قانچىلىك يول يۈرىسىز؟

— تۇز مەيدانىمىزدا كۈنىگە 1000 دىن ئارتۇق ئىشچى ئىشلەيدۇ، ئۇلار 200 كۆلچەكتە تۇز سۈزىدۇ، مەن كۈندە بۇ 200 كۆلچەكتىن سۈزۈلگەن تۇزنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرىمەن. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 20 كىلومېتىر يول ماڭىمەن دېسەممۇ بولىدۇ. زاۋۇتىمىزنىڭ ھېسابلىشىچە، مەن 1979 - يىلدىن بۇيان 60 مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ، يەر شارىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپتىمەن.

— سىلەر ئىشلەپچىقارغان تۇزنىڭ سۈپىتى قانداق؟

— يامان ئەمەس، زاۋۇتىمىز ئىشلەپچىقارغان سانائەت تۇزى مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئالىي مەھسۇلات، پىششىقلانغان تۇز ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئالىي مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. زاۋۇتىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرى يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇز، سېلىترا مەھسۇلاتلىرىنى 10 قېتىملىق باھالاشتا ھەر قېتىم ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

بۇ نەتىجىلەرگە قايىل بولمايدىغان كىشى بولمىسا كېرەك، مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن 17 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان تۇز مەيدانىدىكى ئاپئاق - ئاپئاق تۇز دۆۋىلىرى ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن، رېزىنكە كېپىلەرنى كىيىپ، قولىغا كۈرجەك ئېلىپ، سۇ كۆلچەكلىرىدە تۇزنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرىۋاتقان مەمتىمىن ئوسماننى كۆرگەندەك بولدۇم، قولغا كەلتۈرگەن بۇ چوڭ - چوڭ نەتىجىلەر ئىچىدە ئۇنىڭمۇ بىر ئۈلۈش ھەسسىسى بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

مەمتىمىن ئوسمان 1962 - يىلى بۇ زاۋۇتقا قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلار ئارىسىدا مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرىلارنىڭ بىرى ئىكەن. زاۋۇت رەھبەرلىكى بۇنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئىشخانىدا ئىشلەشكە تەقسىم قىلغان. مەمتىمىن ئوسمان: ئىشخانا خىزمىتى ئەلۋەتتە پاكىزە - يېنىك، 1 - سەپنىڭ بولسا شارائىتى جاپالىق، ئىشخانا ماڭا ئېھتىياجلىق، ئەمما 1 - سەپ تېخىمۇ ئېھتىياجلىق، مەن بىلىمىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە بېرىشىم كېرەك، دەپ ياخشى خىزمەت شارائىتىدىن ۋاز كېچىپ، تۇز مەيدانىغا كېلىپ تۇز سۈزگۈچى ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ يەردە ياز كۈنلىرى 40℃ ئىسسىق بولسا، قىش كۈنلىرى 40℃ دىن ئارتۇق سوغۇق بولاتتى. 7— 8 بال شامال چىقىش ئادەتتىكى گەپ بولۇپ، بوران بەزىدە تەكشىلىكتىن بەش مېتىر تۆۋەندىكى سۇنىمۇ ئۇچۇرۇپ چىقاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا 3 —4 سائەتلەپ ئورەكلەردە يېتىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ، مانا مۇشۇنداق جاپالىق شارائىتتا 18 يىل ئىشلەپ، 15 مىڭ توننا تۇز سۈزۈپ، دۆلەتكە 3 مىليون يۈەنلىك قىممەت ياراتقان. 1979 - يىلى رەھبەرلىك ئۇنى ئىشخانىغا يۆتكەپ كېلىشنى قارار قىلغان. لېكىن مەمتىمىن ئوسمان: مەن ئۇزۇن يىل ئالدىنقى سەپتە ئىشلىدىم، ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارغا بىر قەدەر پىششىق بولۇپ قالدىم، دەپ ئىشخانىدا ئىشلەشتىن ۋاز كېچىپ، سۈپەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدا ئىشلىگەن.

تۇز مەيدانى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى زاۋۇتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى، مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايتتى. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن مەمتىمىن ئوسمان 1979 - يىلدىن باشلاپ، يەتتە نەپەر سۈپەت تەكشۈرگۈچى بىلەن تۇز مەيدانىدا ھەر يىلى سۈزۈۋېلىنىدىغان 490 مىڭ توننا تۇز، سېلىترا سۈپىتىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولغان. كېيىن زاۋۇت ئۇنى زاۋۇت ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى تۇز سۈزۈش ئەترىتىنىڭ سۈزگەن تۇزىنىڭ سۈپىتىگە مەسئۇل قىلغان. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە تۇغقانلىرى بولغاچقا، ئۇلارنى باشقۇرۇش تەس ئىدى. لېكىن ئۇ قىلچە يۈزقارىماي سۈپەت ئۆتكەللىرىنى چىڭ تۇتقان. كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەھسۇلاتنى ئۆلچەمگە توشمىغان ئىكەن، قايتۇرۇپ ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىدە ئىشلىگەچكە، بەزىلەر ئۇنىڭ ئائىلىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ سۈپەت تەكشۈرۈشنى ئازراق بوشىتىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ بۇنى قەتئىي رەت قىلغان. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قاتتىق تەلەپ قويۇشى نەتىجىسىدە بۇ ئەترەت 1985- يىلدىن بۇيان مەھسۇلات سۈپىتىدە ھەر يىلى ئىلغار بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ.

زاۋۇت يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زاۋۇت تۇز سۈزۈۋېلىشنىڭ پەسىل خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئادەم ئىشلىتىشنى ئىسلاھ قىلىپ، خەلق ئىشچىلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان. مەمتىمىن ئوسمان بۇ خىل ئەھۋالدا سۈپەت تەكشۈرۈش بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، نەق مەيداندا ئىشچىلارغا فۇداۋ قىلىپ بەرگەن. ئۆزى بىۋاسىتە تۇز كۆلچىكىگە چۈشۈپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكچىلىك قىلغان. 1989 - يىلى ئۇ سۈپەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا باشلىق بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىرلاشقان. ئۇ: زاۋۇتىمىزنىڭ كىرىمى تۇزدىن كېلىدۇ. تۇز بولغاندا، سۈپەت ياخشىلانغاندا، زاۋۇتىمىز تەرەققىي قىلىدۇ، دەپ، سۈپەت باشقۇرغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويغان. ئۇ كۆپ قېتىم سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتمىگەن مەھسۇلاتلارنى تۆكتۈرۈۋەتكەن، بەزىدە قولاق سالمىغانلارنىڭكىنى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن سۇغا ئىتتىرىۋەتكەن. بەزىلەر ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ: سەندە ئادەمگەرچىلىك دېگەن نەرسە يوق ئىكەن، ئۆلسەڭ تاۋۇتىڭنى كۆتۈرىدىغان ئادەممۇ چىقمايدۇ، دەپ ھاقارەتمۇ قىلغان، لېكىن ئۇ سۈپەت تەكشۈرۈش بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلغان. سۈپەتتە مەسىلە چىقارغانلارنى 2 - 3 كۈن ئىشتىن توختىتىپ ئۆگىنىش قىلدۇرۇپ، تونۇشىنى ئۆستۈرگەن.

مەمتىمىن ئوسمان 1988 -، 1989 - يىللىرى ئىككى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنغان بولسىمۇ، تولۇق ساقايمايلا ئىش مەيدانىغا كېلىپ ئىشلىگەن. ئۇ: بىز يىلىغا بەش قېتىم سۈپەت باھالايمىز، مەن ھۆددىگە ئالغان ئورۇنلار سۈپەتسىز بولۇپ قالسا خاتىرجەم بولالمايمەن دەپ، دوختۇرلارنى، ئائىلىنى، زاۋۇت مەسئۇللىرىنى قايىل قىلىپ، يىلىغا نەچچە مىليون يۈەنلىك مەھسۇلاتنى زاۋۇتتىن چىقىرىشتا بىرىنچى ئۆتكەلنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاشقا زور تۆھپە قوشقان. نەتىجىدە ئۇنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە تۇزچىلىق سانائىتى سېپىدىكى «ئىلغار QC گۇرۇپپا» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

مەن زىيارىتىمنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇنىڭ ئۆيىدىكى چوڭ - كىچىك بەش ئادەم تېخىچە تار - قىستىلاڭغۇ كېسەك ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن. مەن: زاۋۇتلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارلىرىغا ئېتىبار بېرىلىدىغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بىناغا كۆچۈپ چىقمىدىڭىز، دەپ سورىدىم. ئۇ: ماڭا زاۋۇتىمىز يېڭى بىنادىن 58 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيدىن نەچچە قېتىم تەقسىم قىلغانىدى. لېكىن كۆچۈپ چىقمىدىم، قىيىنچىلىقى مەندىنمۇ ئېغىرلارغا ئۆتۈنۈپ بەردىم، دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەقىقەتەن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك روھ ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مانا شۇ جاپالىق شارائىتتا تاۋلىنىپ، چۆلدە يىلتىز تارتىپ، دۆلەت ۋە كارخانىغا ھەسسە قوشۇپ، كىشىلەرگە ئۈلگە يارىتىپتۇ. جەمئىيىتىمىز مانا شۇنداق ئىسمى جىسمىغا لايىق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىگە ئېھتىياجلىق، ئەلۋەتتە.

◆

يەكەن ناھىيىلىك ستراخوۋانىيە شىركىتى

كەسىپ دائىرىسىنى كەڭ ئېچىپ، ستراخوۋانىيە ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى

ئۆز مۇخبىرىمىز تەلئەت ئەخەت خەۋەر قىلىدۇ: 1985 -يىلى

تى. يېزا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە دېھقان لارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىقتىسادىي جە

جىڭلى بىۋاستە باشقۇردى. ئەھۋال ئېنىق بولغاچقا، تۈرلۈك يىلانلارمۇ

توقسۇ ناھىيىلىك 2 - يېڭى سانائەت ئىدارىسى

مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى

توقسۇ ناھىيىلىك 2- يېڭى سا-

بۇيۇملار زاۋۇتى دادىل ھالدا ئىش-

قېتىم ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، نا-

يول يۈرۈپ، يەر شارىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپتىمەن.

— سىلەر ئىشلەپچىقارغان تۈزنىڭ سۈپىتى قانداق؟

رەك، دەپ ياخشى خىزمەت شارائىتىدىن ۋاز كېچىپ، تۇز مەيدانىغا كېلىپ تۇز سۈزگۈچى ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ

ۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە تۇغقانلىرى بولغاچقا، ئۇ-لارنى باشقۇرۇش تەس ئىدى. لېكىن ئۇ

توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن سۇغا ئىت-تىرىۋەتكەن. بەزىلەر ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ، سەندە ئادەمگەرچىلىك دېگەن نەرسە يوق

كىشىلەرگە ئۈلگە يارىتىپتۇ. جەمئىيىتىمىز مانا شۇنداق ئىسمى جىسمىغا لايىق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىگە ئېھتىياجلىق، ئەلۋەتتە.

يەكەن ناھىيىلىك ستراخوۋانىيە شىركىتى

كەسىپ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ستراخوۋانىيە ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى

ئۆز مۇخبىرىمىز تەلئەت ئەخەت خەۋەر قىلىدۇ: 1985 - يىلى تۆت ئادەم بىلەنلا قۇرۇلغان يەكەن ناھىيىلىك ستراخوۋانىيە شىركىتى بەش يىل تىرىشىش ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيىدىكى 27 يېزا - بازاردا كەسپىي ۋاكالەت تورى قۇرۇپ، خىزمەتچى خادىملارنى 170 كە، ستراخوۋانىيە تۈرىنى 22 گە يەتكۈزۈپ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. بەش يىلدىن بۇيان، بۇ شىركەت 6 مىليون 480 مىڭ يۈەن خەۋپسىزلەندۈرۈش پۇلى يىغدى. 1 مىليون 595 مىڭ يۈەن خەۋپسىزلەندۈرۈش پۇلى تۆلىدى. ئۆتكەن يىلى شىركەت كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 153 مىڭ يۈەن خەۋپسىزلەندۈرۈش پۇلى يىغدى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. شىركەت بۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە:

— ستراخوۋانىيە تەشۋىقاتىنى كۈچەيتتى. شىركەت رادىئو، تېلېۋىزور، گېزىت، قارا تاختا گېزىتى قاتارلىق تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، ستراخوۋانىيە جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، ئاممىنىڭ ستراخوۋانىيە خىزمىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى. شىركەت رەھبەرلىرى ۋە خادىملىرى يېزا - بازارلارغا بېرىپ، ستراخوۋانىيە ساۋاتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى.

— ستراخوۋانىيە تۈرلىرىنى كۆپەيتتى. يەكەن ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئىسسىق ھەم قۇرغاق جاي بولغاچقا، تەبىئىي ئاپەتكە كۆپ ئۇچرايتتى. يېزا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىركەت بۇ يىل ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ كەسپىي گۇرۇپپا تەشكىللەپ، يېزا - كەنتلەرگە ئەۋەتتى، ئۇلار ئۆيمۇ ئۆي ئارىلاپ ستراخوۋانىيە بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى؛ ئادەم كۈچى ۋە خىراجەت ئاجرىتىپ دېھقانلاردىن كەسپىي ۋاكالەت خادىملىرىنى يېتىشتۈردى؛ يېزا - كەنتلەردە ۋاكالەتەن ئىش بېجىرىش تورى قۇردى. ھازىر پۈتۈن ناھىيىدىكى 567 مىڭ مو بۇغدايلىق، 2300 دانە تراكتور ۋە 23 يېزا - بازار كارخانىسىدىكى بارلىق مال - مۈلۈكلەر خەۋپسىزلەندۈرۈلدى.

— باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ستراخوۋانىيە كەسپىنى ئىلگىرى سۈردى. شىركەتنىڭ پىلان، مالىيە خىزمىتىنى جىڭلى بىۋاستە باشقۇردى. ئەھۋال ئېنىق بولغاچقا، تۈرلۈك پىلانلارمۇ ئۆز ئورنىدا ئەمەلىيلەشتى. كەسىپنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، شىركەت باشقۇرۇش پرىنسىپى، ۋەزىپە مەزمۇنى، ۋاقىت چەكلىمىسى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىپ، پىلانلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى تەدرىجىي تەرتىپلەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈش، ئۆلچەملەشتۈرۈشكە يۈزلەندۈردى.

نەتىجىدە بۇ شىركەت ۋىلايەت بويىچە ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ستراخوۋانىيە كىرىمى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىشى مۇمكىن.

بىر جۇملىلىك خەۋەرلەر

△چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدە مېيىپلار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

دولقۇن جامال

△يەكەن ناھىيىسىدە 80 پىرسەنتكە يېقىن ئائىلە ئېلېكترلىشىپ بولدى.

ئەنۋەرجان مۇھەممەت نىياز

△قاغىلىق ناھىيىسى بەشبازاردىكى 2000 دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىگە سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىپ بەردى.

ئابدۇللا قادىر

△كۇچار ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئوتتۇ بۇلاق كۆمۈر كېنى ئۇدا بەش يىل بىخەتەر ئىشلىدى.

جامال ئىمىن

△شىنجاڭ تارىم نېفىت بۇرغىلاش ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتىنىڭ بىرىنچى قارارلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

ئەبەيدۇللا مەھەممەت

توقسۇ ناھىيىلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى

مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى

توقسۇ ناھىيىلىك 2- يېنىك سانائەت ئىدارىسى مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، بىر تۈركۈم مىللىي كادىرلار كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق تايانچلىرىغا ئايلىنىپ قالدى.

يېنىك سانائەت ئىدارىسى قارمىقىدا بەش زاۋۇت بار، مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 95.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا ئىدارە رەھبەرلىكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەرقايسى زاۋۇتلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار قابىلىيەتلىك يولداشلارنى تاللاپ شاڭخەي، ئۈرۈمچى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئەۋەتىپ مەخسۇس تەربىيىلىدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن ئۆستۈرۈلگەن 43 كادىر ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئىدارىگە قاراشلىق مىللىي بۇيۇملار زاۋۇتى دادىل ھالدا ئىشچىلار ئارىسىدىن سەككىز نەپەر تېخنىك تەكلىپ قىلىپ، زاۋۇتنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈردى. بۇ زاۋۇت كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

كېرىم راخمان



پوسكام نېفىت - تەبىئىي گاز ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى مېخانىزم رېمونت زاۋۇتى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئىشچى -خىزمەتچىلەر ئارىسىدا «ئىككىنى ئاشۇرۇش، ئىككىنى تېجەش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كونا ئەسۋاب ۋە ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىپ، قايتا ئىشلىتىش ئارقىلىقلا 10-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 181 مىڭ 387 يۈەن مەبلەغ تېجەپ قالدى.

سۈرەتتە: ئىشچىلار ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلماقتا.

ئىمىنجان سادىق فوتوسى

پەيزاۋات ناھىيىلىك باسما زاۋۇتى ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بېرىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

پەيزاۋات ناھىيىلىك باسما زاۋۇتى ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قازدى. بازار ئۇچۇرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈردى. نەتىجىدە 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 211 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يىللىق پايدا پىلانىنى مۇددەتتىن بىر ئاي بۇرۇن 49.8 پىرسەنت ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. دۆلەتكە 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج تاپشۇردى.

بۇ زاۋۇت ئالدى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى «ئىككىنى ئاشۇرۇش، ئىككىنى تېجەش»، «ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ھەربىر گۇرۇپپا، شەخسلەرنىڭ ئايلىق، پەسىللىك تۈرلۈك ۋەزىپە كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنلاش ئەھۋالىنى قەرەللىك خۇلاسىلاپ، قارا تاختاي گېزىتتە ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەردە «كارخانا روناق تاپسا، بىز ئۈچۈن شەرەپ» دەيدىغان ئىدىيىنى شەكىللەندۈردى.

بۇ زاۋۇت يەنە «مەھسۇلات سۈپىتى - كارخانىنىڭ جېنى، بازار كارخانىنىڭ - نىشانى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم - كارخانىنىڭ ئاساسى» دەيدىغان پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى پۇختا ئىگىلىدى. ئۈچ نەپەر خادىمنى مەخسۇس سۈپەت تەكشۈرۈشكە مەسئۇل قىلىپ، سۈپەتسىز مەھسۇلاتلارنىڭ زاۋۇتتىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. مال زاكاس قىلغۇچىلارغا 3 — 5% پايدىنى ئۆتۈنۈپ بەردى. زاكاس قىلىنغان ماللارنى خېرىدارلارنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتلىرى ناھىيە ئىچىدىلا ئەمەس خوشنا ناھىيىلەردىمۇ بازار تېپىپ، زاۋۇتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يىلدىن - يىلغا ئۆستى. 1988- يىلدىن بۇ يىل 11- ئايغىچە دۆلەتكە 28 مىڭ 428 يۈەن باج تاپشۇردى. كۆپ قېتىم ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە «ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

ئابدۇرېھىم نۇر

قەشقەر 1 - سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز مۇھەممەتئىمىن غۇلام خەۋەر قىلىدۇ: قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پارتىيە ياچېيكىسى كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەردە نەتىجە ياراتتى.

بۇ ئىستانسا 1980 - يىلى 11 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى ھەم قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنى توك بىلەن تەمىنلەيدىغان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بازىسى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 196 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار. ئىستانسا رەھبەرلىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى ئىستانسىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىپ، چوڭ ئىشلار قاتارىدا چىڭ تۇتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىلىك ئورۇن بەرپا قىلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ، قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈردى. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئەھدىنامىلەرنى تۈزۈپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. ئايلىق، پەسىللىك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىللە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىمۇ تەكشۈرۈپ، نەتىجە ھاسىل قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى باھالاپ نام بېرىش ئارقىلىق، ئىلغارلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. بۇيىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە نام بېرىلگەن كوللېكتىپ 10 غا، ئىلغار شەخس 70 كە يەتتى. ئىستانسا رەھبەرلىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە بەش نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزدى، ئۇلاردىن تۆت كىشىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى قەرەللىك ھالدا جايلاردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئەۋەتىپ تەربىيىلىگەندىن باشقا، ئۆزلىرى كۇرس ئېچىپ تەربىيىلەشنى يولغا قويدى. ئۇلار ئىچكى قىسىمدىكى ئىتتىپاقلىقنى چىڭ تۇتۇپلا قالماي، قوشنا ئورۇنلار بىلەن بولغان دوستلۇق - ئىتتىپاقلىقنىمۇ كۈچەيتتى. بۇ ئىستانسا رەھبەرلىكى 1986 - يىلى 30 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ئۆزىگە قوشنا بولغان كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇش يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىگە ھەقسىز توك سىمى تارتىپ بېرىپ، ئۇلارنى قارا چىراغتىن قۇتۇلدۇردى. ئۆتكەن يىلى يازدا كەلكۈن كېلىپ، مۇش يېزىسىدىكى بىر قىسىم دېھقانلار ئاپەتكە ئۇچرىغاندا، بۇ ئىستانسىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى تۆت توننا سېمونت ۋە 500 يۈەن قىممىتىدە تۈرلۈك ماددىي بۇيۇم تەييارلاپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارغا ئىئانە قىلدى. 1985 - يىلى يەر تەۋرەش ئاپىتىدە بۇ ئىستانسىمۇ ئاپەتكە ئۇچراپ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغاندا، مۇش يېزىسىدىكى دېھقانلار 200 ئەمگەك كۈچى ۋە نۇرغۇن ھارۋا تراكتور ئاجرىتىپ، ئىستانسىنىڭ نۇرغۇن ئەمگەكلىرىنى خالىسانە قىلىپ بەردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلىپ، ئىستانسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى يۈكسەلدى، كىرىمىمۇ يىلمۇ يىل ئاشتى. ئىستانسا قۇرۇلغان 10 يىل ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىنى 550 مىليون كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلىدى. پەقەت بۇ يىل 10 - ئايغىچە 80 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېقىن توك ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەتكە 5 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېقىن پايدا كەلتۈردى. بۇ جەرياندا ھەر بىر ئىشچى 28 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي قىممەت ياراتتى. بۇ ئىستانسا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ يىل 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى

شىنجاڭ «1-ئىيول» پاختا توقۇمىچىلىق 1-زاۋۇتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەركەزلىك «كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىز-

---

شىنجاڭ پولات-تۆمۈر شىركىتى

قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشىنى كۈچەيتتى

ئۆز مۇخبىرىمىز **ۋارىس تاھىر** خەۋەر قىلىدۇ: شىنجاڭ پولات-تۆمۈر شىركىتى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى يولغا قويغان بەش يىلدىن بۇيان، قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تايانچىلىرىنى تەربىيىلەپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈم كۆز قارىشىنى ۋە قانۇن - تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى.

بۇ شىركەت 1986 - يىلدىن باشلاپ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئۈچۈن 400 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، 169 قارار كۇرس ئېچىپ، بەلگىلىك بىلىمگە ئىگە، قانۇنغا دائىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان باشقۇرۇش خادىملىرىدىن 1000نى تەربىيىلەپ چىقتى؛ تەشۋىقات باشقارمىسى ئاساسىي كەۋدە قىلىنىپ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى قۇردى؛ رەھبەرلەر ھەر قايسى ئورۇنلارنى ھۆددىگە ئېلىش، پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىسىزلەرنى ھۆددىگە ئېلىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىدىيىنى ھۆددىگە ئېلىشتەك «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» تۈزۈمىنى بېكىتتى. قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 70 نەچچە سىنائالغۇ لېنتىسىنى قويۇپ بەردى، 60 نەچچە مەيدان تېلېۋىزىيە نۇتقى ئىبلان قىلدى، 60 نەچچە مەيدان زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. 1500 سان قارا تاختا گېزىتى چىقاردى. 30 نەچچە قېتىم تەشۋىقات ماشىنىسىنى ئىشقا سېلىپ، كوچىلاردا ۋە شىركەت ئىچىدە قانۇن - تۈزۈمنى تەشۋىق قىلدى. تۆت قېتىم قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇن-تۈزۈم كۆزقارىشى كۈچەيدى. شىركەتكە قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى 25 مىڭ كىشى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، مۇكاپاتلىنىپ، شىركەت ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈردى.

بەش يىلدىن بۇيان، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا قانۇن ساۋاتلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى 90% كە، كادىرلار ئارىسىدا 98% كە يەتتى. جىنايەت سادىر قىلىش ئەھۋالى ئازايدى. 1985 - يىلدىن بۇرۇنقى 10 مىڭ كىشى ئىچىدە 33 كىشى جىنايەت سادىر قىلىدىغان ھالەتتىن ھازىرقى ھەر 10 مىڭ كىشى ئىچىدە 23.7 كىشى جىنايەت سادىر قىلىدىغان ھالەتكە چۈشتى.

* * *

قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى

قانۇنغا تايىنىپ، كارخانىنىڭ مەنپەئىتىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى

ئۆز مۇخبىرىمىز **ئەركىن ئۆمەر** خەۋەر قىلىدۇ: قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 1985- يىلدىن بۇيان، قانۇنغا تايىنىپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي ماجىرالارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، كارخانىنىڭ مەنپەئىتىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى.

بۇ ئىدارە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس، كۆپ خىل ئىگىلىكنى قوشۇمچە قىلىدىغان كارخانا بولغاچقا، سىرت بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى ھەم بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي ماجىرالار نىسبەتەن كۆپ ئىدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا، ئىدارىنىڭ قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئىشخانىسى ئىقتىسادىي توختاملارنى ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىپ، كان باشلىقى، زاۋۇت باشلىقىدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك- كادىرلار خىزمىتى ۋە مالىيە، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلارنى مەخسۇس تەربىيىلىدى. تۈرلۈك ئىقتىسادىي توختاملارنى تەكشۈرۈپ ۋە نازارەت قىلىپ، نۇرغۇن يوچۇقلارنى ئەتتى. ئىدارىگە قاراشلىق خىمىيە زاۋۇتىنىڭ زاۋۇتنى بىر كىشىگە ھۆددىگە بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھۆددىگە ئالغۇچىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ زاۋۇتنى ھۆددىگە ئېلىش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ ھۆددىگەرلىك توختامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى. مەلۇم بىر ئاساسىي قاتلام ئورۇن بېيجىڭدىكى بىر زاۋۇتتىن قىممىتى 230 مىڭ يۈەنلىك ئۈسكۈنە سېتىۋالغان ھەم ئۈسكۈنىنى سىناق قىلىپ ئىشلىتىپ كۆرۈش ھەققىدە توختام

* * *

تېكەس ناھىيىسى يېمەك-ئىچمەك سېتىش ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى

تېكەس ناھىيىسى «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى» نى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، يېمەك - ئىچمەك ئورۇنلىرى بازارلارنى ئىككى قېتىم چوڭ تەكشۈرۈپ، 18 مىڭ 600 يۈەن قىممىتىدىكى ئۆلچەمگە توشمايدىغان، سۈ-

شىنجاڭ «1-ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق 1-زاۋۇتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەركەزنىڭ «كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار»ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە ئاساسىي لۇشيەنى ھەققىدە» دېگەن ئوقۇشلۇق كىتابنى مەخسۇس ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى.

ئىمام ئىمىن فوتوسى

نى550مىليون كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلىدى. پەقەت بۇ يىل 10 - ئايغىچە 80 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېقىن توك ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەتكە 5 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېقىن پايدا كەلتۈردى. بۇ جەرياندا ھەر بىر ئىشچى 28 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي قىممەت ياراتتى. بۇ ئىستانسا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ يىل 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى ھەم قەشقەر شەھىرى بۇ ئورۇنغا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن» دەپ نام بەردى.

قىلدى، 60 نەچچە مەيدان زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇش-

ئىندى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا، ئىدارىنىڭ قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئىشخانىسى ئىقتىسادىي توختاملارنى

ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ زاۋۇتنى ھۆددىگە ئېلىش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ ھۆددىگەرلىك توختامىنىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى. مەلۇم بىر ئاساسىي قاتلام ئورۇن بېيجىڭدىكى بىر زاۋۇتتىن قىممىتى 230 مىڭ يۈەنلىك ئۈسكۈنە سېتىۋالغان ھەم ئۈسكۈنىنى سىناق قىلىپ ئىشلىتىپ كۆرۈش ھەققىدە توختام تۈزۈشكەن، لېكىن سىناق قىلىپ ئىشلىتىش جەريانىدا ئۈسكۈنىلەردىن چاتاق چىققان، زاۋۇت بۇ ئۈسكۈنىنى قايتا تېگىشىپ بېرىشكە ئۇنىمىغان. ئىدارىنىڭ قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش باشقارمىسى بۇنىڭغا ئەستايىدىل قاراپ، بېيجىڭغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق ھېلىقى ئۈسكۈنىنى قايتا تېگىشىپ ئەكەلگەن ھەم 3000 يۈەنلىك زىياننى ئۇلارغا تۆلەتكەن.

بۇ ئىدارە قانۇننىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق 1985- يىلدىن بۇيان 1 مىليون يۈەنگە يېقىن ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەتتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالغان.

تېكەس ناھىيىسى يېمەك-ئىچمەك سېتىش ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى

تېكەس ناھىيىسى «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى» نى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، يېمەك - ئىچمەك ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

بۇ ناھىيە ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، بىر تەشۋىقات ماشىنىسى بىلەن بىر قىسىم تىببىي خادىملارنى ناھىيە بازىرى ۋە ھەر قايسى يېزا - بازارلارغا ئەۋەتىپ، يېمەك - ئىچمەك تازىلىقى ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئىككى قېتىم «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى» نى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ناھىيىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار، ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەر قايسى يېزا - بازارلارنى ئىككى قېتىم چوڭ تەكشۈرۈپ، 18 مىڭ 600 يۈەن قىممىتىدىكى ئۆلچەمگە توشمايدىغان، سۈپىتى ئۆزگەرگەن يېمەكلىكلەرنى كۆيدۈردى، تازىلىق ئۆلچىمىگە توشمايدىغان ۋە سۈپىتى ئۆزگەرگەن يېمەكلىكلەرنى ساتقان بىر قىسىم ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تىجارەتتىن توختىتىپ ۋە ئۇلارغا جەرىمانە قويدى. تىجارەتچىلەرنىڭ سالامەتلىكى ۋە تازىلىق ئەسلىھەلىرىنى تەكشۈرۈپ، لاياقەتلىك بولغانلارغا «تازىلىقتا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بەردى، يېمەك - ئىچمەك تىجارەتچىلىرىدە خىزمەت كىيىمى ۋە چاڭ - توزاندىن ساقلىنىش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئەخمەتجان نۇراخۇن

ياخشى ئىشتىن ئەل سۆيۈنەر

مەخمۇت دايىم

بۇ يىل 7 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىن ئابدۇخالىق ئەخمەت ئىسىملىك بىر دوختۇرنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە كېلىپ، نۇرغۇن دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىپمۇ ساقايماي كەلگەن ئەما، گاسلارنى ساقايتىپ ئازابىدىن خالاس قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باققۇم كەلدى.

—ئابدۇخالىق دوختۇر، سىز قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، —دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ ئاجايىپ ماھارىتىدىن ھەيران بولۇپ.

— مېنى دەمسىز، مەن پەقەت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىلا پۈتتۈردۈم، ھەيران قالغۇدەك ئىش يوق. بۇ پەقەت ئاتا كەسىپ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا دادامنىڭ قولىدا داۋالىنىپ، يورۇق دۇنيانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلىگەن، ئاۋاز-تىۋىشلارنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىيالىغان كېسەللەرنى كۆرگىنىمدە، بۇ كەسىپكە تولىمۇ ھەۋەس كېلەتتى. قىسقىسى دادامنىڭ بۇ كەسپىدىن تولىمۇ پەخىرلىنەتتىم. مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلدىن باشلاپلا، دادامنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى، ئەمەلىي كېسەل، دورىلار ئۈستىدە ئىنچىكە سۆزلەپ بېرىشى بىلەن ئاز-تولا ساۋاتقا ئىگە بولدۇم، ئۆگەنگەنچە، بىلىمىم چوڭقۇرلىغانچە ئۆزۈمنى بارغانچە يەڭگىللىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان بولدۇم. كۈندۈزى دادام بىلەن بىللە بولۇپ، دادامنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى تولۇق خاتىرىلىسەم، ئاخشاملىرى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تېپىپ، خاتىرەم بىلەن ماتېرىيالنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەندىم. 1974 - يىلىغا كەلگەندە، ئەما - گاسلارنى مۇستەقىل داۋالىيالايدىغان بولدۇم.

— مۇشۇ 14 يىل جەريانىدا سىز مۇشۇ خىلدىكى كېسەللەردىن نەچچىنى داۋالاپ ساقايتتىڭىز؟

— مەن مۇستەقىل داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان 5000دىن ئارتۇق ئەما، 1200 دىن ئارتۇق گاسنى داۋالاپ ساقايتتىم، —دېدى ئۇ كەمتەرلىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ—كېسەلنى قانچە كۆپ داۋالاپ، قانچە تېز ساقايتسام، مانا بۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ بەختىم.

ئابدۇخالىق دوختۇر كېسەل داۋالاشتا، ھەرگىزمۇ پۇل، مالنى ئالدىنقى شەرت قىلماي، 900 دىن ئارتۇق كېسەلنى ھەقسىز داۋالاپتۇ. بۇنىڭدىن دىلى سۆيۈنگەن 300 دىن ئارتۇق ئاغرىق ئۇنىڭغا رەھمەت خېتى ئەۋەتىپتۇ، 120 دانە لەۋھە تەقدىم قىلىپتۇ.

كۇچا ناھىيىلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسى

پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە باج ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى

كۇچا ناھىيىلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، باج خادىملىرىغا بولغان كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پاكلىق ۋە باج ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، باج خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتەك ناتوغرا ئىستىللارنى قەتئىي تۈزىتىپ، باج ئىستىلى ۋە باج تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ناھىيىلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسى خەلق ئاممىسىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئامما ئىنكاس قىلغان، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان مەسىلىلەرنى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ تۈزەتتى. مەدەنىيەتلىك باج پونكىتى، بۆلۈمچە (ئورۇن) قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كادىرلارغا قانۇن، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش تەربىيىسى بېرىشنى دائىملىق خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتتى. باج ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، پارا ئېلىشتەك ناتوغرا ئىشلارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى، رەھبىرىي كادىرلار باشلامچى بولۇپ، قانۇن، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتا ئۈلگە بولدى، نازارەت قىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، پاش قىلىش ساندۇقى، پاش قىلىش تېلېفونى ئورناتتى. كادىرلار قوشۇنىغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشنى ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇشنىڭ ئاچقۇچى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، كادىرلارغا كەسپىي تەربىيە ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن باج خادىملىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلى توغرىلىنىپ، باج يىغىش ئاكتىپلىقى كۈچەيدى.

ئەبەيدۇللا مەھمۇت

بىڭتۈەن 73-تۈەن-مەيدان دوختۇرخانىسى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش بىلەن بىرگە، تىببىي خادىملارغا قارىتا قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى ۋە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تىببىي خادىملارنىڭ ئىدىيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈردى.

سۈرەتتە: تىببىي خادىملار ئۆگىنىش ئۈستىدە

زېڭ كەيگاڭ فوتوسى

نوپۇس تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

رەھىم يۈسۈپ

نوپۇس تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىككى مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ماھىيەتتە ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش (ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئىشلەپچىقىرىشى) نىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. نوپۇس تەرەققاتى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئۆز ئارا سىڭىشىدىغان، ئۆز ئارا بېقىنىدىغان مۇناسىۋەت. بۇنى كونكرېتلاشتۇرغاندا:

بىرىنچى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات — نوپۇس تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىش كۆلىمى، سۈرئىتى نوپۇسنىڭ تەرەققىي قىلىش كۆلىمى ۋە سۈرئىتىنى بەلگىلەيدۇ. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا ئوخشاش بولمىغان نوپۇسنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بولىدۇ.

ئىككىنچى، نوپۇسنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا نىسبەتەن ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ماركسىزم ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ نوپۇس تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نوپۇسنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا نىسبەتەن ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ. بىزگە مەلۇمكى، مۇئەييەن نىسبەتتىكى نوپۇس بولمىسا، ئىنسانلار جەمئىيىتى بولمايدۇ، ھەر قانداق ئىقتىسادىي پائالىيەتمۇ بولمايدۇ. شۇڭا نوپۇس مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نوپۇسنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كۆرسىتىدىغان ئەكس تەسىرىنىڭ ئىپادىسى مۇنداق بولىدۇ؛ يەنى نوپۇسنىڭ سانى ۋە سۈپىتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلگەندە، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر نوپۇسنىڭ سانى ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ، سۈپەت ناھايىتى ناچار بولسا، ئۇ چاغدا، نوپۇس ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى باسىدىغان ھادىسە كېلىپ چىقىدۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

ئۈچىنچى، نوپۇس تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۆز ئارا سىڭىشىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ ئىپادىسى بىرتەرەپتىن ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمال قاتارلىق ھالقىلار ئارقىلىق نوپۇس تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ كىرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، نوپۇس تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئىبارەت بايلىق مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەگەر مۇئەييەن نىسبەت ۋە مۇئەييەن سۈپەتتىكە ئىگە ئەمگەك كۈچلىرى (نوپۇس) بولمىسا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى نورمال ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئادەم — ئىقتىسادىي ئامىل سۈپىتىدە، ئىشلەپچىقارغۇچى بىلەن ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى سۈپىتىدە، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھۆددىگە ئالغۇچىسى سۈپىتىدە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەر قايسى ئاساسلىق جەريانلىرىغا سىڭگەن بولىدۇ.

ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، نوپۇس تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن نىسبەت مۇناسىۋىتى بولۇش كېرەك. يەنە ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۆز ئارا ماسلاشقان بولۇشى كېرەك. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلىرىدە، نوپۇس تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ باغلىنىشىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىمۇ ئوخشاش بولماي كەلدى. قول سانائەت ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان دەۋردە، ئەمگەك قىلغۇچى نوپۇسنىڭ سانى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان، بۇ خىل ئىجتىمائىي شارائىتتا، ئىقتىساد بىلەن نوپۇس ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان. ئىنسانلار تارىخىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ماشىنا يىرىك سانائىتىنىڭ پەيدا بولۇشى، پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى كەشپىياتلار ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئىجتىمائىي شارائىتتا، نوپۇس بىلەن ئىقتىسادنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى بىردەك بولالمىدى. بەزىدە ھەتتا ئەكسىچە يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تېزلەشسە، نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تۆۋەنلەيدۇ. مەسىلەن، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى كۆپەيمەكتە. مائارىپ راسخودىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇن ئائىلىلەر ئاڭلىق ھالدا ئاز تۇغىدىغان ياكى تۇغۇتنى چەكلەيدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن نوپۇسنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تۆۋەنلەپ بارماقتا. بۇ ھال بىزگە نوپۇس تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئىسلاھات، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزدا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى

ھازىرقى زامان كارخانا رىقابىتىدە غالىب كېلىشنىڭ 14 مۇھىم نۇقتىسى

باشقۇرۇش ئىلمى

1. ئۇچۇرنى بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرىدە غالىب كېلىش. بازارلاردا ئۇچۇر ھەر خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بازارنى ئۈزلۈكسىز كۆزىتىپ، تېز سۈرئەتتە شاللاپ، ئۇچۇر ئىشلىتىش لازىم.

2. تەدبىر بەلگىلەش جەريانىنى قىسقارتىش بىلەن غالىب كېلىش. تاۋار ئىگىلىكى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كارخانىلاردا تەدبىر قوللانغاندا ئارىسالدى بولماي، كەسكىن تەدبىر قوللىنىش كېرەك.

3. ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش بىلەن غالىب كېلىش. باھا بېكىتىلگەن ئەھۋالدا، پايدىنى ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولى تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشتۇر.

4. مەبلەغنىڭ تۇرۇپ قېلىشىنى ئازايتىش بىلەن غالىب كېلىش. ئازراق مەبلەغ سېلىپ، كۆپرەك مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

5. مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئۈستۈنلىكى بىلەن غالىب كېلىش. باھاسى ئوخشاش بولغان مەھسۇلاتتا سۈپىتى قانچىكى ياخشى بولغانلىرى شۇنچە قارشى ئېلىنىدۇ.

6. ئۆلچەملىك سورتلارنى كۆپەيتىش بىلەن غالىب كېلىش. ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ ئۆلچىمى ئىمكان قەدەر تولۇق، سورتى كۆپ، خېرىدارلارنىڭ تاللىۋېلىشىغا تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىلغان بولۇش لازىم.

7. ئىشلىتىش ئۈنۈمىنىڭ ئېھتىياجلىقى بىلەن غالىب كېلىش. مەھسۇلاتلارنى لايىھىلىگەن ۋە ئىشلەپچىقارغاندا، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ماس كېلىپ، سېتىش يولى راۋان بولىدۇ.

8. باھانىڭ ئەرزانلىقى بىلەن غالىب كېلىش. باھادىن ئىبارەت بۇ ئىقتىسادىي پىشاڭنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىش، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، ئاز پايدا ئېلىپ، كۆپ سېتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم.

9. سېتىش يوللىرىنىڭ كەڭ بولۇشى بىلەن غالىب كېلىش. رىقابەتچىسى كۆپ، رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان شارائىتتا، كۆپلىگەن سېتىش يوللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازارلارنى ئىگىلەش لازىم.

10. ئىستېمالچىلارغا سادىق مۇلازىمەت قىلىش بىلەن غالىب كېلىش. خېرىدارلار ھەممىدىن ئەلا. ئىناۋەت بىرىنچى، دېگەن توغرا كۆز قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش لازىم.

11. ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن غالىب كېلىش. ئىلغار ھۈنەر - سەنئەت ۋە تېخنىكا مەھسۇلاتلارنى يېڭىلاپلا قالماستىن، ماددىي ئەشيالارنىڭ خورىشىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولىدۇ.

12. تىجارەت تاكتىكىسىنىڭ جانلىقلىقى بىلەن غالىب كېلىش. كارخانا بازار ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىغا قاراپ، مۇلازىمەت، سېتىش باھاسى، ئېلان تەشۋىقاتى، سېتىش يوللىرى، ماركا تاللاش قاتارلىق جەھەتلەردە دەل ۋاقتىدا جانلىق تىجارەت قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىش لازىم.

13. باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن غالىب كېلىش. تېخنىكا بىلەن باشقۇرۇش كارخانىلارنىڭ پەرۋاز قىلىشىدىكى ئىككى قانات، بۇلارنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ.

14. ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ياخشى بولۇشى بىلەن غالىب كېلىش. كارخانىلار ئازراق مەبلەغ سېلىپ، كۆپرەك مەھسۇلاتقا ئېرىشىشكە، يەنى ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە تىرىشىشى لازىم.

يۈسۈپ نىياز (ت)

ياپونىيە سوڭشىيا ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتىنىڭ تىجارەت سەنئىتى

چەتئەل كارخانىلىرى

تىجارەت مەقسىدى ئېنىق بولۇشى كېرەك. بىرىنچىدىن، تىجارەت جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، ئىككىنچىدىن، «ئەگەر ئۆزەمنىڭ مېلى بازارغا سېلىنمىسا، ئىجتىمائىي ئىگىلىك نورمال ھەرىكەت قىلمايدۇ» دەيدىغان ئۆزىگە ئىشىنىش كۆز قارىشىنى ھازىرلىشى شەرت. شۇنداق

ئىچى- سىرتى مۇھىتىنىڭ ياخشى- يامان بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەندىن كۆرە، مەھسۇلاتنىڭ ياخشى- يامان بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن ياخشى.

ئىككىنچىدىن، مال ئالماشتۇرۇش ياكى قايتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، مال ساتقاندىكىدىنمۇ ياخشىراق مۇلايىم بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، «بۇ ماگىزىن ئىشەنچىلىك» دېگەن قاراشنى ۋە شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ھەر ۋاقىت سېتىۋېلىشقا قولايلىق بولۇشنى ئويلاش كېرەك.

كېيىنكى مۇلازىمەتكە يەتمەيدۇ. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا كونا خېرىدارلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

«خېرىدار ھەممىدىن مۇھىم» دېگەن سۆزنى ئەستە چىڭ ساقلاش

ناچار بولسا، ئۇ چاغدا، نوپۇس ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى باسىدىغان ھادىسە كېلىپ چىقىدۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

ئۈچىنچى، نوپۇس تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۆز ئارا سىڭىشىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ ئىپادىسى، بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمال قاتارلىق ھالقىلار ئارقىلىق نوپۇس تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ كىرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، نوپۇس تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئىبارەت بايلىق

سۈرئىتى تۆۋەنلەيدۇ. مەسىلەن، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئائىلىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى كۆپەيمەكتە. مائارىپ راسخودىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇن ئائىلىلەر ئاكتىپلىق ھالدا ئاز تۇغىدىغان ياكى تۇغۇتنى چەكلەيدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن نوپۇسنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تۆۋەنلەپ بارماقتا. بۇ ھال بىزگە نوپۇس تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزدا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

* * *

قانداق قىلغاندا چوڭ مېڭىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟

ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە قارىغاندا، ئادەم مېڭىسىنىڭ ئەستە تۇتۇش سىغىمچانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئىكەن. كىشىلەر ھاياتىدا پەقەت مېڭىسىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىشلىتىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن مېڭىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى زور مىقداردا ساقلىنىپ قالىدىكەن. قانداق قىلغاندا چوڭ مېڭىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ ئالىملار كىشىلەرگە تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەرگە دىققەت قىلىشنى مۇراجەت قىلدى:

1. ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچىسى بولۇش لازىم: ئەگەر ئۆزى ئىشلىمەكچى بولغان ئىشقا ئىشەنچى بولمىسا، نېرۋا ھۆجەيرىلىرىنىڭ ئىقتىدارى تۆۋەنلىكىدىن بېسىمغا ئۇچرايدۇ - دە، ئۇنىڭ رولى پەسلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەستە قالدۇرۇشتىن ئىلگىرى جەزمەن: «مېنىڭ مېڭەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش سىغىمچانلىقى ئىنتايىن چوڭ، مەن چوقۇم ئەستە قالدۇرالايمەن» دەيدىغان قەتئىي ئىشەنچ بولۇشى لازىم.

2. قەتئىي نىيەت بولۇشى كېرەك: كۈچلۈك ئىرادىنىڭ رولى مېڭە ھۆجەيرىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىدۇ بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادەم كۆڭلىدىكى ئاساسلىق توسالغۇلار چىقىرىلىپ تاشلىنىدۇ. بۇ، ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق يارىتىدۇ.

3. قىزىقىش بولۇش كېرەك: ئادەتتە كىشىلەر «ئەستە تۇتۇش كىشىلەرنىڭ ياش قورامىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئارقىغا چېكىنىدۇ» دەيدىغان سۆزلەرگە ئىشىنىپ كېتىدۇ ھەمدە بۇنى فىزىئولوگىيىلىك قاراشنىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولماستىن ئاساسلىقى ياش قورامى چوڭ ئادەملەرنىڭ شەيئىلەرگە قىزىقىشى ۋە ھەۋەس قىلىشى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان. كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشى تۆۋەنلەپ كەتكەندە، مېڭىنىڭ ئىنكاس قىلىشى قاشاڭلىشىپ كېتىدۇ. شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىش قانچە كۈچەيسە كاللىنىڭ ھەرىكىتى شۇنچە جانلىنىدۇ.

4. چۈشىنىش لازىم: ئالدى بىلەن «چۈشىنىش» ئاندىن ئەستە قالدۇرۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇزۇن مۇددەت ئەستە قالدۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنلۇك يادلاش: زورمۇزور ئەستە قالدۇرۇش، يېرىم - ياتا بىلىش ھەتتا ھېچ نەرسە بىلمەسلىكتىن ئىبارەت خالاس.

تەلئەت ئەنۋەر (ت)

* * *

تۈزىتىش

گېزىتىمىزنىڭ 1990 - 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى «گۈلىستان» بېتىگە بېسىلغان «ئانا ۋە ئاتا» ناملىق شېئىرنىڭ 1 - مىسراسىدىكى «ئانام كۆڭلۈم كۆكىدە» نى «ئانام ئاي كۆڭلۈم كۆكىدە» دەپ؛ 5 - مىسرادىكى «ئاتا ئانامنىلا» نى «ئاتا ئانامنىڭ» دەپ؛ سەن QA» دىگەن شېئىرنىڭ 4 - مىسراسىدىكى «دۇرامەيلى سەدەپتە» دېگەننى «دۇر مەيلى سەدەپتە» دەپ؛ 5 - مىسرادىكى «ھەتتا جىق» نى «ھەتتا چىق» دەپ؛ 6 - مىسرادىكى «خانتەگرىچە» دېگەننى «خانتەڭرىگە» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى سورايمىز.

— تەھرىردىن





تىجارەت مەقسىدى ئېنىق بولۇشى كېرەك. بىرىنچىدىن، تىجارەت جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، ئىككىنچىدىن، «ئەگەر ئۆزەمنىڭ مېلى بازارغا سېلىنمىسا، ئىجتىمائىي ئىگىلىك نورمال ھەرىكەت قىلمايدۇ» دەيدىغان ئۆزىگە ئىشىنىش كۆز قارىشىنى ھازىرلىشى شەرت. شۇنداق قىلغاندىلا زور مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، سودىگەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاۋاتلىشىش، كاساتچىلىق بولۇشىنىڭ پەرقى ھېچ گەپ ئەمەس. ھەرقانداق شارائىتتا چوقۇم پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ياخشى مەھسۇلات سۈپىتىگە ئىگە بولۇش كېرەك.

بىرىنچىدىن، دۇكان ئالدىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئەھمىيەت بەرگەندىن كۆرە، دۇكان ئىچى - سىرتى مۇھىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، دۇكان

كۆرە، مەھسۇلاتنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن ياخشى.

ئىككىنچىدىن، مال ئالماشتۇرۇش ياكى قايتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، مال ساتقاندىكىدىنمۇ ياخشىراق مۇلايىم بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، «بۇ ماگىزىن ئىشەنچلىك» دېگەن قاراشنى ۋە شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ھەر ۋاقىت سېتىۋېلىشقا قولايلىق بولۇشنى ئويلاش كېرەك.

بىرىنچىدىن، مال جاھازلىرى چىرايلىق بولسىلا تىجارەت چوقۇم ياخشى بولۇشى ناتايىن، كىچىك ماگىزىننىڭ ئالدى گەرچە كۆزگە چېلىقمىسىمۇ، لېكىن خېرىدارلارغا قولايلىق بولسا، تىجارەت چوقۇم ياخشى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، شۇنى بىلىش كېرەككى، 100 يۈەنلىك خېرىدارغا سېلىشتۇرغاندا بىر يۈەنلىك خېرىدار ماگىزىننىڭ روناق تېپىشىنىڭ تۈپ ئاساسى.

ئۈچىنچىدىن، تىجارەتتىن ئىلگىرىكى خۇشامەتچىلىك، تىجارەتتىن

كۆپرەك مەھسۇلاتقا ئېرىشىشكە، يەنى ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە تىرىشىشى لازىم.

يۇسۇپ نىياز (ت)

* * *

كېيىنكى مۇلازىمەتكە يەتمەيدۇ. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا كونا خېرىدارلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

«خېرىدار ھەممىدىن مۇھىم» دېگەن سۆزنى ئەستە چىڭ ساقلاش لازىم.

بىرىنچىدىن، خېرىدارلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن كىشىلەردەك مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىك، ماگىزىننىڭ روناق تېپىش - تاپالماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، خېرىدارلارنىڭ تەنقىدىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرقانداق تەنقىدنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، مەبلەغ يېتىشمەسلىك قورقۇنۇچلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنۇچلۇقى ئىشەنچنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدا.

تۆتىنچىدىن، زورلاپ ساتماسلىق، خېرىدار ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى سېتىپ بەرمەستىن بەلكى خېرىدارغا پايدىلىق مالنى سېتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، بىر ۋاراق قەغەز سوغات قىلىنسىمۇ خېرىدارلار خۇشال بولىدۇ. سوغات بەرمەي، چىرايىڭىزدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ تۇرۇشىمۇ خۇددى ياخشى سوغات بەرگەنگە ئوخشاش.

ئالتىنچىدىن، بىر ۋاراق قەغەزنىڭمۇ خالىغانچە ئىسراپ بولىشى، ماگىزىندىكى ماللارنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

يەتتىنچى، مالنىڭ كەمچىل بولۇشىدىكى سەۋەپ، ماگىزىننىڭ كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىدە، شۇنىڭ ئۈچۈن خېرىدارلاردىن كەچۈرۈم سورىغاندىن كېيىن، يەنە تېزدىنلا مال يېتىپ كېلىدۇ، دەپ ئەسكەرتىش لازىم.

سەككىزىنچىدىن، توپ مال سېتىۋالىدىغانلارغا تېخىمۇ ئىللىق مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك.

ئەركىن ئۆمەر (ت)

* * *

ھۆسن تۈزەشتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب

جوڭخۇا مىللەتلىرى نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخقا ئىگە كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلە. مەيلى ھۆسن تۈزەش، پەرداز قىلىش جەھەتتە بولسۇن ياكى چاچ شەكلى، كىيىم - كېچەك جەھەتتە بولسۇن ھەممىسىدە مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى گۈزەللىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن.

شەرقلىقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. تېرە، بەدەن قۇرۇلۇشى، چىراي - شەكلى ۋە چېچەنىڭ يۇمشاق، يىرىكلىكى جەھەتلەردىمۇ روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا غەربلىكلەرنى قارىغۇلارچە دورىماسلىق كېرەك.

ئەلۋەتتە چەت ئەللىكلەرنىڭ ھازىرقى زامان ھۆسن تۈزەش، پەرداز قىلىش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگەنمەيمۇ بولمايدۇ. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ھۆسن تۈزەش، پەرداز قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، گىرىم بويۇملىرى ۋە تېرە ئاسراش بويۇملىرىنىڭ تېخىمۇ يېتىلىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق. بىراق بىز مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبقا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

گۈزەلنۇر مامۇت (ت)

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» يولى 8 - قورۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىناسى 9 - قەۋەت. گېزىت نەشر ھوقۇقى گۇۋاھنامە نومۇرى: 120. ئايلىق باھاسى 1.26 يۈەن، پارچە باھاسى 0.14 يۈەن.
«ئىشچىلار ۋاقتى گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى 228113، خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى 226065، پوچتا نومۇرى: 830002.

ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى

工人時報

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 00 15 / Z
ۋەكالەت نومۇرى 20 - 57 (ئومۇمىي 742 - سان)
ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدى

1992 - يىل
3
سېنتەبىر
(پەيشەنبە)
68 - سان

مۇھىم خەۋەرلەر

- ● جياڭ زېمىن، لى پېڭ ياپونىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى تيەنجۇڭ جياۋرۇڭ بىلەن كۆرۈشتى.
- ● ۋەن لى ئامېرىكىلىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.
- ● سابىق يۇگوسلاۋىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى خەلقئارا يىغىن يېپىلدى.
- ● يېڭى پۇل پاخاللىقى روسىيىنى ئەندىشىگە سالماقتا.

«1992 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنى» داغدۇغىلىق ئېچىلدى

لى پېڭ لېنتا كەستى ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمايىل ئەھمەد، سۇڭ خەنلياڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى تۆمۈر داۋامەت ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى گۇ يۇچياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى

لى پېڭ زۇڭلى كېڭىشىش يىغىنىغا «ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دوستلۇقنى كۈچەيتەيلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى

سۈرەتتە: رەئىس تۆمۈر داۋامەت ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىمەكتە. ئۆز مۇخبىرىمىز ئەن جوڭشۇ فوتوسى

ئۆز مۇخبىرىمىز تەلئەت ئەخەت خەۋەر قىلىدۇ: «1992 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنى» 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بۇ - غەربىي شىمالنىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، چېگرا شەھەر ئۈرۈمچى ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگەن بولۇپ، خۇشال - خۇرام بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى. خەلق سارىيى ئالدىدىكى گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ، قىزىل بايراق كۆك ئاسماندا جەۋلان قىلىپ تۇراتتى. ما-

سى كوزىيېتسوۋ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمايىل ئەھمەد ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، لى شۇشەن، ھامۇدۇن نىياز، جياڭ فۇشىن، جىن يۈنخۇي، ۋاڭ لېچۈەن، گوگاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلگەندە، مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىشلار ئۇزاققىچە ياڭرىدى.

ئۈرۈمچىدىكى كېڭىشىش يىغىنىغا رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ 1 - مۇئاۋىن مۇدىرى، دۆلەت ئىقتىساد - سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى گۇ يۇچياڭ «1992 - يىل-

ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىغا بولغان قىزغىن ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئېلىپ كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىغا رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى 15 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن مەخسۇس ئېچىلىش مۇراسىمىغا كەلگەن لى پېڭ زۇڭلىغا، جۇڭگو ۋە چەتئەللىك مېھمانلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى ھەم ئۇلارنى قىز-

ئۆتكىلى. غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دۇنياغا ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دوستلارنىڭ بۇ يەرلەرگە كېلىپ مەبلەغ سېلىشى، كارخانا قۇرۇشى، سودا ۋە ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇشى، ساياھەت قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ ۋە قوللايدۇ. ئۇ ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىنىڭ غەربىي شىمال رايونىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان، گۇاڭجۇ سودا يەرمەنكىسى، شاڭخەي سودا يەرمەنكىسى، خاربىن سودا يەرمەنكىسى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان ھەر تەرەپلىمە يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندۈرگەن بىر قىتئەلىك خەلقئارالىق ئىقتىساد - سودا مەركىزى.

ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىنىڭ توپ مەقسىتى كۆپلەپ دوست تۇتۇش، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، سودىنى راۋاجلاندۇرۇش،

ئۈرۈمچى سىزنى قارشى ئالىدۇ

ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز

باشماقالا

غەربىي شىمال رايونىدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن يەتتە تەرەپ تۇنجى قېتىم بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ئۈرۈمچى سودا كېڭىشىش مەركىزى — «1992 - يىللىق جۇڭگو ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنى» ئالتۇن كۈز پەسلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بۇنىڭ بىلەن، بىزنىڭ بۇ چېگرا شەھىرىمىز شاد - خۇراملىققا چۆمدى. بىز بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك مەركىزنى چىن قەلبىمىزدىن تەبرىكلەيمىز. ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەزىز مېھمانلارنى سەمىمىي قارشى ئالىمىز.

بىپايان زېمىن — شىنجاڭ ئۆزىگە خاس بايلىق ئەۋزەللىكىگە ۋە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە. لېكىن ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە قالاق ھالەتتە تۇرۇش، ئىدىيە جەھەتتە قامال قىلىش بۇ گۆھەر زېمىننى دېڭىز بويلىرىدىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلار بىلەن روشەن پەرقلەندۈردى. ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، ئىسلاھاتنى جانلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئارزۇسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزلىرى بىزگە تېخىمۇ چوڭ غەيرەت - شىجائەت بېغىشلىدى، قەدىمىمىزنى يەنىمۇ تېزلەتتى. ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئالغا سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھاتىنى تېزدىن بىر يېڭى بالداققا

ئاينىڭ 2 - كۈنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بۇ — غەربىي شىمالنىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئىشىكىنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، چېگراشەھەر ئۈرۈمچى ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگەن بولۇپ، خۇشال - خۇرام بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى. خەلق سارىيى ئالدىدىكى گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ، قىزىل بايراق كۆك ئاسماندا جەۋلان قىلىپ تۇراتتى. مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيگەن يۈزدىن ئارتۇق ھەر مىللەت قىزلىرى ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىپ لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.

سائەت 8 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ، قىرغىزىستاننىڭ 1 - مۇئاۋىن زۇڭلى-

مەت، جانابىل، لى شۈشەن، ھامىدىن نىياز، جياڭ فۇشىن، جېن يۇنخۇي، ۋاڭ لېچۈەن، گوگاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلگەندە، مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىشلار ئۇزاققىچە ياڭرىدى.

ئۈرۈمچىدىكى كېڭىشىش يىغىنىغا رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ 1 - مۇئاۋىن مۇدىرى، دۆلەت ئىقتىساد-سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى گۇ يۇڭجياڭ «1992 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنى» ھازىر رەسمىي ئېچىلدى، دەپ جاكارلىغاندا ھەربىي ئوركېستىر «ۋەتىنىمىزنى كۈيلەيمىز» دېگەن ناخشىسىنى ياڭراتتى، سانسىزلىغان كەپتەر غەربىي شىمالدىكى بەش

ۋاز قىلىشقا باشلىدى.

ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىغا رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى 15 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن مەخسۇس ئېچىلىش مۇراسىمىغا كەلگەن لى پېڭ زۇڭلىغا، جۇڭگو ۋە چەتئەللىك مېھمانلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى ھەم ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دېدى: شىنجاڭ جۇڭگونىڭ گۆھەر زېمىنى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم خەلقئارالىق

بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان. ئۇ، گۇاڭجۇ سودا يەرمەنكىسى، شاڭخەي سودا يەرمەنكىسى، خاربىن سودا يەرمەنكىسى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان ھەر تەرەپلىمە يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندۈرگەن بىر قېتىملىق خەلقئارالىق ئىقتىساد - سودا مەرىكىسى.

ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىنىڭ تۈپ مەقسىتى كۆپلەپ دوست تۇتۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، سودىنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى كېڭىشىش يىغىنىغا دۆلەت ئىچىدىن 67 سودا ئۆمىكى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنى ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

بىپايان زېمىن — شىنجاڭ ئۆزىگە خاس بايلىق ئەۋزەللىكى ۋە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە. لېكىن ئۇزۇن مۇددەت ئىقتىسادىي جەھەتتە قالاق ھالەتتە تۇرۇش، ئىدىيە جەھەتتە قامال قىلىنىش بۇ گۆھەر زېمىننى دېڭىز بويلىرىدىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلار بىلەن روشەن پەرقلەندۈردى. ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، ئىسلاھاتنى جانلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئارزۇسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزلىرى بىزگە تېخىمۇ چوڭ غەيرەت - شىجائەت بېغىشلىدى، قەدىمىمىزنى يەنىمۇ تېزلەتتى. ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئالغا سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىشىكىنى تېزدىن بىر يېڭى بالداققا كۆتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە كېڭىشىش يىغىنىغا قاتناشقان دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى يېڭى بازار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنى شىنجاڭلىق ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت. مۇشۇنداق رىقابەت سەھنىسىدە باشقىلارنىڭ تېخنىكىسى، مەبلىغى، تۈرلىرىنى كىرگۈزۈپ، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، رىقابەتكە قاتنىشىپ، ئۆزىمىزنى راۋاجلاندۇرىمىز. بۇنىڭدا «شىنجاڭنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشى، دۇنيانىڭ شىنجاڭنى چۈشىنىشى» كۇپايە قىلمايدۇ. «شىجيۇ ھارىقى» شىنجاڭغا كىرگەن يەردە، بىز نېمە ئۈچۈن دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقالمايمىز، نېمە ئۈچۈن «ئىلى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ديموكراتىيە يولى سودا سارىيى يىللىق تىجارەت ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن تۆت ئاي بۇرۇن ئورۇنداپ بولدى

ئۆز مۇخبىرىمىز **ۋارىس تاھىر** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە قەدەر، ئۈرۈمچى ديموكراتىيە يولى سودا سارىيى تىجارەت سوممىسىنى 24 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، پايدا - باجنى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا يىللىق ۋەزىپىنىڭ 101؛ 170 پىرسەنتىنى ئورۇنداپ، مۇددەتتىن تۆت ئاي بۇرۇن 1993 - يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ سودا سارايى 1990 - يىلى يېڭىدىن تىجارەت باشلىغاندا، مەبلەغ كەمچىل بولۇش، ئەسلىھەلەر تولۇق بولماسلىقتەك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەنىدى. بۇ پايدىسىز ئامىللارنى پايدىلىق ئامىلغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، رەھبەرلىك قايتا - قايتا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، «تۆتنى قويۇۋېتىش» سىناق نۇقتىسى خىزمىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش، ماللارغا مۇۋاپىق باھا قويۇش، ئىقتىدارلىق كادىرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش، پايدا - زىيانغا پۈتۈن خادىملار مەسئۇل بولۇشتەك چارە - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ مۇكەممەللەشتۈردى. بۇ ئارقىلىق سودا سارايى تىجارەت باشلىغان 1990 - يىلى سېتىش كىرىمىنى 14 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، زىيان تارتىش قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى. بۇ سودا سارايى بۇ يىلنىڭ بېشىدىلا بازار ئۇچۇرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن تەمىنلەشنى يولغا قويدى. مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىپ، مال ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت - كارخانىلار بىلەن كەسپىي جەھەتتە ئالاقە ئورنىتىپ، بازىرى ئىتتىك بولغان يۇڭ پوپايكا، گىلەم، كىرئالغۇ قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ يۆتكەپ كېلىپ، خېرىدارلارنى تەمىنلىدى ھەم مۇلازىمەت دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ھەر قايسى بۆلۈم، ئىشخانىلارغا مەخسۇس ئۇچۇر يەتكۈزۈش خادىملىرىنى سەپلەپ، بەزى چوڭ سودا سارايلىرى بىلەن بولغان ئۇچۇر ئالاقىسىنى ئورنىتىپ، ماللارنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. مال كېلىشى بىلەنلا رادىئو، تېلېۋىزورلاردا ئېلان بېرىپ، ئىستېمالچىلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ تۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئورۇن ماللارنى سىرتلارغا ئاپىرىپ سېتىشقىمۇ ئەھمىيەت بەردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

بۇ بەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى

ئەركىن ئۆمەر

ئۇچار تۆگە ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىنىڭ سىمۋولى قىلىندى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۈنەر - سەنئەت، گۈزەل سەنئەت تەتقىقات ئورنى لايىھىلىگەن «ئۇچار تۆگە» 1992 - يىللىق ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىنىڭ سىمۋولى قىلىندى.

رەسىمدىكى تۆگە ئادەتتىكى ھايۋان ئەمەس، ئۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدا، جۇڭگو - غەرب مەدەنىيىتى، ئىقتىساد ۋە سودىسىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ ھەم «چۆل كېمىسى»، «يىپەك يولى» دېگەندەك ئوخشاش سۆزلەر بىلەن تەمسىل قىلىنىپ كەلگەن رىشتىنىڭ سىمۋولى.

رەسىمدىكى تۆگىنىڭ كۈچلۈك قاناتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، چىڭ سىقىلغان ئىككى قول «ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق»قا، ئىقتىسادىي ئالاقە ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ۋە يۈكسەلدۈرۈشكە سىمۋول قىلىنغان.

كېڭىشىش يىغىنى ھەققىدە خەۋەرلەر

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر، ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىنى خەۋەر قىلىشقا كەلگەن جۇڭگو ۋە چەتئەللىك مۇخبىرلارنىڭ سانى 300 دىن ئېشىپ كەتتى. بۇلار ئىچىدە گېرمانىيە، ياپونىيە، ئوكرائىنا، روسىيە، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن 24 كىشى، مەركەزدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىدىن 24 كىشى، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە ئاپتونوم رايون ھەمدە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستتىن كەلگىنى 264 كىشى. مۇشۇنداق كۆپ جۇڭگو ۋە چەتئەل مۇخبىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە يىغىلىشى، ئۈرۈمچى تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(تەلئەت ئەخەت)

ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان جۇڭگو ۋە چەتئەل مۇخبىرى 300 دىن ئاشتى

ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنى ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

چەرچەن ناھىيىسىگە تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز. يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك مېتال ئىدارىسىغا قاراشلىق ترانسپورت شىركىتىنىڭ رېمونت زاۋۇتى ئەۋەتكەن تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى چەرچەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇتىدا پىكاپ رېمونت قىلىشتىكى قىسمەن ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىنى ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ تېخنىكىنى شۇ جايدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۆگىتىپ، بۇ چەت ناھىيىنىڭ پىكاپ رېمونت قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى.

چەرچەن ناھىيىسىنىڭ تېخنىكا كۈچى ئاجىز بولغاچقا، پىكاپ رېمونت قىلىش جەريانىدا پىكاپ سايمىنىنى يۆتكەش، پىكاپ گەۋدىسىنىڭ مۇھەملىقى ۋە سىرلاش قاتارلىقلارنىڭ تېخنىكا تەدبىرلىرىدە ئىنتايىن قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەن.

بۇ يىلىنىڭ بېشىدا، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇتى سىرتقا ئادەم ئەۋەتىپ تېخنىكا ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك مېتال ئىدارىسىغا قاراشلىق ترانسپورت شىركىتىنىڭ رېمونت زاۋۇتى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، تېزلىك بىلەن تېخنىكا تايانچلىرىدىن تەركىب تاپقان تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا چەرچەنگە ئەۋەتىپ، شۇ جايدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پىكاپ رېمونت قىلىشتىكى قىسمەن تېخنىكىلارنى ئۆگىنىۋېلىشىغا قىزغىن ياردەم بەردى. تېخنىكا جەھەتتە ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بىر تەرەپتىن نەزەرىيە سۆزلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈلگە كۆرسىتىپ، شۇ جايدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىشلىدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇتىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكا ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ زاۋۇتنىڭ شۇ ئايلىق مەھسۇلات قىممىتىنى 70 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزدى.

ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ئۇدا ئۈچ يىل زاۋۇت بويىچە ئىلغار بولۇپ كېلىۋاتقان ئاقبۇلاق نېفىت ئېلىش زاۋۇتى ئاپتوموبىل رېمونت سېخىنىڭ ئىشچىسى تۇرغۇن ياسىن نەتىجە ئالدىدا قىلچە قانائەتلەنمەي، تېخىمۇ قاتتىق ئىشلەپ، 1 - ئايدىن 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 1505 سائەت ئىش ۋاقتىنى ئورۇنداپ، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا سەككىز ئاينىڭ ئىشىنى قىلىپ بولدى.

سۈرەتتە: تۇرغۇن ياسىن ئىش ئۈستىدە.

ئوبۇل مۇھەممەت فوتوسى

ئىلى ۋىلايەتلىك تەمىنات - سوداكوپېراتىپىنىڭ ترانسپورت 1 - ئاپتوموبىل ئەترىتى

كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

ئىلى ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ ترانسپورت 1 - ئاپتوموبىل ئەترىتى كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ئىچكى قىسمىدا دادىل ئىسلاھات

بىرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇردى. بۇ جەريانىدا ئۇلار ئالدى بىلەن ياش، كەسىپكە پۇختا ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرنى رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە سەپلىدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بىر يۈرۈش مۇكەممەل تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، ئىش ھەققىنى

تېجەپ قېلىندى. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان بۇ ئەترەت يەنە 1 مىليون 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرز ئېلىپ، يېڭى تىپتىكى «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن 20 نى سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىل ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتى تېزلىشىپ، 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئومۇمىي يۈك توشۇش مىقدارى 4 مىلـ

ئاقتۇ ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى قۇردى

پامىر تېغى ئېتىكىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان ئاقتۇ ناھىيىسى دەسلەپكى مەزگىلدە ئارانلا بىر كىنوخانا، بىر مەدەنىيەت يۇرتى بولغاچقا ئاممىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش تەلىپىنى قاندۇرالماي كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ھەر قايسى يېزا - كەنتلەردە كىنو قويۇش ئەترىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، كۇتۇپخانا قاتارلىق مەدەنىيەت سورۇنلىرى بارلىققا كېلىپ ۋە جانلىنىپ تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغان بولسىمۇ، ئەمما ناھىيە بازىرىدا ئامما كۆڭۈل ئاچقۇدەك بىرەر كۇلۇب بولمىغاچقا كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى دېگەندەك جانلانمىغانىدى. ئۇزۇندىن بۇيان بۇ ئىشقا دىققەت قىلىۋاتقان ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يېقىندا 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى قۇرۇپ 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن تارتىپ كەچلىك پائالىيەتنى باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى تېخىمۇ بېيىدى.

سايرا يۈسۈپ



خوتەن ۋىلايەتلىك دۆۋا كۆمۈر كېنى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆپ ئىشلىگەن كۆپ ھەق ئېلىش پرىنسىپىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ ئىشچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، نەتىجىدە بۇ كۆمۈر كان 1 - ئايدىن 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر 89 مىڭ 920 توننا كۆمۈر قېزىپ، 4 مىليون 209 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي قىممەت ياراتتى.

سۈرەتتە: قايتۇرۇپ قېزىش سېخىدىكى ئىشچىلار كان ئىچىدىكى كۆمۈرلەرنى سىرتقا يۆتكىمەكتە.

جاپپار يۇنۇس فوتوسى

تەدبىرلىك كۇلالچى

ۋاھاپ ناسىر

يېڭىسار ناھىيە ماڭشىن يېزىسى 9 - كەنت 4 - مەھەللىدىكى كۇلالچى ئىلى ئەمەت ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەتنى زامانىۋى ئۇسۇل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ گۈزەل، نەپىس، ساپال قاچا ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

40 ياشلاردىن ئاشقان، قولى چېۋەر غەيرەتلىك ئىلى ئەمەتنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ داڭلىق كۇلالچىلاردىن بولۇپ، ئۇ 10 يېشىدىلا دادىسىدىن بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، ھۈنەر - سەنئەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ داڭلىق كۇلالچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ ئۆز ھۈنىرىنى ئەمدى مۇكەممەللەشتۈرۈپ مېۋىسىنى كۆرۈشكە باشلىغاندا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»

ئۇنىڭ ئىشلىرى توختاپ قالدى. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى ۋە ئىسلاھاتىنىڭ شامىلى يېزىلارغا يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئۇنىڭ كۇلالچىلىق ئىشلىرى قايتىدىن گۈللىنىشكە باشلىدى. ئىلى ئەمەت ئىشنى ئالدى بىلەن مەھسۇلات تۈرىنى ئاپتۇچىلاپچا، جىزا قاچىسى، قەندان، گۈل لوڭقىسى، ياغ كۈپچىسى، چۆگۈن قاتارلىق 32 خىلغا كۆپەيتىشتىن باشلىدى. ئۇ ياسىغان ساپال قاچا - قۇچا بۇيۇملىرى ئۆزىنىڭ نەپىس، ئەمەلىيلىقى، پاقىراقلىقى ۋە چىدامچانلىقى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا بازىرى ئىتتىك مالغا ئايلاندى. ئۇنىڭ بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرى

بويىچە قول سانائەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىگە قويۇلۇپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىمۇ ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلدى. ئۆتكەن يىلى چەت ئەلدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ئىلى ئەمەتنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ نەپىس ھۈنەر - سەنئەتتىكى ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتىشتى.

ئۆز كەسپىنىڭ قەدرى قىممىتىگە يەتكەن ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن ئىلى ئەمەت تېخىمۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، مىللىي تۈسكە ئىگە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ مەھسۇلاتلىرىنى تېخىمۇ

ئۈنۈمگە ئېرىشتى

ئىلى ۋىلايەتلىك تەمىنات – سودا كوپىراتىپىنىڭ ترانسپورت 1 – ئاپتوموبىل ئەترىتى كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئىشلەپچىقىرىشىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ئىچكى قىسمىدا دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

بۇ ئەترەت ئىلى ۋىلايىتىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ماددىي ئەشيا، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كىرگۈزۈش ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سىرتقا توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، رەھبەرلىك بەنزىسى چېچىلاڭغۇ بولۇش، ئاپتوموبىللار كونىراپ كېتىش تۈپەيلىدىن، ئىشلەپچىقىرىشقا ئېغىر تەسىر يەتكەندى. بۇ خىل ئەھۋالنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئەترەت رەھبەرلىكى ئالدىنقى يىلدىن باشلاپ، ئىچكى قىسمىدا بىر يۈرۈش ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇردى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئالدى بىلەن ياش، كەسپكە پۇختا ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرنى رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە سەپلىدى. ئىشچى – خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بىر يۈرۈش مۇكەممەل تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، ئىش ھەققىنى ئىش ئۈنۈمىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇكاپاتلاش، جازالاش چارىسىنى ۋە ھەر خىل ئەمگەك مۇسابىقىلىرىنى يولغا قويدى. ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئىشچى – خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىراكىنى كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن كۈچلىرىدىن پايدىلىنىشقا ياخشى مۇھىت ھازىرلىدى. نەتىجىدە ئىشچى – خىزمەتچىلەر بۇرۇن سىرتقا قالدۇرىدىغان ئىشلارنى ئۆزلىرى قىلىدىغان، كونا ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلىپ ماڭدۇرىدىغان، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى. پەقەت بۇيىلىنىڭ دەسلەپكى ئالتە ئېيى ئىچىدىلا رېمونت ھەققىدىن 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق خىراجەت تېجەپ قىلىندى. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان بۇ ئەترەت يەنە 1 مىليون 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرز ئېلىپ، يېڭى تىپتىكى «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن 20 نى سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىل ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتى تېزلىشىپ، 6 – ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئومۇمىي يۈك توشۇش مىقدارى 4 مىليون 970 مىڭ تونا – كىلومېتىر ئورۇندىلىپ، ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 3 مىليون 33 مىڭ تونا – كىلومېتىر ئاشتى.

ئەنۋەر تۇرسۇن

* * *

(بېشى 1 – بەتتە)

بۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ئاقسۇ، قەشقەر، شىخەنزە، چۆچەك قاتارلىق ئورۇنلارغا 380 ئادەم (قېتىم) ئەۋەتىپ، پارچە، توپ مال سېتىپ، 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇسودا سارايى ھەر تۈرلۈك سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى – خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۆتكەن يىلى قانات يايدۇرغان «ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش كۆچمە قىزىل بايراق» مۇسابىقىسى ئاساسىدا، بۇيىل يەنە «ئەلا مۇلازىمەت قىلىش كۆچمە قىزىل بايراق» مۇسابىقىسى بىلەن «باشقۇرۇشنى تۈزۈتۈپ، تۆۋەندە بەسلىشىش كۆچمە قىزىل بايراق» مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس پىكىر ساندۇقى، پىكىر دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ھەپتىدە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، ئايدا بىرقېتىم باھالاپ، ئامما ئالدىدا ئاشكارا ئېلان قىلدى. نەتىجىدە ئىشچى – خىزمەتچىلەرنىڭ ئەلا مۇلازىمەت قىلىش ئاڭلىقلىقى ئېشىپ، ئاممىنىڭ تەشەككۈر خېتى كۈندىن – كۈنگە كۆپەيدى. بۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا بۇ ئورۇن ئاممىنىڭ 10 پارچە تەشەككۈر خېتى، 121 پارچە پىكىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۇلار ئىچىدىن 13 كىشىنى تەقدىرلىدى.

(بېشى 1 –بەتتە)

ئالىي ھارىقى»غا مەدھىيە ئوقۇمايمىز؟ شىنجاڭ دۇنياغا يۈزلىنىشكە مۇھتاج، شىنجاڭ جەزمەن دۇنياغا يۈزلىنەلەيدۇ.

دۇنياغا داڭقى چىققان «يىپەك يولى» دۇنياغا ئاللىبۇرۇنلا قەدىمكى گۈللەنگەن زامانىنى نامايەن قىلاتتى. بۈگۈنكى كۈندە، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا قاتناش باشلاندى. ياۋروپا – ئاسىيا 2 – چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كۆۋرۈكى تۇتاشتۇرۇلدى، چېگرا ئېغىزى ئېچىۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسى دۇنياغا داغدام ئېچىلدى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىدىن ئىبارەت بۇ سەھنىدە، تىرىشچان، پاراسەتلىك شىنجاڭلىقتا جەزمەن زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشىگە ئالتۇن قانات ئاتا قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى كېڭىشىش يىغىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا شىنجاڭنى تەشۋىق قىلىشىمىزدىكى ياخشى پۇرسەت. شۇنداقلا تۈرلۈك خىزمەت سەۋىيىمىزنى نامايەن قىلىدىغان بىر قېتىملىق پۇرسەت، بىز ئوبدان ساھىپخان بولۇپ، ئەزىز مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، شىنجاڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز ئۈچۈن شان – شەرەپ كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە چىن قەلبىمىزدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

ئاتا – بوۋىلىرىمۇ داڭلىق كۇلالچىلاردىن بولۇپ، ئۇ 10 يېشىدىلا دادىسىدىن بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، ھۈنەر – سەنئەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ داڭلىق كۇلالچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ ئۆز ھۈنىرىنى ئەمدى مۇكەممەللەشتۈرۈپ مېۋىسىنى كۆرۈشكە باشلىغاندا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ،

گۈل لوڭقىسى، ياغ كۈپچىسى، چۆگۈن قاتارلىق 32 خىلغا كۆپەيتىشتىن باشلىدى. ئۇ ياسىغان ساپال قاچا-قۇچا بۇيۇملىرى ئۆزىنىڭ نەپىس، ئازەمدارلىقى، پاقىراقلىقى ۋە چىداملىقلىقى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا بازىرى ئىتتىك ماللارغا ئايلاندى. ئۇنىڭ بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرى 1992 – يىلى 4 – ئايدا مەملىكەت

ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتىشتى.

ئۆز كەسپىنىڭ قەدرى قىممىتىگە يەتكەن ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن ئېلى ئەھمەت تېخىمۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، مىللىي تۈسكە ئىگە ھۈنەر – سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ مەھسۇلاتلىرىنى تېخىمۇ بازار تاپقۇزدى.

ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاشپەز

قاراماي نېفىت ئېلىش1 – زاۋۇتى مىللىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىنىڭ پېشقەدەم ئاشپېزى روزى سېيىت 32 يىلدىن بۇيان، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 – سەپىدە جەڭ قىلىۋاتقان ھەرمىللەت ئىشچى – خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. ئۇ، تاماق تۈرلىرىنىڭ كۆپ ۋە تەملىك بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاشخانىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا باشلامچىلىق رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇدا 14 يىل زاۋۇت ۋە ئىدارە دەرىجىلىك ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى؛ ئۇدا بەش يىل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ، زاۋۇت بويىچە شەرەپكە ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن شەخسكە ئايلاندى. زاۋۇت يېقىندا ئۇنىڭغا «3 – دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئاشپەز» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىپ تەقدىرلىدى.



سۈرەتتە: روزى سېيىت تاماق ئۇسماقتا.

ئابدۇھامۇت ئەبەيدۇللا خەۋىرى ۋە فوتوسى

(بېشى 1 – بەتتە)

668 زاۋۇت، كارخانا، شىركەت ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى، ھىندىستان، ئىران، ئافغانىستان، پاكىستان، موڭغۇلىيە، ياپونىيە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق 30 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 8000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. ئۇيۇشتۇرغۇچى ئورۇنلار ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، نېفىت – خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، دورا، يېمەكلىك، مېتاللورگىيە، ئېنېرگىيە، قاتناش، پوچتا – تېلېگراف قاتارلىق كەسپلەرنىڭ 1000 خىلدىن ئارتۇق كېڭىشىش تۈرىنى قويدى.

بۇ قېتىمقى كېڭىشىش يىغىنى مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يۈكسەك ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشتى.

لى پېڭ زۇڭلى كېڭىشىش يىغىنىغا «ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دوستلۇقنى كۈچەيتەيلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. تيەن جىيۈن، سەيپىدىن ئەزىزى، ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىقلارمۇ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقامنىڭ شادلىق ناۋالىرى ئىچىدە كۆلرەڭ كاستيۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، يۈزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان لى پېڭ زۇڭلى يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا لېنتا كەستى. لېنتىنىڭ كېسىلىشى بىلەن مەيداندا ئالقىش سادالىرى ياڭراپ، سانسىزلىغان رەڭدار شارلار ئاستا – ئاستا كۆككە كۆتۈرۈلدى، داقا-دۇمباق، ناغرا – سۇنايلارنىڭ ساداسى يەر جاھاننى لەرزىگە سېلىپ، ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى.

بۈگۈنكى ئېچىلىش مۇراسىمىغا يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۇڭخۇي، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى بەي چىڭسەي، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ جىنتاڭ، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چىڭ فاگۇاڭ، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەي جۇلىن، شىئەن شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماجىنخۇا، ۋە روسىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، موڭغولىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ قاتناشتى.

بۇ بەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى
پەخىرنىسا ئابدۇللا

ئەۋلاد كۇلۇبى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىماتقا پائال قاتنىشىشى كېرەك

جياڭ خەي

ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى كارخانىلارغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئاشتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى بۇرۇنقىغا مۇناسىپ ھالدا ئاشتى. لېكىن تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىق مەسىلىسى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغاچقا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتمەكتە. كارخانىلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىماتقا پائال قاتنىشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، كارخانىلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

بىرىنچى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىماتقا پائال قاتنىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى

بۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ مۇھىم يولى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ يادروسى. لېكىن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتى مۇقەررەر ھالدا كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاساسىدا قۇرۇلۇشى كېرەك. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشىلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىمات مەسىلىسى يەنىلا كارخانا باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم پىشاڭى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. ئەمەلىيەتتە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىماتقا قاتنىشىشى ئارقىلىق، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىگە، ئۆزى خوجا بولۇش ئورنىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئىشلەپچىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى، شۇ ئارقىلىق كارخانا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى تۈپتىن قوغدىغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىماتقا قاتنىشىشى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كارخانا باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىدىكى ياخشى پۇرسەت، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى دېموكراتىك باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ مۇھىم يولى.

ئىككىنچى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىماتقا قاتنىشىشىدىكى بىرنەچچە نۇقتا

1. بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىماتقا قاتنىشىش دېموكراتىك ئىگىنى كۈچەيتىپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش بېجىرىش كېرەك.

كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىمات ئادىل بولماسلىق ئەھۋالىنى جىددىي ئۆزگەرتىشكە، كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ھەمدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەقسىماتقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن پائال قاتنىشىشقا تەربىيىلىشى، تەقسىمات ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بىزنىڭ دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنى تەقسىم قىلىش ھەم ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولۇشى، ھەم ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىققا، رەھبەرلىك بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشقا ۋە كارخانا تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇشى كېرەك.

2. كارخانىلارنىڭ ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق، توغرا بېكىتىشكە قاتنىشىش. ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىنىڭ ئىلمىي ۋە مۇۋاپىق بولۇشى كارخانىلاردىكى ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۇرۇش - ئېرىشتۇرەلمەسلىكىنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى تەقسىمات ئادىل بولماسلىق ۋە ئۈچ تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئاستىن - ئۈستىن بولۇپ كېتىش زىددىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش نۇقتىسىدۇر. ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، قول يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ خېيىم - خەتىرى چوڭ بولىدۇ. ھۆددىگە ئالغۇچى ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمايدۇ. ئەكسىچە، ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچى بەك تۆۋەن بولۇپ كەتسە، ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا، كۆپ نەپكە ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كارخانىنىڭ ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق بېكىتىشكە قاتنىشىشى كېرەك.

3. كۆرسەتكۈچنى مۇۋاپىق تاللاش، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، تەقسىمات بىلەن چېتىشقا قاتنىشىش كېرەك.

نۆۋەتتە، كارخانا ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى چېتىش كۆرسەتكۈچى، ئاساسلىقى، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان باج - پايدا، ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساپ پايدا، ئەڭ ئاخىرقى مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى قاتارلىقلار. ھەر قايسى كارخانىلار ئۆز كارخانىسىغا ماس كېلىدىغان چېتىش كۆرسەتكۈچىنى ھەم زۆرۈر تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرىنى، مەسىلەن، سۈپەت، تەننەرخ، سەرپىيات، بىخەتەرلىك قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەرنى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى ۋە ئەمەلىي ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرىنى تاللىشى كېرەك.

4. بارلىق خادىملارنىڭ خېيىم - خەتەردە مەسئۇلىيەتنى گەرەنگە قويۇپ، تەقسىمات ئادىل بولماسلىق زىددىيىتىنى پەسەيتىش كېرەك.

نۆۋەتتە كارخانىلارنى ھۆددىگە ئالغۇچىدا «خەۋپ - خەتەرنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىش، مەنپەئەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش» پرىنسىپى تېخى تولۇق گەۋدىلىنىپ كەتمىدى. ھۆددىگە ئالغۇچى ۋە ئەمگەكچىلەرگە بولغان بېسىم يوق، ئىقتىسادىي جەھەتتە خەتەر چوڭ بولمىغاچقا، بۇ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بارلىق خادىملارنىڭ خېيىم-خەتەردە مەسئۇلىيەتنى گەرەنگە قويۇشنى پائال يولغا قويۇپ، ھۆددىگە ئالغۇچى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى، خېيىم - خەتەر بىلەن كارخانىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كارخانىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى چەكلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ھۆددىگە ئالغۇچى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ھۆددىگە ئالغۇچىلارنىڭ پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك. بۇ، مەبلەغ توپلاپ، ئىستېمال مەبلىغىنى ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىگە ئايلاندۇرۇشقا، كۆپچىلىكنىڭ كارخانىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى قوزغاشقا پايدىلىق.

5. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش تەربىيىسىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىستېمال بىلەن جۇغلانمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك

ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى تەربىيە بىلەن ماددىي رىغبەتلەندۈرۈشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، قىسمەن مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇش كۆز قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەش كېرەك.

ئايشەمگۈل ئايۇپ (ت)

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خاراكتېرى

2. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاممىۋىلىقى

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاممىۋىلىقى ۋە سىنىپىيلىقى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خاراكتېرىنىڭ ئىككى ئاساسىي خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاممىۋىلىقى سىنىپىيلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئىشچىلار سىنىپى دائىرىسى ئىچىدىكى ئاممىۋىلىق، بۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە غەيرىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمەن قاتناشسا بولىدىغان باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا ئوخشىمايدۇ. ھالبۇكى سىنىپىيلىقى بولسا ئاممىۋىلىقىنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇ پۈتۈن ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان سىنىپىيلىقتۇر. ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەت قاتارلىق باشقا ئىشچىلار سىنىپىيلىقى بىلەن ئاممىۋىلىقى دىئالېكتىكىلىق بىرلىك.

چىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكى ۋە كونا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەزھەپچىلىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلىي ئەزالىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىكى بىلەن زىت كېلىدۇ. ئەكسىيەتچىلىك بىلەن مەزھەپچىلىك ئىشچىلار سىنىپىي قوشۇنىنىڭ پارچىلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كەڭ ئىتتىپاقلىشىش، بىرلىشىشىگە توسالغۇ بولىدۇ.

يېڭى «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى»نىڭ 3 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «جۇڭگو زېمىنىدىكى كارخانا ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىدارىلەردىكى مائاش كىرىمىنى ئاساسلىق تۇرمۇش مەنبەسى قىلغان جىسمانىي ئەمگەكچىلەر ۋە ئەقلىي ئەمگەكچىلەر مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، دى-

ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتى توغرىسىدا

ليۇ جېنجاڭ

[illegible]

يېڭى «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى»نىڭ 14 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا، «ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ھەق - تەلەپ قانۇنىنىڭ [illegible] بەلگىلەنگەن قانۇنىي ئىگىلىك [illegible]

قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىدىن ئىبارەت ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ھەق - تەلەپ ھوقۇقىنى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق، جانلىق قوغداشقا پايدىلىق.

ئىككىنچى، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەق [illegible]

دا، كەسپىي ئورۇنلارنى قۇرۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئېچىپ، ياخشى قانات يايدۇرۇش ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن ماددىي ئاساس يارىتىدۇ. بەزى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئاساسىي قاتلام [illegible]

...ھۆددىگەرلىك كۆرسەت- بارلىق خادىملارنىڭ خىزمەت ئەر-

ئايشەمگۈل ئايۇپ (ت)

نىپىيلىقى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خاراكتېرىنىڭ ئىككى ئاساسىي خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاممىۋىلىقى سىنىپىيلىقنى ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ. ئىشچىلار سىنىپى دائىرىسى ئىچىدىكى ئاممىۋىلىق، ئۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە غەيرىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمەن قاتناشسا بولىدىغان باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا ئوخشىمايدۇ. ھالبۇكى سىنىپىيلىقى بولسا ئاممىۋىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇ پۇختا ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان سىنىپىيلىقتۇر. ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەت قاتارلىق باشقا ئىشچىلار سىنىپىيلىقى بىلەن ئاممىۋىلىقى دىيالېكتىكىلىق بىرلىك.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاممىۋىلىقى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىكى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئايرىم ساھەدىكى قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەشكىلاتى بولماستىن، بەلكى كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ تەشكىلاتى. ئۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ ۋە بىرلەشتۈرىدۇ. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەرگىزمۇ ئايرىم ساھەنىڭ، قىسمەن ئىشچىلارنىڭ تەشكىلاتى بولماستىن، ئىمكانقەدەر كەڭ ئاممىنىڭ تەشكىلاتى بولۇشى كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللەنمىگەن ئىشچىلارنى ئۆزىنىڭ قوشۇنىغا جەلپ قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. لېنىنمۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلىي ئەزالىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىكىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەقىقىي ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم ئالامىتى قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پەقەت ئىنتايىن كەڭ پارتىيىسىز ئىشچىلار ئاممىسىنى بىرلەشتۈرگەندىلا، ھەقىقىي ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھېسابلىنىدۇ».

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلىي ئەزالىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىكى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي پارتىيىسى بىلەن بولغان پەرقىدە ئىپادىلىنىدۇ. پارتىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغارلىرىدىن تەشكىللەنگەن، ھالبۇكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئىشچىلار سىنىپىدىكى ئوتتۇرا قىسمى ۋە ئارقىدا قالغان قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلىي ئەزالىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىكى يەنە ئۇنىڭ سېرىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە كونا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بولغان پەرقىدە ئىپادىلىنىدۇ. سېرىق ئىش

مىسى تەشكىلىي ئەزالىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىكى بىلەن زىت كېلىدۇ. ئەكسىيەتچىلىك بىلەن مەزھەپچىلىك ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىنىڭ پارچىلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كەڭ ئىتتىپاقلىشىش، بىرلىشىشىگە توسالغۇ بولىدۇ.

يېڭى «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» نىڭ 3 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «جۇڭگو زېمىنىدىكى كارخانا ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىدارىلەردىكى مائاش كىرىمىنى ئاساسلىق تۇرمۇش مەنبەسى قىلغان جىسمانىي ئەمگەكچىلەر ۋە ئەقلىي ئەمگەكچىلەر مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، دىنىي ئېتىقادى، بىلىم دەرىجىسىگە قارىماي، قانۇن بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە».

ئىككىنچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى تەشكىللەشتىكى ئىختىيارلىقى. يېڭى «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» نىڭ 2 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىختىيارىي بىرلەشكەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى». ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلىگە مۇشۇنداق ئىختىيارىي بىرلىشىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى مەزمۇنى بار: بىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارىي بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەقىقىي تۈردە تەشەببۇسكار، ئاڭلىق، ئىختىيارىي ھالدا تەشكىللىگەن ئاممىۋى تەشكىلاتقا ئايلاندۇرۇش. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قانۇن بويىچە قاتنىشىش ۋە ئۇنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى بولماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ ھوقۇقى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىختىيارىي قىلىش ياكى ئىختىيارىي قىلماسلىقى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىش ياكى قاتناشماسلىقى، ئۇنى ئۇيۇشتۇرۇش ياكى ئۇيۇشتۇرماسلىقىنىڭ ئاساسى، يەنە بىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئېلىپ بارغان پائالىيەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىختىيارلىقى ئاساسىدا بولۇش كېرەك.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاممىۋىلىقى ئۇنىڭ تەشكىلىي ئەزالىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىكى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى تەشكىللەشتىكى ئۆز ئىختىيارلىقىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە گەۋدىلىنىدۇ، بۇ ئىككى تەرەپ بىر بىرىگە باغلانغان بولىدۇ، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭدىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلىنىڭ ئاممىۋىلىق ئالاھىدىلىكى شەكىللەنگەن. (2)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» توغرىسىدا لېكسىيە

ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتى توغرىسىدا

لىيۇ جىچىك

يېڭى «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» نىڭ 14 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا: «ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ھەق - تەلەپ قانۇنىنىڭ تەپسىلىي قائىدىسىدە بەلگىلەنگەن قانۇنىي ئىگە بولۇش شەرتىنى ھازىرلىسا، قانۇن بويىچە ئىجتىمائىي تەشكىلات سۈپىتىدىكى قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ زۆرۈر بولغان ھەق - تەلەپ پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەق - تەلەپ ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە پايدىلىق.

ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنىي ئىگىلىك ھەق - تەلەپ ھوقۇقى مال - مۈلۈكلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى، قەرز ھوقۇقى، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى، نام - شۆھرەت ھوقۇقى، نام قويۇش ھوقۇقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئىگە بولۇشى لازىم. بەزى كارخانىلار ئۆز مەيلىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، قوشۇۋەتتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئىگىلىۋالدى. بۇ خىل ھەرىكەتلەر «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى»، «كارخانا قانۇنى»غا خىلاپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەق - تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگىمۇ خىلاپ. ئۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مال - مۈلۈك ھوقۇقى ۋە نام قويۇش ھوقۇقى قاتارلىقلارغا تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ. ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ھەق - تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىدىن ئىبارەت ۋاسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ھەق - تەلەپ ھوقۇقىنى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق، جانلىق قوغداشقا پايدىلىق.

ئىككىنچى، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەق - تەلەپ پائالىيىتى داۋامىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدۇ.

ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ھەق - تەلەپ قانۇنى مۇناسىۋىتىگە قاتناشقاندىلا قانۇن بويىچە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالمىسا، تېگىشلىك بولغان ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقى بىر خىل قانۇنىي جاۋابكارلىق. ئۇ ھەق - تەلەپ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلارغا قارىتا قانۇندا بەلگىلەنگەن بىر خىل جازالاش تەدبىرى. ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتى بېرىش ھەم ئۇنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا پايدىلىق، ھەم ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، ھەق-تەلەپ مۇناسىۋىتىگە قاتناشقان ۋاقىتتا ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئەستايىدىل (جىددىي) بولۇش لازىملىقىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ خىل ئۆزىگە ئۆزى مەسئۇل بولۇش تەلىپى يەنە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈرلۈك باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بەزى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىسلاھات داۋامىدا قانۇن ۋە سىياسەتلەرنىڭ بەلگىلىمىسى يول قويغان دائىرىدە ئىجتىمائىي ئېھتىياج ۋە ئۆزىنىڭ شەرت - شارائىتىگە ئاساسەن بەزى بىر كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى قۇرۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىغا مۇلازىمەت قىلىشى ئۈچۈن ماددىي ئاساس يارىتىدۇ. بەزى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قارمىقىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدە سۈپىتىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل بولۇپ، كارخانا ياكى كەسپىي ئورۇننىڭ قانۇنىي ئىگىلىكى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن؛ بەزى كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار بولسا پەقەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاچقان بىر تۈرلۈك كەسىپلا بولۇپ تۇرىدۇ. مال - مۈلۈك جاۋابكارلىقىنى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق. كۆپ قىسىم ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شەرت - شارائىت ھازىرلىغان بولۇپ، ھەق - تەلەپ پائالىيىتى داۋامىدا تەبىئىي ھالدا ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدۇ. ئەلۋەتتە، دۆلىتىمىزدە ھازىر بار ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىچىدە بەزى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئادەم سانى ئاز، خىراجەت ۋە مال - مۈلكىمۇ ئاز، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ مال-مۈلكىمۇ يوق، شۇڭا ئۇلارنىڭ تېگىشلىك ھەق-تەلەپ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشتا قىيىنچىلىقى بار. بۇنداق بىر قىسىم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە - ئىگە ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا، ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ھەق - تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بېكىتىش لازىم.

تۇردى ئىسمائىل (ت)

ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى

工人时报

● ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ ● «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلىدۇ
● مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65—0015/Z ● ۋەكالەت نومۇرى 20 - 57

1995 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (شەنبە) (1006 - سان)

مۇھىم خەۋەرلەر

- لى پېڭ ئەنگلىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى ساچېر خانىم بىلەن كۆرۈشتى.
- ئىراق ئۆزىنىڭ توڭلىتىپ قويۇلغان مال - مۈلۈكلىرىنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى.
- ياپونىيە باش ۋەزىرى سۇنشەن فۇشى ياپونىيىنىڭ ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئېتىراپ قىلدى.
- غالى سابىق يۇگوسلاۋىيىدە ئۇرۇشلۇق تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنى ئۈچكە بۆلۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش خىزمىتى دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز تەلئەت ئەخەت خەۋەر قىلىدۇ: ئۆتكەن يىل 8 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالتاي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھازىرغا قەدەر، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش نىسبىتى 63.3 پىرسەنتكە، بەزى جايلاردا 100 پىرسەنتكە يەتتى.

1994 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، كارخانا سانى ۋە كەسىپ دائىرىسى جەھەتتىن ئەھۋال ئىگىلەپ، بۇ خىزمەتنى قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلاشتۇردى. شىنجاڭ ئىستىراھەت مېھمانخانىسى، شىنجاڭ يەر شارى مېھمانخانىسى، شىنجاڭ بىرلىككە كەلگەن كارخانا يېمەكلىكلەر ھەمسىدارلىق شىركىتى، شىنجاڭ گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھى شىركىتى قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزدا تەسىرى چوڭ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار، خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش

ئۇيۇشمىسى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چارىسىنى قوللىنىپ، شەھەر تەۋەسىدىكى رايون، ناھىيىنى ھەر قايسى بۆلۈملەرگە ھۆددىگە بەردى، ھەر قايسى بۆلۈم، ئىشخانىلار تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، شەھەر تەۋەسىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلىدى. سانجى ئوبلاستلىق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى خادىملار مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا، ناھىيىلەرنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ھەر بىر كارخانىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى. سانجى ئوبلاستلىق ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئىگىلىدى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش خىزمىتىدە باشلامچى بولدى. جايلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن چاغدا، چەت ئەل تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان

ئىشتىن بوشىتىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇ ئەھۋالنى ئەمگەك تارماقلىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەلۇم قىلىپ، ئىككى تەرەپ ماسلىشىپ ئاشۇ كارخانىغا بېرىپ، مەبلەغ سالغۇچى تەرەپ ۋەكىلىگە ئۇنداق قىلىشنىڭ خاتالىقىنى كەسكىن كۆرسىتىپ بەرگەن ھەمدە دەرھال تۈزىتىشنى بۇيرۇغان. شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىمۇ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كارخانىغا ئادەم ئەۋەتىپ، مەسىلە ھەل بولغانغا قەدەر سۆزلەشكەن. سانجى شەھىرىدىكى مەلۇم بىر خۇسۇسىي كارخانا ئىشچىلارنى خورلىغان، خىزمەت ۋاقتىنى ئۇزارتقان، خىزمەت ۋاقتىدا ئىشچىلارنىڭ ھاجەتخانىغا بېرىشىغىمۇ رۇخسەت قىلمىغان ھەمدە ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىش، ئىشتىن چېكىندۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئىشچىلارنى قورقۇتقان. ئوبلاستلىق ئەمگەك ئىدارىسى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئوبلاستلىق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بىللە بۇ كارخانىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلغان ھەمدە كارخانىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللى قۇرۇشقا ياردەم بەرگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يەنە، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى خىزمەتتە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىپ بەردى ھەمدە ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش خىزمىتى بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش خىزمىتىدە مۇسابىقىلىشىش، باھالاپ سېلىشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش خىزمىتىنى توغرا ئىزغا سالدى.



ئۈرۈمچى ۋېيخۇلياڭ كۆمۈر كېنى تېلېفون باش ئاپپارات بۆلۈمىدىكى تېلېفونىست زايىدە ئوبۇل خىزمەتكە قاتناشقان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، مەشغۇلات ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋان ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىپ كەلگەنلىكتىن، ئۇدا بىر نەچچە قېتىم «بەشتە ياخشى ئىشچى - خىزمەتچى» بولۇپ باھالاندى.

سۈرەتتە: زايىدە ئوبۇل مەشغۇلات ئۈستىدە.

ئابلىز جاپپار فوتوسى

ئاپتونوم رايونىمىزدا باھانى ئىجتىمائىي ۋە جامائەت پىكرى جەھەتتىن نازارەت قىلىش كۈچەيتىلگەچكە، قالايمىقان باھا قويۇش تىزگىنلەندى

ئۆز مۇخبىرىمىز **پەخرىنسا ئابدۇللا** خەۋەر قىلىدۇ: ئۆتكەن يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدا باھانى ئىجتىمائىي جەھەتتىن نازارەت قىلىش، جامائەت پىكرى جەھەتتە نازارەت قىلىش ۋە ئىچكى قىسىمدا نازارەت قىلىش كۈچەيتىلگەچكە، ساھەلەرنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىشى، تىجارەتچىلەرنىڭ خالىغانچە باھا قويۇشى تىزگىنلىنىپ، باھادىكى قالايمىقانچىلىق تۈگىتىلدى.

1994 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق مال باھا ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر مال باھاسىغا نازارەت قىلىش باش پونكىتىنىڭ «ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مال باھاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتقاندىن كېيىن، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر مال باھاسىغا نازارەت قىلىش تەشكىلاتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مال باھاسىغا نازارەت قىلىش پونكىتلىرىدىن 8077 ئادەم (قېتىم) تەكشۈرۈشكە ئاتلاندۇرۇلۇپ، تۈرلۈك باھا ئىنتىزامىغا خىلاپ قىلمىشلاردىن 19 مىڭ 306 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا پائال تۆھپە قوشتى.

ئۈرۈمچىدە كۆپلىگەن تىجارەتچىلەر مال باھاسىنى ئۆزلىرى خالىغانچە قويۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەنىدى. ھازىر ھەرقايسى مال باھا تارماقلىرىنىڭ زور كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە، تاۋارلارغا قويۇلغان باھا ئەمەلىي بولۇش، ھەقىقىي بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتى.

ھەردەرىجىلىك مال باھا تەكشۈرۈش تارماقلىرى جامائەت پىكرى ۋە تەشۋىقات تارماقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ مال باھا سىياستى، قائىدە - نىزامىنى ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىپ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنى تەقدىرلىدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى ئەيىبلىدى. جامائەت پىكرىنىڭ توغرا يېتەكلىشى ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەر مال باھا ۋەزىيىتى ۋە مال باھا ئىسلاھاتىغا قارىتا توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولدى، ئىشەنچىسى ئاشتى. باھا جەھەتتە، ئالدامچىلىق قىلىدىغان ۋە زور پايدىنى كۆزلەيدىغان

شارى مەيخانىسى، شىنجاڭ بىرلىككە كەلگەن كارخانا يېمەكلىكلەر ھەسسەدارلىق شىركىتى، شىنجاڭ گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھى شىركىتى قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزدا تەسىرى چوڭ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار، خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتتى. نۇقتىنى تۇتۇش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ئىقتىساد كومىتېتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، ئەمگەك نازارىتى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردا، خۇسۇسىي كارخانىلاردا قانۇن بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇشنى ھەمدە بۇ كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش خىزمىتىدىن مەلۇمات بېرىش تۈزۈمى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئىگىلىدى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش خىزمىتىدە باشلامچى بولدى. جايلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن چاغدا، چەت ئەل تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر ئىنتايىن قاتمال بولسىمۇ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارغا «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» نى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆچىنى قوغداش فۇنكسىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ گۇمانلىرىنى تۈگەتتى.

شىخەنزە شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شىرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىنغان مەلۇم كىيىم-كېچەك شىركىتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى مەسىلىسى توغرىسىدا ئايال ئىشچىلار ئۈچۈن سۆز قىلغانلىقى ئۈچۈن


يېقىندىن بۇيان، شىنجاڭ «سىيۇن» گۇرۇھى شىركىتى مەخسۇس ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ تارىم نېفىتلىكىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدا ياسىلىۋاتقان تاشيول قۇرۇلۇشىغا تاش - شېغىل توشۇپ بېرىپ، تاشيولنىڭ ۋاقتىدا پۈتۈپ، نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا پائال ياردەم بەرگەنلىكتىن، تارىم نېفىت قوماندانلىق شتابىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.
سۈرەتتە: شىركەت ئاپتوموبىللىرى تەكلىماكان قۇملۇقىدا تاشيولغا تاش - شېغىل تۆكمەكتە.

مەتمىن ئابىت فوتوسى

بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مال باھاسىغا نازارەت قىلىش پونكىتلىرىدىن 8077 ئادەم (قېتىم) تەكشۈرۈشكە ئاتلاندۇرۇلۇپ، تۈرلۈك باھا ئىنتىزامىغا خىلاپ قىلمىشلاردىن 19 مىڭ 306 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا پائال تۆھپە قوشتى.

1994 - يىللىق «مال باھاسى، ئۆلچەم سىياسىتى، قائىدە - نىزاملارنى ئەڭ ئوبدان ئىجرا قىلغان ئورۇنلارنى باھالاش پائالىيىتى» دە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. 164 كارخانا، كەسپىي ئورۇن باھالاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە تاۋار ۋە مۇلازىمەت قىلىشتا باھانى ئېنىق يېزىش مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان باھالاش ئۆلچىمى پائال يولغا قويۇلدى، بۇ ئارقىلىق باھانى ئېنىق يېزىش - دۆلەت، كوللېكتىپ، پارچە سېتىش سودا كارخانىلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتى. ئىلگىرى ئىجرا قىلغۇچىلارنى تەقدىرلىدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى ئەيىبلىدى. جامائەت پىكرىنىڭ توغرا يېتەكلىشى ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەر مال باھا ۋەزىيىتى ۋە مال باھا ئىسلاھاتىغا قارىتا توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولدى، ئىشەنچىسى ئاشتى. باھا جەھەتتە، ئالدامچىلىق قىلىدىغان ۋە زور پايدىنى كۆزلەيدىغان قىلمىشلار بىلەن ئاڭلىق ھالدا كۈرەش قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى، ئۈرۈمچى،قارامايدىن ئىبارەت ئىككى شەھەر «باھادىكى ئالدامچىلىق ۋە پايدىخورلۇقنى توسۇش توغرىسىدا ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى»نى ئالدى بىلەن ئېلان قىلىپ يولغا قويۇپ، بازار سودىسىدىكى ئارتۇقچە پايدا ئېلىش قىلمىشىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. قاراماي شەھىرى ئاممىدىن كەلگەن 30 پارچە پاش قىلىش خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، 11 نى ئەنزە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئارزۇگۇل سېيىت خەۋەر قىلىدۇ: پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. 1994 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مۇقىم مۈلكى 1979- يىلدىكى 200 مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ، 4 مىليارد 335 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ بىلەن يېزا- بازار كارخانىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان كۈچكە ئايلىنىپ قالدى.

ئىگىلىنىشچە، ئۈرۈمچى، سانجى قاتارلىق جايلاردىكى يېزا- بازار كارخانىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن،ئۇلارنىڭ كىرىمى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ساپ كىرىمىنىڭ 15.44 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2 مىليوندىن كۆپرەك يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد يۈەنلىك ئۆتكەنلى بۇسۇپ ئۆتۈپ، 1993 - يىلدىكىدىن% 57.87 ئاشقان، 32 ناھىيە، شەھەردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 11 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 135 مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 5 مىليون يۈەنلىك كەنت 46 گە، كىرىمى 1مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 666 گە يەتكەن. ئىلى پاختا- كەندىر توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىگەن.

ئۆتكەن يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1993 - يىلدىكىدىن 150 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئېشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن. ياراتقان پايدا- بېجى 1 مىليارد 230 مىليون يۈەندىن ئاشقان.

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ترانسپورت شىركىتى ئاپتوموبىل رېمونت 4 - سېخىنىڭ رادىئاتور رېمونتچىسى ھۈسەيىن خىزمەتكە قاتناشقان 28 يىلدىن بۇيان، ئەستايىدىل، كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ، شىركەتتىكى ھەر مىللەت شوپۇرلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ئۇ، شىركەت تەۋەلىكىدىكى 200 دىن ئارتۇق بېنزىن ماتورلۇق ئاپتوموبىللارنىڭ رادىئاتورلىرىنى ئۆزى يالغۇز رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇددەتكە ئالغاندىن سىرت، كېرەكسىز دەپ تاشلىۋېتىلگەن رادىئاتورلارنى رېمونت قىلىپ ئىشلىتىشكە كەلتۈرۈپ، 1990 - يىلدىن بۇيان دۆلەتكە 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ بەردى.
سۈرەتتە: ھۈسەيىن رادىئاتور رېمونت قىلماقتا.

مۇھەممەت ھەمتلى فوتوسى

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىگە نام بېرىش، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى - مائارىپچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئەسقەر داۋۇت خەۋەر قىلىدۇ: 3- ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى شىنجاڭ «خەلق سارىيى» دا يىغىن ئېچىپ، قاراماي شەھەرلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قاتارلىق 13 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى» دېگەن نام بەردى؛ ھەسەنجان ئابلىمىت، خې جىخۇڭ قاتارلىق 52 شەخسنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر تېخنىك ئىشچىلار ئوقۇتقۇچىسى»، «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر تېخنىك ئىشچىلار مائارىپى خىزمەتچىسى» دەپ تەقدىرلىدى.

بۇ قېتىمقى نام بېرىش، تەقدىرلەش يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى قېتىملىق بولۇپ، ئەمگەك مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى قاتارلىق بىر قانچە نازارەت، كومىتېتلارنىڭ بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىشى ۋە يېقىندىن ماسلىشىشى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان. بۇ پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسەت- ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تېخنىك ئىشچىلار مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. يىغىندا نام بېرىلگەن ۋە تەقدىرلەنگەنلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسپىي تېخنىكا مائارىپىدا تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان ئورۇنلار ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسپىي تېخنىكا مائارىپى سېپىدە ئۇزۇن يىل تەر تۆككەن، ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان شەخسلەردۇر.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى شىركىتىنىڭ ئۆتكەن يىلقى ساپ پايدىسى ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئىچىدە شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى شىركىتى ئۆتكەن يىلى، بازار رىقابىتى داۋامىدا، تىجارەت شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈم جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە ئوخشاش كەسىپتىكى كارخانىلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

بۇ شىركەت ئۆتكەن يىلى، شىركەتنىڭ تىجارەت شەكلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى دادىل ئىسلاھ قىلىپ، شىركەت ئىشچى- خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا ئىقتىدارلىقلارنى تاللاپ ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق شىركەت تەۋەسىدىكى 31 ئىش ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىغا قويۇپ، شىركەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى ئۇرغۇتتى.

بۇ شىركەت ئۆتكەن يىلى 3 - ئايدا شىركەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان سېتىش - سېتىۋېلىش گەۋدىسى قۇرۇپ مۇئامىلىدارلار بىلەن زىچ ئالاقە ئورنىتىپ، ئېھتىياجلىق تاۋارلارنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، مەبلەغ ئوبوروتى بىلەن تاۋار ئوبوروتىنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ، بازار ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرالايدىغان ھالەتنى قولغا كەلتۈردى.

مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشىنى تېزلىتىپ تېخمۇ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش ئۈچۈن، بۇ شىركەت تەشەببۇسكارلىق بىلەن خېرىدار چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يېڭىدىن 545 تۈرلۈك مەھسۇلاتنى كۆپەيتىپ بازارغا سېلىپ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروت يوللىرىنى كېڭەيتتى.

مەھسۇلات سېتىشقا قارىتا مۇئامىلىدارلاردىن ئاشكارا پىكىر ئېلىش، ئۆز ئارا نازارەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى، تىجارەت شەكلى جەھەتتە «سۈپەت بىرىنچى، ئىناۋەت بىرىنچى»دىن ئىبارەت خىزمەت ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ كۆپلىگەن مۇئامىلىدار شەخسلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى.

نەتىجىدە، بۇ شىركەتنىڭ ئۆتكەن يىلقى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 10 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە ئوخشاش كەسىپتىكى كارخانىلار ئىچىدە نەمۇنىلىك كارخانا بولۇپ قالدى.

مۇختەر ئەيسا

بۇ بەتنىڭ مۇھەررىرى: جاسارەت تاش

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

ئىسلاھات ئارقىلىق يۈكسىلىپ، باشقۇرۇشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلايلى

ـ شىنجاڭنىڭ 1994 ـ يىللىق تاشيول ئاسراش، باشقۇرۇش ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا نەزەر

جۇ مىڭدى

قاتناش ـ ترانسپورت ـ خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ئالاھىدە، تاشيول قاتناش ـ ترانسپورتى ئۇنىۋېرسال ترانسپورت سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 28 مىڭ 611 كىلومېتر تاشيول ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى ئوبوروت قىلىپ توشۇش ۋە يولۇچى توشۇشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىرقى تاشيوللارنىڭ مۇساپىسى قىسقا، زىچ ئەمەس. زىچلىقى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ يەتتىدىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ؛ تاشيوللارنىڭ كۆپ قىسمى 50 ـ، 60 ـ يىللاردا ياسالغان، تېخنىكىلىق ئۆلچىمى تۆۋەن، يوللارنىڭ نۇقسانلىرى كۆپ، قاتناش شارائىتى ناچار بولغاچقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ كەلدى. شۇڭا، بۇ تاشيوللارنى ياخشى ئاسراش، باشقۇرۇش ـ تاشيول ئاسراش ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋە مۇشەققەتلىك ۋەزىپىسى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ كەڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاپتوموبىللارمۇ كۆپەيدى، بولۇپمۇ چوڭ تىپتىكى، ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىللار كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەسلىدىلا يېتىشمەيدىغان، يەنە كېلىپ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن تاشيوللار ئىشلىتىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1994 ـ يىلى تەبىئىي ئاپەت كۆپ يۈز بەردى. بولۇپمۇ كەلكۈن ئاپىتى كۆپ يۈز بېرىپ، دۆلەت يولى، ئۆلكە يوللىرىدىكى غول لىنىيىلەرنى، كۆۋرۈكلەرنى ۋەيران قىلىپ، قاتناشنى ئۈزۈپ قويدى. تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭسەن ئالىي دەرىجىلىك تاشيولدا ئىش باشلاشقا ۋە ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تاشيول ئاسراشقا سېلىنىدىغان نورمال مەبلەغ نىسبىي ھالدا ئازايدى.

مەبلەغ قىس، تەبىئىي ئاپەت كۆپ، يول ئاسراش ۋەزىپىسى مۇشكۈل بولۇشتەك ئېغىر قىيىنچىلىق ئالدىدا، ئىدارىدىكى بارلىق كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئىلىشىپ، ئىسلاھات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھات تەدبىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتقا تايىنىپ تەرەققىي قىلدى.

1994 ـ يىلى، ئىدارە قارمىقىدىكى ئورۇنلار تاشيول ئاسراشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، «يول ئاسراشقا سېلىنغان سېلىنمىدىن ھاسىلات ئېلىش بويىچە ھۆددىگەرلىك چارىسى»گە ئاساسلىنىپ، تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن ئىچكى قىسمىدا باشقۇرۇش ھەرىكەت مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلدى: بىرىنچى، ئەسلىدىكى تاشيول تېخنىكا دەرىجىسى بويىچە ئايرىلغان مۇقىم مەبلەغ سېلىش ئەندىزىسى تاشيولنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بويىچە ئايرىلغان ئۆزگىرىشچان مەبلەغ سېلىش ئەندىزىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، يول ئاسراشقا سېلىنىدىغان مەبلەغ مۇۋاپىق تەقسىم قىلىندى؛ ئىككىنچى، «باراۋەر ئاساستا رىقابەتلىشىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، داۋبەنلەردە «ياخشىلىرىنى تاللاپ ئىش ئورنىغا ئەۋەتىش، ئەمگەك تەشكىلىنى سەرخىللاشتۇرۇش، قوش لىنىيىلىك تاللاپ ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى. ئۈچىنچى، قىلغان ئىشىغا ۋە سۈپەت، ئۈنۈمىگە قاراپ ئىش ھەققى بېرىلىپ، تەقسىمات تۈزۈمىدىكى «داشقازان تامىقى» يېيىش تۈگىتىلدى. بۇ ئۈچ جەھەتتىكى ئىسلاھات ئارقىلىق، پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدىكى ئەنئەنىۋى يول ئاسراش، باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئۆزگەرتىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقى قوزغىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تاشيول ئاسراشتا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، بورتالا تاشيول باش ئۆچاستكىسى كادىر، مالىيە، ماددىي ئەشيا ھوقۇقىنى داۋبەنلەرگە بەردى، داۋبەنلەردىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلى، قوشۇمچە ياردەم پۇلى قاتارلىقلار ئەمەلىي خىزمەت مىقدارى ۋە ياخشى يول نىسبىتىنىڭ ئېشىشى بىلەن بىۋاسىتە چېتىلدۇرۇلدى. داۋبەن باشلىقلىرى ۋەزىپە ۋە ھوقۇققا ئىگە بولغان ھالدا ئىشلەيدىغان، پىلانلىق ئىشلەيدىغان بولدى. داۋبەندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تاشيولنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولدى. بۇنىڭ بىلەن، بۇرۇنقى «ئىشلە دېسە ئىشلەيدىغان» ھالەت «ئۆزۈم ئىشلەيمەن» دېگەنگە ئۆزگىرىپ، يول سۈپىتى تەدرىجىي ئۆستى. «پۇل خەجلەپ ياخشى يول ياساش» بويىچە تاشيول باشقۇرۇش مېخانىزمى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئىسلاھات تەرەققىياتنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، بىز ئاساسلىقى مونۇ بىر نەچچە جەھەتتىكى خىزمەتنى تۇتتۇق: بىرىنچىدىن، شىنجاڭ بويىچە تاشيول ئاسراش، باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنى دەل ۋاقتىدا ئېچىپ، ھەر قايسى باش ئۆچاستكىلار بىلەن يول ئاسراش، باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدۇق؛ ئىككىنچىدىن، جىڭ ناھىيىسىدە تاشيول ئاسراش، باشقۇرۇش بويىچە نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ئورتاق يۈكسىلىشنى ئالغا سۈردۇق؛ ئۈچىنچىدىن، ئىدارە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا ئۈچ قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ بۇ جايلارنىڭ تاشيول ئاسراش، باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئەتراپلىق تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ـ خۇلاسىلەش ـ ئۇچۇر ئىگىلەش ئارقىلىق، تاشيول ئاسراش، باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىسلاھاتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىشىنى ئالغا سۈردى؛ تۆتىنچىدىن، ئۆچاستكا باشلىقى، سىياسىي رەھبەر، داۋبەن باشلىقى بولۇپ جەمئىي 400دىن ئارتۇق كىشىنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. بۇنىڭ بىلەن، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلاردىكى باشقۇرغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ سۈپىتى ئۆستى؛ بەشىنچىدىن، يول ئاسراش سۈپىتى چىڭ تۇتۇلدى.

تاشيول ئاسراش، باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىدارىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇردى.

پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتە، بىرىنچىدىن، نەزەرىيە ئۆگىنىش چىڭ تۇتۇلۇپ، تونۇش ئۆستۈرۈلۈپ، ئىشەنچ كۈچەيتىلدى؛ ئىككىنچىدىن، رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، قاتناش نازارىتىگە ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 10 تاشيول باش ئۆچاستكىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشەلدى ۋە تولۇقلاندى؛ ئۈچىنچىدىن، پارتىيە ئىستىلى، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى، تۈزۈم مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ناتوغرا ئىستىل ئەستايىدىل تۈزىتىلىپ، دېلولار قاتتىق تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. «قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىش، يول مەمۇرىيىتىدە تۆلەم تۆلىتىش»، مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش قانات يايدۇرۇلدى؛ تۆتىنچىدىن، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چىڭ تۇتۇلدى، ئىدارە پارتكومى قەشقەر باش ئۆچاستكىسىدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش بويىچە نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىدارە بويىچە يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن، پارتكومنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولۇش رولى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار، قورغانلىق رولى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولى يول ئاسراش، باشقۇرۇش ئىسلاھاتىدا تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە، بىرىنچىدىن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەر بىلەن بىللە مەخسۇس ستون ئاچتۇق ۋە مۇكاپاتلىق ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردۇق؛ توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىنتىلىدىغان كەيپىيات ياراتتۇق. ئىككىنچىدىن، ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەشۋىقات پائالىيىتى، 100 كۈنلۈك ئەمگەك مۇسابىقىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە ـ خەلق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، «قوش 10 ياخشى» يارىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئىدىيىۋى تەربىيە مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل پائالىيەتلەرگە سىڭدۈرۈلدى؛ «كۆكتاتلىق، مېۋىلىك باغ، گۈللۈك بولۇش، بەشلەشتۈرۈش» ئۆلچىمى بويىچە داۋبەنلەرنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلاندى.

1994 ـ يىلى، تاشيول ئاسراش، باشقۇرۇش ھەرىكەت مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئىدارىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن قوش مول ھوسۇل ئېلىندى.

بىرىنچىدىن، يوللارنى ئومۇميۈزلۈك ئاسراش كۈچەيتىلدى ۋە يول سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى ھەمدە يول سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى، كەلكۈن قاتارلىق تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇپ كەتكەن 226 ئورۇندىكى يول بۆلىكى ۋە كۆۋرۈك دەل ۋاقتىدا جىددىي رېمونت قىلىنىپ، قاتناش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، چوڭ جان تومۇرنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى؛ ئىككىنچىدىن، مەبلەغ قىس، ۋەزىپە مۇشكۈل بولغان شارائىتتا، ئىدارە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ياخشى يول نىسبىتى 66.4 پىرسەنتكە، ئۇنىۋېرسال نومۇر 67.3 كە يېتىپ، 1993 ـ يىلدىكى ئەمەلىي سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى، يول ئەھۋالى مۇقىملاشتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى؛ ئۈچىنچىدىن، 15 تۈرلۈك چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يول قۇرۇلۇشى سۈپىتىگە، سانىغا كاپالەتلىك قىلىنغان ھالدا ئورۇندىلىپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى؛ تۆتىنچىدىن، قاتناش نازارىتى چۈشۈرگەن يول ئاساسىي قۇرۇلۇشى، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى، توققۇز كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلۈپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە كۆۋرۈك ئەلا سۈپەتلىك كۆۋرۈك بولۇپ باھالاندى، تاشيولنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش بويىچە 13 تۈر پۈتتۈرۈلۈپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ تۈر ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى. بىز ياسىغان بۇ كۆۋرۈك ۋە يوللار «ئىتتىپاقلىق كۆۋرۈكى»، «بەخت يولى» دەپ تەرىپلىنىپ ئىشلىتىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇلار ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىمىز نامايان قىلىندى. ئۇ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامرات جايلارنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتە غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

1994 ـ يىلى، ئىدارىدىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىدارىمىزدا ئىككى نەپەر تاشيول ئىشچىسى مەملىكەت بويىچە قاتناش سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى؛ ئۈچ نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭنى ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش» مېدالىغا ۋە «ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ خوتەن تاشيول باش ئۆچاستكىسىغا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بېرىلدى؛ قاغىلىق تاشيول باش ئۆچاستكىسى قىزلار داۋبېنىگە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «يېڭى دەۋردىكى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىلدى؛ قەشقەر، شىخەنزە تاشيول باش ئۆچاستكىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى. تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «قاتناش قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى. يەنە نۇرغۇن باش ئۆچاستكا، ئۆچاستكىلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شۇ يەردىكى پارتكوم، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

1994 ـ يىلدىكى تاشيول ئاسراش، باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى ئەسلىگىنىمىزدە، بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن بۇنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېھتىياجى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا مۇئەييەن پەرق بار. ھازىر، يول ئاسراش سىستېمىسىدا مەبلەغ ئىنتايىن قىس، ۋەزىپە مۇشكۈل ۋە ئېغىر بولغان ئەھۋالدا، ئۆزىمىزنىڭ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، ھەر كەسىپنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە قوللىشىغا مۇھتاج. بىز 1995 ـ يىلدىكى تاشيول ئاسراش، باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، تاشيول ئاسراش، باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يولنى ئوبدان ئاسراپ، ئوبدان باشقۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشۇشقا تىرىشىمىز.

كادىرلار مىنىستىرلىكى، ئەمگەك مىنىستىرلىكى «گوۋۇيۈەننىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى خەۋىرى: كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ «گوۋۇيۈەننىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى يولغا قويۇش چارىسى:

ھالدا دەم ئېلىش ۋاقتى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

8 ـ ماددا 1995 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «بەلگىلىمە» نى يولغا قويۇشتا قىيىنچىلىقى بار كەسپىي ئورۇنلار مۇۋاپىق كېچىكتۈرسە بولىدۇ، لېكىن ئەڭ

ئېھتىياجى بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» نىڭ 41 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنسا بولىدۇ.

يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى يېزا سانائەت كارخانىلىرى

ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، كۆرۈنەرلىك

1994 - يىلى، ئىدارە قارمىقىدىكى ئورۇنلار تاشيول ئاسراشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، «يول ئاسراشقا سېلىنغان سېلىنمىدىن ھاسىلات ئېلىش بويىچە ھۆددىگەرلىك چارىسى»گە ئاساسلىنىپ، تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن ئىچكى قىسىمدا باشقۇرۇش ھەرىكەت مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلدى: بىرىنچى، ئەسلىدىكى تاشيول تېخنىكا دەرىجىسى بويىچە ئايرىلغان مۇقىم مەبلەغ سېلىش ئەندىزىسى تاشيولنىڭ

·شىنجاڭغا ئۈچ قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ بۇ جايلارنىڭ تاشيول ئاسراش، باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئەتراپلىق تەكشۈردى. تەكشۈرۈش - خۇلاسىلەش - ئۇچۇر ئىگىلەش ئارقىلىق، تاشيول ئاسراش، باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىشىنى ئالغا سۈردى؛ تۆتىنچىدىن، ئۈچاستكا باشلىقى، سىياسىي رەھبەر، داۋبەن باشلىقى بولۇپ جەمئىي 400دىن ئارتۇق كىشىنى ئىش ئورنىدا

ئارمىيە - خەلق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، «قوش 10 ياخشى» يارىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئىدىيىۋى تەربىيە مەزمۇنىنى مول، شەكلى ھەر خىل پائالىيەتلەرگە سىڭدۈرۈلدى؛

تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامرات جايلارنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتە غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يولنى ئوبدان ئاسراپ، ئوبدان باشقۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشۇشقا تىرىشىمىز.

يوپۇرغا ناھىيەسىدىكى يېزا سانائەت كارخانىلىرى

ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى

يوپۇرغا ناھىيەسىدىكى يېزا سانائەت كارخانىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، كارخانىنى بازارغا يۈزلەندۈرگەنلىكتىن، ئۆتكەن يىلى بۇ كارخانىلارنىڭ سېتىش قىممىتى 2 مىليون 218 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 301 مىڭ 710 يۈەنگە يېتىپ، 1993- يىلدىكىدىن % 46.3 ۋە % 29.7 ئاشتى. 1994 - يىلى سانائەت كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ بازار رىقابىتى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ ناھىيەدىكى يېزا سانائەت كارخانىلىرىدىن ئەشمە يېزىسىدىكى خىش، خۇرۇم زاۋۇتلىرى، ئاچچىق، تېرەم يېزىلىرىدىكى ئۇن زاۋۇتلىرى، تېرەم، يوپۇرغا يېزىلىرىدىكى گىلەم توقۇش زاۋۇتلىرى، ناھىيىلىك تولپاۋ ئىشلەش زاۋۇتى قاتارلىق 16 يېزا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ باشلىقلىرى كارخانا ۋە سېخلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، كارخانا، سېخلارغا تېخنىكا يېتەكچىسى، سۈپەت باشقۇرغۇچىنى مۇقىم بېكىتتى.

ماتېرىيال، ئادەم ئىشلىتىش، بىخەتەرلىك ۋە پايدا- زىيىنغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش ھوقۇقلىرىنى سېخلارغا چۈشۈرۈپ بەردى.

48 نەپەر تېخنىك خادىمنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەندىن سىرت، تېخنىك خادىملارنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھەر قايسى يېزىلار 35 ئادەم (قېتىم)نى ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى تەربىيىلەش مەركىزىدە ئېچىلغان كەسپىي ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى، قەشقەر مالىيە سودا ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتەپلىرى ئاچقان يېزا - بازار كارخانىلىرىغا ۋەكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىش سىنىپلىرىغا قوبۇل قىلىنىپ مەكتەپ پۈتتۈرگەن 10 نەپەر كىشىنى ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلدى ھەمدە تېخنىكا، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە خېلى ئىقتىدارلىق بولغان 16 كىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ياردەمچى ئىنژېنېر، ياردەمچى بوغالتىر ئۇنۋانىنى بەردى.

ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئادەم تەشكىللەپ يېزا سانائەت كارخانىلىرىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ئۇلارنى سۈپەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشقا يېتەكلىدى. بۇ ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدىكى خىش، خۇرۇم، تولپاۋ زاۋۇتلىرى ئۆتكەن بىر يىلدا 3 مىليون 550 مىڭ دانە خىش، 10 مىڭ كۋادرات مېتىر خۇرۇم، 40 توننا تولپاۋ ئىشلەپچىقىرىپ، قەشقەر شەھىرى ۋە ناھىيە تەۋەسىدىكى بازارلاردا سېتىپ، مەھسۇلات سېتىش قىممىتىنى 566 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

نەتىجىدە، يېزا سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ئۇسۇپ يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئوبۇل سابىر

قاراباغ يېزىسىدا كىرا ئاپتوبۇسلىرى كۆپەيدى

ناھىيە بازىرىغا 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان باي ناھىيىسىنىڭ قاراباغ يېزىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار 1986 - يىلغىچە ناھىيە بازىرىغا ئات - ئېشەك بىلەن بىر - ئىككى كۈن يول يۈرۈپ بېرىپ - كېلىپ تۇرغانىدى. 1986- يىلى ناھىيىلىك قاتناش ترانسپورت ئىدارىسى ناھىيە بازىرى بىلەن بۇ يېزا ئارىلىقىغا بىر ئاپتوبۇس سېلىپ، بۇ يېزىنىڭ قاتناش قىيىنچىلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلغان بولسىمۇ، دېھقانلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان قاتناش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى.

بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، بۇ يېزىدىكى ئالدىن بېيىغان ئالتە دېھقان ئائىلىسى بانكىدىن قەرز ئېلىش، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىش ئارقىلىق، 1993 - يىلىنىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە 250 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ يىغىپ، ئالتە كىرا ئاپتوبۇسى سېتىۋېلىپ، بۇ يېزا بىلەن ناھىيە بازىرى ئارىلىقىدا قاتناشنى يولغا قويۇپ، يىللاردىن بۇيان ھەل بولماي كەلگەن قاتناش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، قاراباغلىقلارنى خۇشال قىلىۋەتتى.

قۇربان سايىم

كادىرلار مىنىستىرلىكى، ئەمگەك مىنىستىرلىكى «گوۋۇيۈەننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى خەۋىرى: كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ «گوۋۇيۈەننىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى يولغا قويۇش چارىسى:

1- ماددا «گوۋۇيۈەننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» گە (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «بەلگىلىمە» دەپ ئاتالدى) ئاساسەن، بۇ چارە تۈزۈپ چىقىلدى.

2 - ماددا بۇ چارە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

3 - ماددا ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۈندە سەككىز سائەت، ھەپتىدە 40 سائەت ئىشلەيدۇ. دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار بىرلىككە كەلگەن ئىش ۋاقتىنى يولغا قويىدۇ، شەنبە، يەكشەنبە دەم ئالىدۇ. بۇ تۈزۈمنى يولغا قويغاندا، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىكى، سالامەتلىكى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلار دۆلەت بەلگىلىگەن ھەپتىلىك دەم ئېلىش كۈنى ۋە ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە داۋاملىق ئىشلەش توغرا كەلگەن بولسا، خادىملار ۋە سىمېنا تۈزۈمىنى تەڭشەپ، ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شەنبە ۋە يەكشەنبىدىكى نورمال ئىشلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا قولايلىق يارىتىپ بەرسە بولىدۇ.

4 - ماددا پەۋقۇلئاددە شارائىتتا ئىشلىگەندە ۋە ئالاھىدە ئەھۋال كۆرۈلگەندە، ئىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق قىسقارتىشقا توغرا كەلسە، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە باشقۇرۇش تارماقلىرى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىسا بولىدۇ.

5 - ماددا خىزمەتنىڭ خاراكتېرى ياكى مەسئۇلىيەت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن كۈندە سەككىز سائەت، ھەپتىدە 40 سائەت ئىشلەشتەك ئۆلچەملىك ئىش ۋاقتى تۈزۈمىنى يولغا قويالمايدىغانلار بولسا، گوۋۇيۈەننىڭ ساھەلەرنى باشقۇرۇش تارماقلىرى يولغا قويۇش پىكرىنى تۈزۈپ چىقىپ، كادىرلار مىنىستىرلىكىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ۋاقتى تۇراقسىز ئىش تۈزۈمى ياكى ئىش ۋاقتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ھېسابلاش تۈزۈمى قاتارلىق چارىلەرنى يولغا قويسا بولىدۇ.

خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىش ۋە دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئىجرا قىلالمايدىغان تارماقلار ۋە ئورۇنلار ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ سىمېنا ئالمىشىپ ئىشلەش چارىسىنى قوللىنىپ، ھەپتىلىك دەم ئېلىش كۈننى جانلىق ئورۇنلاشتۇرسا، بۇنى تەڭ دەرىجىلىك كادىرلار تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرۇپ قويسا بولىدۇ.

6 - ماددا تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ:

(1) ئېغىر تەبىئىي ئاپەت، ھادىسە ياكى باشقا ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى، سالامەتلىكى ۋە دۆلەتنىڭ مال - مۈلكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراپ، جىددىي بىر تەرەپ قىلىش توغرا كەلسە؛

(2) دۆلەتنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى ياكى يۇقىرى ئورۇنلاشتۇرغان باشقا جىددىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش توغرا كەلسە.

7 - ماددا بۇ چارىنىڭ 6 - ماددىسىغا ئاساسەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش توغرا كەلسە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇناسىپ ھالدا دەم ئېلىش ۋاقتى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

8 - ماددا 1995 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «بەلگىلىمە» نى يولغا قويۇشتا قىيىنچىلىقى بار كەسپىي ئورۇنلار مۇۋاپىق كېچىكتۈرسە بولىدۇ، لېكىن ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1996 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇشى كېرەك. كېچىكتۈرۈپ يولغا قويۇش مەزگىلىدە يەنىلا دۆلەتنىڭ ھازىرقى ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا دائىر بەلگىلىمىلىرى ئىجرا قىلىنىدۇ.

9 - ماددا ھەر دەرىجىلىك كادىرلار تارماقلىرى «بەلگىلىمە» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ.

10 - ماددا ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كادىرلار تارماقلىرى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ساھەلەرنى باشقۇرۇش تارماقلىرى «بەلگىلىمە» ۋە بۇ چارىگە ئاساسەن، ئۆز رايونى ۋە ساھەلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، يولغا قويۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، كادىرلار مىنىستىرلىكىگە ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.

11 - ماددا بۇ چارە 1995 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

12 - ماددا بۇ چارىنى ئىزاھلاشقا كادىرلار مىنىستىرلىكى مەسئۇل بولىدۇ.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 25 - مارت تېلېگراممىسى. ئەمگەك مىنىستىرلىكىنىڭ «گوۋۇيۈەننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇشتا يولغا قويۇش چارىسى:

1 - ماددا «گوۋۇيۈەننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «بەلگىلىمە» دەپ ئاتالدى) گە ئاساسەن بۇ چارە تۈزۈپ چىقىلدى.

2 - ماددا بۇ چارە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلىرى ۋە يەككە ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردىكى ئەمگەكچىلەر (تۆۋەندە ئىشچى - خىزمەتچىلەر دەپ ئاتالدى) گە باب كېلىدۇ.

3 - ماددا ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۈندە سەككىز سائەت، ھەپتىدە 40 سائەت ئىشلەيدۇ. بۇ ئىش ۋاقتى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كىرىمىنىڭ كېمىيىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

4 - ماددا پەۋقۇلئاددە شارائىتتا ئىشلىگەندە ئالاھىدە ئەھۋال كۆرۈلگەندە، ھەپتىلىك 40 سائەتلىك ئىش ۋاقتى ئاساسىدا ئىش ۋاقتىنى يەنە مۇۋاپىق قىسقارتىشقا توغرا كەلسە، بۇنى ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا كارخانىلار «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» نىڭ 36 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىسە بولىدۇ.

5 - ماددا خىزمەت خاراكتېرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكى چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن كۈنىگە سەككىز سائەتتىن، ھەپتىسىگە 40 سائەتتىن ئىشلەش ئۆلچەملىك ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويالمايدىغانلار تۇراقسىز ئىش تۈزۈمى ياكى ئومۇملاشتۇرۇپ ھېسابلاش ئىش تۈزۈمى قاتارلىق باشقا ئىش ۋە دەم ئېلىش چارىسىنى يولغا قويسا، ئەمگەك مىنىستىرلىكىنىڭ «كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز ئىش تۈزۈمى ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ ھېسابلاش ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش چارىسى» نى ئىجرا قىلسا بولىدۇ.

6 - ماددا ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتىنى ئۆز مەيلىچە ئۇزارتىشىغا يول قويۇلمايدۇ. كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئېھتىياجى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» نىڭ 41 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلسا بولىدۇ.

7 - ماددا تۆۋەندىكى پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ۋە جىددىي ۋەزىپە تۈپەيلىدىن ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە بۇ چارىنىڭ 6 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ:

(1) تەبىئىي ئاپەت، ھادىسە ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى، سالامەتلىكى ۋە دۆلەتنىڭ مال - مۈلكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغان، جىددىي بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بولسا؛

(2) ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، قاتناش - ترانسپورت لىنىيىسى، جامائەت مۇئەسسەسەلىرىدىن چاتاق چىقىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە تەسىر يەتكەن، ۋاقتىدا جىددىي رېمونت قىلىشقا توغرا كەلگەن بولسا؛

(3) قانۇنلۇق ھېيت - بايرام ياكى ئاممىۋى دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش توختىغان مەزگىلدىن پايدىلىنىپ ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، ئاسراشقا توغرا كەلگەن بولسا؛

(4) جىددىي دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىپىسى ياكى يۇقىرىدىن دۆلەت پىلانى سىرتىدا ئورۇنلاشتۇرغان باشقا جىددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا، سودا، تەمىنات - سودا كارخانىلىرى ئاۋات مەزگىلدە سېتىۋېلىش، ترانسپورت، سانائەت، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتەك جىددىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا توغرا كەلگەن بولسا.

8 - ماددا بۇ چارىنىڭ 6 -، 7 - ماددىسىغا ئاساسەن ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە، كارخانىلار «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» نىڭ 44 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىش ھەققى بەرسە ياكى دەم ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ.

9 - ماددا كارخانىلار ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى توك، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى ۋە قاتناش قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، ھەپتىلىك دەم ئېلىش كۈننى جانلىق ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ.

10 - ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەمگەك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى «بەلگىلىمە» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ.

11 - ماددا ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەمگەك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ساھەلەرنى باشقۇرۇش تارماقلىرى «بەلگىلىمە» ۋە بۇ چارە، ئۆز رايونى، ئۆز ساھەسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ يولغا قويۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقسا، ئەمگەك مىنىستىرلىكىگە ئەنگە ئالدۇرسا بولىدۇ.

12 - ماددا بۇ چارە «بەلگىلىمە» بىلەن بىر ۋاقىتتا يولغا قويۇلىدۇ. 1995- يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ھەپتىدە 40 سائەتتىن ئىشلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا قىيىنچىلىقى بار كارخانىلار يولغا قويۇش ۋاقتىنى كېچىكتۈرسە بولىدۇ، لېكىن ئەڭ كېچىككەندە، 1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 1- كۈنى يولغا قويۇشى كېرەك. بۇ چارە يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئەمگەك مىنىستىرلىكى، كادىرلار مىنىستىرلىكى 1994 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بىرلىكتە ئېلان قىلغان ««گوۋۇيۈەننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى يولغا قويۇش چارىسى» داۋاملىق كۈچكە ئىگە.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

مېيىپلارنىڭ شەپقەتچىسى

— مېيىپلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئىلغارى ئابلىكىم قاسىم توغرىسىدا

● قاسىمجان ياسىن ● ئەزىمەت مۇسا

1991 - يىلى 6 - ئايدا قورغاس ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر يېزىسى روشەنباغ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابلىكىم قاسىمنىڭ 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان گىلەم زاۋۇتى پۈتۈپ، زاۋۇتقا ئىشچى قوبۇل قىلىش خەۋىرى قورغاس ناھىيىسىنىڭ سۈيدۈڭ بازىرىغا يېتىپ كەلدى.

1991 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئابلىكىمنىڭ ئۆيىگە 17 ياشلاردىكى قاراقاش، ئاق سېرىق، كۆزىدىن زېرەكلىكى بىلىنىپ تۇرغان بىر قىز ئاپىسى بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى، بۇ قىزنىڭ ئاپىسى ئابلىكىم بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن قىزىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپلا، گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئەسلىدە گۈلپىيە ئىسىملىك بۇ قىز ناھايىتى چىرايلىق چوڭ بولغان بولسىمۇ، گاس - گاچا بولغانلىقتىن، مەكتەپتە ئوقۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغانىكەن. شۇڭا ئاپىسى ئابلىكىم ئۇستامدىن قىزىنى گىلەم كارخانىسىغا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدى.

ئابلىكىم 1985 - يىلدىكى ئىشنى ئېسىگە ئالدى: شۇ يىلى قورغاس ناھىيىلىك چارۋا - چاي مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ ئېكسپورت گىلەم سېخى زىيان تارتىپ توختاپ قېلىپ، 128 نەپەر ۋاقىتلىق ئىشچى ئىشتىن بوشىتىلغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 14 گاس - گاچا، مېيىپ قىز بار ئىدى، ئۇلار ئىشتىن بوشىتىلغاندىن كېيىن، چىقىش يولىنى تاپالمىغانىدى. ئابلىكىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن زاۋۇت رەھبەرلىكىدىن گىلەم سېخىنى يىلىغا 6000 يۈەن پايدا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئىككى يىللىق ھۆددىگە ئالدى ھەمدە 14 نەپەر مېيىپ قىزنى ئىش بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ھەر ئايدا 120 يۈەندىن ئىش ھەققى بەردى، زاۋۇتنى كۆتۈرە ئېلىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئابلىكىم ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىي گىلەم كارخانىسى قۇرماقچى بولۇپ مۇشۇ زاۋۇتنى قۇرغانىدى.

ئابلىكىم قىزنىڭ زېرەكلىك چېقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، نۇرلۇق چىرايىدىن ئۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتە مېيىپ بولغىنى بىلەن روھىي جەھەتتە ساغلام، بېجىرىم قىزلاردىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈردى. بۇ قىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭغا

بىرلەشمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئابلىكىم قاسىم 1991 - يىلى 8 - ئايدا 41 ئىشچى قوبۇل قىلىپ ئىش باشلىدى، بۇ ئىشچىلارنىڭ 11 ى گاس - گاچا، مېيىپ قىزلار ئىدى. گىلەمچىلىك ئىنچىكە كەسىپ بولغاچقا، بۇ مېيىپلارغا، بولۇپمۇ گاس - گاچا قىزلارغا تەلەپكە لايىق گىلەم توقۇشنى ئۆگىتىپ چىقىش ناھايىتى تەس ئىدى. ئۇلارغا گىلەم توقۇشنىڭ يوللىرىنى قايتا - قايتا ئۆگەتسىمۇ، ئۇلار ئۆگىنىپ كېتەلمىگەچكە، ئۇلاردىن زېرىكىپمۇ قالدى. ئۇستىسىنىڭ زېرىكىپ قالغانلىقىنى سەزگەن بەزى گاس - گاچا قىزلار كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ، بۇ ھۈنەرنى چوقۇم ئۆگىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئابلىكىم چوڭقۇر ئويغا پاتتى، مۇبادا مېنىڭ باللىرىممۇ گاس - گاچا بولۇپ قالسا، قانچىلىك ئازابلانغان بولاتتىم، بۇلار پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە مۇھتاج، شۇڭا ھەر قانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، ئۇلارنى چوقۇم جەمئىيەتكە ياراملىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشىم كېرەك، دېگەننى خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزدى - دە، بىر نەچچە ئاي مەخسۇس مېيىپلارنىڭ تىل - شەرەتلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەندى. بەزى مېيىپلارنىڭ پۇتى ئاجىز بولغاچقا، پاتقاق، ھاۋا كىلىماتى ناچار كۈنلەردە ئىشقا كېلىش - ئۆيىگە قايتىشتا قىينىلاتتى، ئابلىكىم قاسىم ئۇلارنى مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. لەڭگەر يېزىسىدىكى خەيرىيە مەكتىپىدىن پېنسىيىگە چىققان مېيىپ ئوقۇتقۇچى ئەخمىدى ئەمەتنىڭ قىزى ماھىرەنى ئابلىكىم قاسىم ئىشقا ئۆزى ئاپىرىپ، ئىشتىن ئۆزى ئەكېلىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىللىقلىقىنى بۇ مېيىپنىڭ قەلبىگە سىڭدۈردى. ھازىر ئۇ ماھىرەنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋېلسىپىت بىلەن ئىككى كىلومېتىر يول يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە يۆگەيدىغان يىپ ئاپىرىپ بېرىپ، ئەتىسى ئەكېتىدىغان بولدى. بۇ ئىشتىن ماھىرەنىڭ ئۆيدىكىلىرى ئىنتايىن مىننەتدار بولدى. قورغاس ناھىيىلىك چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى،

180 يۈەن ئىش ھەققى بەرگەندىن باشقا، ھەر يىلى 50 يۈەندىن كۆمۈر پۇلى، 30 يۈەندىن داۋالىنىش پۇلى بەردى، ناھىيىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىدىن ئادەم تەكلىپ قىلىپ، مېيىپلار ۋە ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېيىپلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»، ئاپتونوم رايوننىڭ مېيىپلار قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسىنى ئۆگىنىپ ماڭدى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى» گە مۇشتىرى بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. ئابلىكىم قاسىم ئىشچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ھەر ئايدا سەككىز كۈن تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئويۇشتۇردى. ھەر يىلى 7 - ئايلاردا ئۇلارنى مەنزىرىلىك كەگساي ۋە سايرام بويلىرىنى ساياھەت قىلدۇردى. ئابلىكىم قاسىم مەكتەپ ۋە روشەنباغ كەنتىدىكى مېيىپلارغا 8000 يۈەن ياردەم قىلدى. كارخانىدىكى مېيىپلارغا بەش يىل ئىچىدە 8000 يۈەن پاراۋانلىق پۇلى بەردى. ئۇنىڭ بۇ مېيىپلار كارخانىسى يىلدىن يىلغا روناق تېپىپ، 1991 - يىلدىن 1995 - يىلى 2 - ئايغىچە 4000 پارچىدىن ئارتۇق گىلەم توقۇدى. گىلەملىرى 12 خىلغا يېتىپ، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتقا ئايلاندى، مېيىپلار كارخانىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سودىگەرلىرى قىزغىن سېتىۋالغاندىن سىرت، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە باشقا ئۆلكىلەردىن كەلگەنلەرمۇ ياقتۇرۇپ سېتىۋالدى. ھازىر مېيىپلار كارخانىسىنىڭ مۇقىم مەبلىغى 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى، كارخانا 1991 - يىلدىن 1995 - يىلى 2 - ئايغىچە دۆلەتكە 20 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك باج تاپشۇردى.

ئابلىكىم قاسىم ئەمگىكىگە يارىشا شەرەپ تاپتى. 1993 - يىلى 5 - ئايدا قورغاس ناھىيىسى بويىچە مېيىپلارغا يار - يۆلەك بولۇش نەمۇنىچىسى، 1994 - يىلى 9 - ئايدا قورغاس ناھىيىسى بويىچە مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى بولۇپ تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ ھازىر مېيىپلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئۈچۈن، بازار ئۇچۇرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، قورغاس ناھىيىسىدە مېيىپلار ئاياغ كىيىم كارخانىسى قۇرۇش تەييارلىقىنى جىددىي ئىشلەۋاتىدۇ.

پوسكام ناھىيىسى چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتمەكتە

پوسكام ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، بىر قىسىم دۆلەت خادىملىرىنىڭ خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ پارا قوبۇل قىلىش، پارا بېرىش، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىش، ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلىش، ھۆكۈمەت پۇلىغا مېھمان چاقىرىش، ھۆكۈمەت پۇلىنى بۇزۇپ - چېچىپ، ئۆزىنەپ ئېلىش، قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇشتەك ناچار قىلمىشلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇ ناھىيە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى قارارى ۋە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى بويىچە چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ناھىيىنىڭ چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش ئومۇمىي پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. 26 قېتىم چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. مەخسۇس چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، گۇرۇپپا قارمىقىدا مەخسۇس ئىشخانا ۋە تەشۋىقات گۇرۇپپىسى تەسىس قىلدى. ھەر قايسى ئىدارە - جەمئىيەت ۋە يېزا - بازار، مەيدانلارمۇ چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن پاك - دىيانەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلدى. رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن پاك - دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈردى. ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان ناتوغرا ئىشلارنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 1989 - يىلى 6 - ئايدا ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركىتىگە ئىشچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىدا قىسمەن رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ساختىپەزلىك قىلغانلىقىدىن ئامما بەكمۇ نارازى بولغانىدى، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە ئىدارىسى بىرلىكتە تەكشۈرۈپ، بۇ ساختىپەزلىك ئەنزىسىگە چېتىشلىق بولغان ناھىيىلىك كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كادىرلار ئىدارىسى قارمىقىدىكى ئەمگەك سوغۇرتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. يىما يېزىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلغان ئەنزىسى، كۆيىاغ يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسىنىڭ كۆپ جايغا ئۆي سېلىش ۋە ئۆي ھايانكەشلىكى قىلىش ئەنزىسى، ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركىتى قارمىقىدىكى ئونئۇبىرسال ياغ زاۋۇتىنىڭ ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش ئەنزىسى، ناھىيىلىك دورا باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئومۇمنىڭ پۇلىغا كوللېكتىپ خىيانەت قىلىش ئەنزىسى قاتارلىق يەتتە چوڭ ئەنزىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ناھىيىلىك دورا باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئومۇمنىڭ پۇلىنى شەخسلەرگە بۆلۈپ بەرگەنلىك ئەنزىسىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، شەخسلەر بۆلۈشۈۋالغان 60 مىڭ يۈەن پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن رېۋىزىيە ئىدارىسى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېزا - بازار (مەيدان) لاردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئاساسىي قاتلام ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ بىر تۈركۈم ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزىتىشنى قانات يايدۇرۇپ، مەخسۇس «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزىتىشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى. «ئۈچ قالايمىقان»نى تەكشۈرۈشتە ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى، 127 ئورۇن ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈردى. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە قاراشلىق قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى يالاپ ئىشلەتكەن خادىملار خىزمەت بېجىرىش جەريانىدا قالايمىقان ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ، جەرىمانە تاپشۇرغۇچى ئورۇن ۋە شەخسلەردىن ھۆججەت تەلەپ قىلسا 50 يۈەن، ھۆججەت تەلەپ قىلمىسا 10 يۈەن جەرىمانە پۇلى ئالغان، بۇ ئەھۋالدىن ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ج خ قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىگە تەنقىد - تەربىيە ئىشلىگەندىن باشقا، قاتناش ساقچى ئەترىتى يالاپ ئىشلەتكەن خادىملارنى ئېنىقلاپ، يول تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كادىر - ساقچىلار ئۆزى بىۋاسىتە ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ج خ قاتناش ساقچىلىرى ۋەزىپىنى خاتا ئىجرا قىلسا، تاشيول قاتنىشىنى باشقۇرۇش نىزامىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى. قالايمىقان يىغىۋېلىنغان 33 مىڭ يۈەن جەرىمانە پۇل ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىگە تاپشۇرۇلدى. ئۆتكەن يىلى ئاقتام يېزىسىدا يۈز بەرگەن دۆلەت كادىرلىرى يەر ئىگىلەپ ئېلىپ، ھېچقانداق ھەق تاپشۇرمىغانلىق ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، ئىگىلەپ ئېلىۋالغان يەرلەرنى قايتۇرۇۋالدى. تاپشۇرماي كېلىۋاتقان ئۇغۇت پۇلى ۋە سۇلياۋ يوپۇق پۇللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ ئىشقا چېتىشلىق بولغان يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى قاتارلىق تۆت كىشىگە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بەردى. بىر مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئۈچ كىشىنى باشقا ئورۇنلارغا يۆتكىۋەتتى.

تۇرپان ئېلېكتر ئىشلىرى ئىدارىسى كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى

تۇرپان ئېلېكتر ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىكى ئاممىغا دادىل باشلامچى بولۇپ، تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۇختا ۋە كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلېكتر ئىشلىرى كەسپىدىكى ناتوغرا ئىستىللار بۇ كارخانىدا ناچار ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلغانىدى. تۇرپان ئېلېكتر ئىشلىرى ئىدارىسى خەلقنىڭ ئېلېكتر ئىشلىرىنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، پاك بولۇش، ئىستىل تۈزىتىشكە دائىر ھەرخىل تۈزۈملەرنى بېكىتىپ چىقتى. رەھبەرلەر تۈزۈمگە ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ رىئايە قىلدى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تۇردى ۋە نازارەتچىلىك قىلدى. ۋىلايەتكە قاراشلىق ھەر قايسى يېزىلاردا يېزىلىق توك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتلىرىنى تەسىس قىلىپ، توك بىلەن بىۋاسىتە تەمىنلەش، توك ئىشلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرۇش، توك سانائىتىنى بىۋاسىتە تەكشۈرۈش، توك ھەققىنى بىۋاسىتە يىغىشتىن ئىبارەت «تۆتتە بىۋاسىتە بولۇش» چارىسىنى يولغا قويدى ھەمدە پاش قىلىش ساندۇقى ئورناتتى. ئېلېكتر ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمىتى ئامما تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىپ، باشقا سېلىقلارنى توك ھەققىگە قوشۇپ يىغىش، توك ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى بېيىتىش، توك زومىگەرى بولۇۋېلىش ئەللەتلىرى تىزگىنلەندى. بۇنىڭ بىلەن 1993 - يىلى بىر يىلدىلا دېھقانلارنىڭ توك ھەققى يۈكى 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئازايدى. بۇ ئىدارە بۇ نەتىجىلىرى بىلەن ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئۈچكە مۇلازىمەت قىلىش» (يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن، دېھقانلار ئۈچۈن، يېزىلارنى ئېلېكترلەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش) تا ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇن بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

تۇرسۇنجان ئېلى

ئەنۋەر خالىق



غۇلجا شەھىرىدە بازار باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتى قوغدالدى

غۇلجا شەھىرى ئۆتكەن يىلى «جۇڭخۇا خەلق

توپ سېتىش ئورنى ۋە ماگىزىندا ئالتەقېتىم چوڭ

ھەققى بەردى، زاۋۇتنى كۆتۈرە ئېلىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئابلىكىم ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىي گىلەم كارخانىسى قۇرماقچى بولۇپ مۇشۇ زاۋۇتنى قورغاندى.

ئابلىكىم قىزنىڭ زېرەكلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، نۇرلۇق چىرايىدىن ئۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتە مېيىپ بولغىنى بىلەن روھىي جەھەتتە ساغلام، بېجىرىم قىزلاردىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. بۇ قىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى - دە، ئۇ گىلەم توقۇش كارخانىسىنى مېيىپلارغا يار - يۆلەك بولۇش كارخانىسىغا ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلدى ۋە قورغاس ناھىيىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىگە ئىلتىماس قىلدى. ئۇنىڭ ئىلتىماسى قورغاس ناھىيىلىك مېيىپلار ئۆزى ئاپىرىپ، ئېشىپ ئۆزى ئەكىلىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىللىقلىقىنى بۇ مېيىپنىڭ قەلبىگە سىڭدۈردى. ھازىر ئۇ ماھىرەنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋېلسىپىت بىلەن ئىككى كىلومېتىر يول يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە يۆگەيدىغان يىپ ئاپىرىپ بېرىپ، ئەتىسى ئەكېتىدىغان بولدى. بۇ ئىشتىن ماھىرەنىڭ ئۆيدىكىلىرى ئىنتايىن مىننەتدار بولدى. قورغاس ناھىيىلىك چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم خۇيزۇ ئىشچىسى زاۋازنىڭ قىزى ئامىنەمنىڭمۇ پۇتى ئاجىز ئىدى، ئابلىكىم قاسىم ئۇنىڭغا بىر ۋېلسىپىت ئېلىپ بەردى.

ئابلىكىم قاسىم ھازىر مېيىپلارغا ھەر ئايدا

مۇكاپاتلاندى. ئۇ ھازىر مېيىپلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئۈچۈن، بازار ئۇچۇرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، قورغاس ناھىيىسىدە مېيىپلار ئاياغ كىيىم كارخانىسى قۇرۇش تەييارلىقىنى جىددىي ئىشلەۋاتىدۇ.

تۈزۈملەرنى بېكىتىپ چىقتى. رەھبەرلەر تۈزۈمگە ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ رىئايە قىلدى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تۇردى ۋە نازارەتچىلىك قىلدى. ۋىلايەتكە قاراشلىق ھەر قايسى يېزىلاردا يېزىلىق توك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتلىرىنى تەسىس قىلىپ، توك بىلەن بىۋاسىتە تەمىنلەش،

دېھقانلارنىڭ توك ھەققى يىلىغا 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئازايدى. بۇ ئىدارە بۇ نەتىجىلىرى بىلەن ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئۈچكە مۇلازىمەت قىلىش» (يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن، دېھقانلار ئۈچۈن، يېزىلارنى ئېلېكترلەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش) تا ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇن بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ئەنۋەر خالىق

ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، تىكىلىپ تېرىۋالغان يەرلەرنى قايتۇرۇۋالدى. تاپشۇرماي كېلىۋاتقان ئوغۇت پۇلى ۋە سۇلياۋ يوپۇق پۇللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ ئىشقا چېتىشلىق بولغان يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى قاتارلىق تۆت كىشىگە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بەردى. بىر مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئۈچ كىشىنى باشقا ئورۇنلارغا يۆتكىۋەتتى.

تۇرسۇنجان ئېلى

غۇلجا شەھىرىدە بازار باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتى قوغدالدى

غۇلجا شەھىرى ئۆتكەن يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى» نى ۋە باشقا قانۇن-نىزاملارنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ساختا ماللارغا زەربە بېرىش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ناتوغرا ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، بازار تەرتىپىنى ساقلاپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىدى.

سودا - سانائەت تارماقلىرى 35 نەپەر يەككە سودا - سانائەتچىنى خالسانە نازارەتچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق ھەر ئايدا بىر قېتىم ئەھۋال ئىگىلەپ تۇردى. شۇ ئاساستا، قانۇن - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىش، ھايانكەشلىك قىلىش دېلوسىدىن 46 نى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 6000 يەككە تىجارەتچىنى بىر تەرەپ قىلدى. ساختا ھاراق ياساپ ساتقان ئورۇندىن بەشنى پاچاقلىدى. يۇقىرىغا 35 مىڭ يۈەن جەرىمانە سوممىسىنى تاپشۇردى، ئىستېمالچىلارنى 13 مىڭ 200 يۈەنلىك زىياندىن ساقلاپ قالدى.

سودا - سانائەت، مال باھاسى، تازىلىق، ئۆلچەم تارماقلىرى ئۆز ئارا يېقىندىن ماسلىشىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى 113 كارخانا، توپ سېتىش ئورنى ۋە ماگىزىندا ئالتە قېتىم چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 453 مىڭ 600 يۈەن قىممەتتىكى ساختا ھاراق، تېلېۋىزور، تاماكا، موم قەغەز، دورىلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلدى. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى (خەلقئارا ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كۈنى) 250 مىڭ يۈەن قىممەتتىكى ساختا، سۈپىتى ناچار ماللارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈردى. ئۆتكەن يىلى ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرى ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 8000 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىدىن 111 نى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن 93 نى، يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت، سۈپەت، باھا، ئۆلچەم مەسىلىسىگە ياتىدىغان 240 دېلونى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىستېمالچىلارنى 349 مىڭ 800 يۈەنلىك زىياندىن ساقلاپ قالدى.

روزى بىلال ئەرشىدىن



قاراماي نېفت ئېلىش 1 - زاۋۇتى بۇ يىل كىرىشى بىلەن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھالقىلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، ئۈسكۈنىلەرنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ، كۈنلۈك سۇ بېرىش مىقدارىنى 6130 كۇب مېترغا يەتكۈزۈپ، نېفتلىككە سۇ بېرىش خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلدى.

سۈرەتتە: 205 - سۇ بېرىش پونكىتىدىكى ئايال ئىشچىلار ئۈسكۈنىلەرنى تازىلىماقتا.

ئابدۇمامۇت ئەبەيدۇللا فوتوسى

قەشقەر ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ھەقىقىي تۈردە كۆڭۈل بۆلمەكتە

قەشقەر ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ھەقىقىي تۈردە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرماقتا.

زاۋۇت قۇرۇلغان 37 يىلدىن بۇيان، بىر كورپۇسمۇ ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق بىناسى سېلىنمىغاچقا، نۇرغۇن ئىشچى - خىزمەتچىلەر 60 - يىللاردا خام كېسەك بىلەن سېلىنغان ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ كەلگەنىدى. بولتۇر زاۋۇت پارتكومى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئىشخانا بىناسى سېلىشقا تەييارلىغان مەبلەغنى ئىككى كورپۇس ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق بىناسى سېلىشقا ئىشلىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇردى. ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا بىر قېتىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەردى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ئىش ھەققى، داۋالىنىش راسخوتى، چاڭ - توزاندىن بۇلغىنىش راسخوتى قاتارلىق جەھەتلەردە 1 - سەپتىكىلەرگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى. ئۆتكەن يىلى 1 - سەپتىكى ئىشچىلارنىڭ ئايلىق مۇكاپات سوممىسى ئەڭ كۆپ بولغاندا 800 يۈەندىن ئاشقان بولسا، 3 - سەپتىكى خادىملارنىڭ ئايلىق مۇكاپات سوممىسى ئەڭ كۆپ بولغاندا 70 يۈەن بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ئېشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۆتكەن يىلى بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان سېمونت 61 مىڭ 136 توننىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن % 14.7 ئاشتى، سېمونتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى.

ئابدۇۋېلىجان مەتمىن

تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى

چاپچال ناھىيىسى مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا قارىتىپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ ناھىيە 1983 - يىلى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشنى ۋىلايەت بويىچە ئەڭ بالدۇر تۇتتى. بۇ خىزمەت ناھىيە بويىچە كەڭ قانات يېيىپ، مەكتەپلەر ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانچىلىق بىلىملىرىنى ئۆگىنىش بازىسى، زاۋۇت، باقمىچىلىق قاتارلىق 3- كەسىپ نۇقتىلىرىنى قۇردى. ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى 42 خادىمنى مەخسۇس 3 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئاجراتتى. ھەر قايسى يېزا، كەنتلەر ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن مەكتەپلەرگە يەر ياكى قوي ھەل قىلىپ بەردى. ھەر قايسى تارماقلار بۇ ئىشقا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. 1989- يىلدىن 1992 - يىلغىچە كەسپىي بانكىلار مەكتەپلەرگە 250 مىڭ 800 يۈەن قەرز ھەل قىلىپ بەردى، باج تارماقلىرى مەكتەپ باشقۇرغان كارخانىلاردىن باجنى كەچۈرۈم قىلدى. يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى مەكتەپلەرگە تېرىلغۇ يەر ھەل قىلىپ بەردى. مائارىپ ئىدارىسى بىلەن شتات كومىتېتى مەكتەپلەرگە ئەھۋالغا قاراپ شتات ئاجرىتىپ بەردى. ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى تىرىشچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا بەش خادىم ۋە كىچىك ماشىنا ئاجرىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ مائارىپ سېپىدە باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بۆسۈپ ماڭالايدىغان، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرالايدىغان كۈچلۈك قوشۇن بارلىققا كەلدى.

بۇ ناھىيىنىڭ بەشسومۇل يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى 1990 - يىلدىن بۇرۇن پەقەت بىر قانچە مو يەر تېرىپ ئازراقلا كىرىم قىلاتتى. 1991 - يىلى بىر قۇدۇق كولاپ، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ 400 مو يەرگە كۈزگى بۇغداي تېرىدى. ھازىر بۇ مەكتەپنىڭ تېرىلغۇ يېرى 500 موغا، باققان قويى 200 گە يەتتى. بۇ مەكتەپ 400 كۋادرات مېترلىق ئاشلىق ئامبىرى سېلىپ، كۈنىگە 10 توننا ئۇن تارتىدىغان ئۇن زاۋۇتى قۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈردى. ناھىيە بويىچە يىللىق كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان مەكتەپلەر 28 گە، 50 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان مەكتەپلەر تۆتكە يەتتى.

1993 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە مەكتەپلەر تېرىۋاتقان يەر 1991 - يىلدىكى 2664 مودىن 4938 موغا يەتتى. بېقىلغان قوي 4634 تۇياققا يەتتى، ساپ كىرىم 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا 30 يۈەندىن توغرا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ناھىيە ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتا 1995 - يىلى يېتىدىغان نىشانىغا يېتىپ بولدى.

مىرزەخمەت مۇھەممەت

ئەپۇ سوراش خېتى

مېنىڭ «ئىشچىلار ۋاقت گېزىتى»نىڭ 993 - ساندا بېسىلغان «زەھەرلىك چېكىملىك چەككەن ۋە ساقلىغان ئەر- ئايال قانۇنىي جازاغا تارتىلدى» سەرلەۋھىلىك خەۋىرىمدە جاۋابكار ئەخمەت قاۋۇز «دۆۋا سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى» دەپ خاتا يېزىلىپ قالغاچقا، خوتەن ۋىلايەتلىك دۆۋا سېمونت زاۋۇتىنىڭ نام - شۆھرىتىگە تەسىر يەتتى. بۇ مېنىڭ خەۋەرنىڭ چىنلىقىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىمدىن كېلىپ چىقتى. شۇڭا خوتەن ۋىلايەتلىك دۆۋا سېمونت زاۋۇتىدىن ئەپۇ سورايمەن ھەمدە مۇشتەرىلارنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

گۇما ناھىيە موجى يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتىپىدىن:

ئىدرىس توختىباقى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ماھىرە سۇلتان ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان 10 يىلدىن بۇيان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىل ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. ئۇ مەسئۇل بولغان سىنىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى ھەر يىلى % 100 كە يەتتى. ئۇنىڭ گۇرۇپپىسى كۆپ قېتىم سايباغ رايونى ۋە مەكتەپ بويىچە «ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى. ئۆزىمۇ سايباغ رايونى ۋە مەكتەپ بويىچە ھەر يىلى «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. ئۇنىڭ يازغان «بىر سائەتلىك خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى 1990 - يىلى سايباغ رايون بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

سۈرەتتە: ماھىرە (ئوتتۇرىدا) ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كەسپىي ئۆگىنىش قىلماقتا.

فاتىمە ئەنۋەر فوتوسى

ئۇ، كەلمەسكە كەتتى

● ئەختەم ئۆمەر

ئۇ، بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، ھەممىمىز ئاخىرى بىر كۈن بارىدىغان يەرگە - مۇقەددەس ھەم مەڭگۈلۈك ئاللانىڭ دەرگاھىغا، ئەتىۋارلىنىدىغان پەيغەمبەر يېشىدا ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەر بولغان رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ھېچكىمگە «خوش» دەپ قويمايلا جىممىدە كېتىپ قالدى. قولىنى كۆسەي، چېچىنى سۈپۈرگە قىلىپ، ئوتتۇز يىللاپ تۈنىنى تاڭغا ئۇلاپ تەرىتىگە سۇ بەرگەن سۆيۈملۈك ئايالىغىمۇ ئۆزىنىڭ كېتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەستىن ئۈنسىز، خاتىرجەم كېتىپ قالدى...

20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۆمۈر خەلپە، خوجا نىياز ھاجى قاتارلىق مەشھۇر خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلگەن، ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ قەدىمىي مەسچىت - نوغاي مەسچىتىدە ئۇنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈۋاتقاندا، ئۈرۈمچىدىكى ھەر ساھە ئەربابلىرىدىن بىر مىڭچىلىغان كىشى بۇ تۇيۇقسىز نامازغا ئۈلگۈرۈپ كېلىپ، ماتەم سۈكۈتىگە چۆمگەنىدى.

بۇ نامازغا ئۇنىڭ دوستلىرى، شاگىرت - ئوقۇغۇچىلىرى، خىزمەتداشلىرى كەلگەندىن باشقا، مۇشۇ دەقىقىگىچە ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلۈك دۇئېلغا چۈشكەن رەقىبلىرىمۇ كېلىپ قايغۇلۇق سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. ئۇنى كۆرمەي، بىلمەي ھۆرمەتلەپ ماختىغانلارمۇ، ئۇنى كۆرمەي، بىلمەي تىللاپ كۆڭلىنى خوش قىلىپ، ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ «دانىشمەن» بولغانلارمۇ بۇ نامازدا ئوخشاشلا سۈكۈتكە چۆمگەنىدى...

مانا شۇ مىنۇتلاردا ھەممىنىڭ كۆڭلىگە بىر نەرسە ئېنىق بولدىكى، مەيلى ئۇ قانداقلا ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بۇنداق تېز، بۇنداق تۇيۇقسىز كېتىپ قالسا ھەرگىز بولمايتتى!

ئۇ ئادەم ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈنمۇ، ئەتىسى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى كېرەكلىك ئادەم، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا بىرمۇنچە ئۇيغۇرلار بىرلىشىپمۇ تولدۇرالمايدىغان ئادەم ئىدى. يايلاقتا بۆرە ھۇۋلاپ تۇرمىسا قوي پاڭقۇش كېسىلى بولۇپ، قوتۇر بېسىپ قىرىلىپ كەتكەنگە ئوخشاش، ئۇنىڭ نامىزىغا قاتناشقان كۈچلۈك رەقىبلىرى ئۇزاق مۇددەت قىلىچلىشىپ دۇئېلغا چۈشكەن چەۋەنداز رەقىبى يىقىلغاندىن كېيىن، قىلچىنى تۇتۇپ نىمە

يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىچىدىكى ئالىملارنىڭ ئالىمى ئىدى. بىز بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز، ئۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياشىسا بولمايتتى دەيمىزكى، زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىچىدە ئۇنىڭ خاسىيەتلىك تەرىپى، بىرى، ئۇ ئىگىلىگەن شۇنچە كۆپ بىلىمگە لايىق، ئۆز خەلقىگە بىر مۇنچىلىغان ئېسىل كىتابلارنى يېزىپ بەردى. بىرمۇنچە نەرسىنى ئىچىگە سولاپ ئۇلۇغ بولۇۋېلىپ، ھۆپۈپكە ئوخشاش ئىچىدە سېسىتىۋېتىدىغان بەزى ئېتى ئۇلۇغ، سۈپۈرسى قۇرۇق ئالىملىرىمىزدەك ئەخمەقلەرچە ياشىمىدى. بولۇپمۇ ئۇ قارىماققا ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان، ئەمەلىيەتتە جىگدىچىلىك مېۋىسى يوق قاپاق تېرەكتەك، كارغا يارىماس بەزى ئالىملىرىمىزدەك ياكى ئېزىتقۇ سەركىلىرىمىزدەك ياشىمىدى. يەنە بىرى، ئۇ تېخى ئىشتىن قالماي، قەلىمىنى تاشلىماي، بىلگەنلىرىم مەن بىلەن توپا ئاستىغا كىرىپ كەتمىسۇن، ئەۋلادلارغا قالسۇن، دەپ كېچە - كۈندۈز شىددەت بىلەن توم - توم كىتاب يېزىۋاتقانىدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى دەل خەلقىگە كۆپلەپ ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىدە ئىدى. ئۇنىڭ تىنىم تاپماي ئۆگىنىدىغان، ئىزدىنىدىغان، تىرىشىدىغان، ئىشلەيدىغان روھى سورۇنلارنى بېشىغا كىيىپ، خەقنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ قۇرۇق لاپ ئاتىدىغان، بىر تۇخۇم تۇغۇپ قويۇپ ئالەمنى بېشىغا كىيىدىغان، ئۆزىنى ماختاپ، ئۆزىنى ئۇلۇغلاپ، ئۆزىدىن باشقىنى ئاساسسىز ئىنكار قىلىپ سېسىتىدىغان، ئەمەلىيەتتە خەلققە قۇرۇق پىتنىدىن باشقا تۈزۈك نەپ بەرمەيدىغان سەللىسى چوڭ، قۇرۇق سۆلەت ئالىملاردىن مىڭ ئەۋزەل ئىدى. ئۇنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىپ كېتىۋاتقان چېغىمىزدا ئارىمىزدىن بىرسى: «بۇ ئادەم تازا ئىشلەۋاتقانىدى. مۇشۇنداق قولىدىن ئىش چىقىدىغان ئالىم يەنە خېلى ئۇزاق مەزگىل ياشىسا بولاتتى. ئەجەلمۇ دەيمىز،

چىقىشنى، پىتنە قىلىشنى ئازا ئۆزلەشتۈرۈپ «كەسپىي پىتنىچى»لەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتۇق. بىز بىر - بىرىمىزنى قەدىرلىمەيمىز، ھۆرمەت قىلمايمىز، بىر - بىرىمىزگە يول قويمايمىز، ئۆز ئارا كەڭ قورساق بولمايمىز. بىز كۆپ ھاللاردا ئۆز ئارا گەپلەشكەنمۇ، سالاملاشقانمۇ ھالال نىيەت بىلەن ئەمەس، بەلكى بىرەر غەيۋەت ئۇچۇرىغا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە گەپلىشىپ، سالاملىشىمىز. مۇڭداشقانمۇ غەيۋەت شەكلىدە بولسا بەك ھۇزۇرلىنىپ مۇڭدىشىپ كېتىمىز. پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىزمۇ، تەپەككۇر ئادىتىمىزمۇ، قىممەت قاراشلىرىمىزمۇ پىتنە - پاسات، غەيۋەت - شىكايەت شەكلى ۋە مەزمۇنى بىلەن خاراكتېرلەنگەن. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە چوڭلار ئۆگىتىپ ئۇدۇم قىلغان. مانا شۇ ئاڭ بىزنىڭ بۈگۈنكى نادان، ياۋۇز ئېڭىمىزنى بەلگىلەپ، بۈگۈنكى سەسكىنىشلىك ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى قۇرۇق گەپ جەمئىيىتى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر - بىرىنى تىللاش، سېتىش، بىر - بىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يەرگە ئۇرۇش، بىر - بىرىنى خورلاش، ھاقارەتلەش ئارقىلىق تۇغۇلغانغا، ئۇيغۇر بولۇپ يارىلىپ قالغانغا دات دېگۈزۈپ ئۆلتۈرۈش جەمئىيىتى! مانا بۇ سەسكىنىشلىك جەمئىيەتنى چوڭلار بىزگە ۋايىغا يەتكۈزۈپ قۇرۇپ بەردى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەممە پىتنە - پاسات، غەيۋەت - شىكايەتلەرنىڭ چوڭى ئۇيغۇرلارنىڭ خىللىرى يىغىلغان مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدىن تارقىلىدۇ. بۇ يەردىكى ھەر ساھە ئەربابلىرى، چوڭ - كىچىكلەر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بارسا ئېلىپ بارىدىغان دۇئايى - سالام، سوۋغاتلار ئىچىدە غەيۋەت بىلەن پىتنە چوقۇم بولماي قالمايدۇ. بۇ پىتنە - پاساتلار ئاندىن ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيەلەردە ياڭىۇ

نەپرەتلەنمەي، كەمچىلىكىنى تۆھپىسى نەچچە ھەسسە بېسىپ چۈشىدىغان بىر ئۇلۇغ ئالىمىمىزنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىمىز قاغىدۇق. بىز ئۆزىمىز ھەممىمىزنىڭ ئىلاھ ياكى پەرىشتە ئەمەس، بەلكى ئازغۇچى بەندە - ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى، ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق نۇقسانىمىز بارلىقىنى ئويلىمىدۇق. ئەكسىچە ئۆزىمىزنى پەرىشتە، باشقىلارنى ئالۋاستى كۆرسىتىپ ياشاپ كەلدۇق.

شۇنداق ئېنىقتا بولدۇكى، ئەگەر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ياۋروپالىق ئالىم بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى دۇنيا بىلگەن، ئۆزىنى پەرىشتە ھېسابلىغان بولار ئىدۇق. تەرجىمانلىرىمىز ئۇنىڭ مەلۇم كىتابىنى ئۆزى تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ ماختانغان بولار ئىدى. بۇ خىلدىكى مىساللارنىمۇ كۆرۈۋاتىمىزغۇ؟!

ئەگەر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن رۇس، گېرمان، ئىنگلىز، ياپون، خەنزۇ، قازاق بولغان بولسا بىز كۆرسەتكەن كۈننىڭ دەل يەنە بىر تەرىپىنى كۆرگەن، قالتىس قەدىرلەنگەن بولار ئىدى.

ئۇ ئىنتايىن ياۋاش ئادەم ئىدى، سورۇنلاردا سۆز تالاشمايتتى، كۆرۈشكەندە قول تالاشمايتتى، ماڭغاندا يول تالاشمايتتى. كوللېكتىپ رەسىمگە چۈشكەندە چەتتە ياكى باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى. باشقىلار يۈزىدىن يۈزىگە تىللىغاندىمۇ، زەھەر - خەندىلىك بىلەن مەسخىرە قىلغاندىمۇ تۈگمەن تېشىدەك ئېغىر - بېسىق بولاتتى. كېچە - كېچىلەپ سوكۇلداپ مۈرەت توپلاپ، گۇرۇھۋازلىق ياكى يۇرتۋازلىق قىلمايتتى، قۇرۇق شۆھرەت قوغلىشىپ بەتخەجلىك، سۆلەتۋازلىق قىلمايتتى. 1958 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە توپتوغرا 20 يىل تارتىۋېلىنغان ئۆمرى ئۈچۈن ئېچىنىپ، ۋاقتىنى ئالتۇن بىلىپ ئىشلەيتتى، ئىشلەيتتى...

ئۇ كىشىلەرگە ئازار بەرمەيتتى. ھەتتا ئاستى - ئۈستى قوشنىلىرىغا دەخلىسى بولمىسۇن دەپ، گۆشنى پالتىدا چاپمايتتى، ھەرىدەپ كەسكەن ئادەم ئىدى. بىزگە كۈلكىلىك تۇيۇلىدىغان بۇ ئىشنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ كۆرسىڭىز، بىرىنچىدىن، قوشنىلارغا بىسەرەمجانلىق يەتمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كۆزلىگەن يەردىن كەسكىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، گۆش تىتىلىپ، سۆڭەك چېقىلىپ كەتمەيدۇ. دېمەك بۇ ئالىمىز

ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىسمىتى مەسىلىسى

- ئۇستازىم ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىدىن تۇغۇلغان ئويلار

● يالقۇن روزى

مەن ھەر كۈنى نەچچە قېتىم ئۆتىدىغان يول ئۈستىدە، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئالدىدا ماڭا بىر تونۇش بوۋاي كۈندە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. ئۇ بوۋاينىڭ مەيلى قىش، مەيلى ياز بولسۇن ھەر كۈنى شۇ يەردە ئاچچىق موخوركىسىنى قاتتىق شورىغىنىچە چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، ھومايغىنىچە تۇرغىنى تۇرغان. بۇ بوۋاي بىز دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىغان، رادىئو، تېلېۋىزور، سەھنىلەردە ياڭراپ تۇرىدىغان «مېنىڭ راۋابىم»، «كۈن ۋە تۈن»، «تاشۋاي» قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكىلارنىڭ ئىجادچىسى، زامانىمىزدىكى ئەڭ مەشھۇر كومپوزىتورىمىز قۇربان ئىبراھىم. مەن بىر يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ئاشۇ جايدا بۇ غەلىتە بوۋاي بىلەن بىر دەم مۇڭدىشىپ قالدىم. بۇ بوۋاي ماڭا ئۆزىنىڭ «نەۋرەم» ناملىق مۇزىكىسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بۇ بوۋاي گەپنى بوم ئاۋازدا قىسقا، قوپال ھەم تېز قىلىدىكەن. مەن سۆز ئارىلىقىدا «قۇربان ئاكا، كۈندە مۇشۇ يەردە تۇرغىچە ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلى تارتقان يەرلەرگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ كەلسىڭىز بولمامدۇ؟» دېدىم. بۇ بوۋاي ئادىتى بويىچە قوپال جاۋاب بېرىپ، «ۋاي ئۇكام، بۇ گۇيلار مېنىڭ مۇزىكامنى ئاپارمىغان يېرى قالمىدى، ئەمما مېنى ئۇلانبايدىكى ساناتورىيىگىمۇ ئاپىرىپ بىرەر ئاي دەم ئالدۇرۇپ قويمىدى ئەمەسمۇ!؟» دېدى.

شۇ كۈندىن بېرى، مېنى بىزنىڭ ئىجادىيەت بىلەن ئىجادكارغا تۇتقان مۇئامىلىمىزدىكى ئاسمان - زېمىن پەرق كۆپ ئويلاندۇردى. بىزدە كۆپ ھاللاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى بىلەن ئىجادكارنىڭ قىسمىتى تەتۈر تاناسىپ بولۇپ قالىدىكەن. روشەنكى بۇ كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان، غەزەپلەندۈرىدىغان ھادىسە! نېمە ئۈچۈن بۇنداق غەلىتە ھادىسە بىزدە شۇنچە كۆپ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئىنتايىن ئاددىي، چۈنكى بىز نادان مىللەت - دە!

كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار 20- ئەسىردىكى ئەڭ نادان مىللەت! دۇنيادا بۇ جەھەتتە بىزنى بېسىپ چۈشىدىغان مىللەت يوق. بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى ئېتىراپ قىلمىساق پاكىت بىزنى ماگدامدا بىرمات قىلدۇ.

ياشاپ كەلدى ۋە ھېلىمۇ ياشاۋاتىدۇ. نادان مىللەت نېمە ئىش قىلدۇ؟ نادان مىللەت جاھاندىكى ئەڭ ئەخمىقانە، ئەڭ رەزىل ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدۇ. ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدۇ، كېچە - كۈندۈز خەلقىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئەزىمەت ئوغۇللىرىنى خارلاپ، ئازابلاپ، تىللاپ سېتىپ، ئىككى يۈزلىمچى، مەككار ئادەملەرنى ئۇلۇغلاپ، ئېزىزلاپ، مازار خوجام قىلىۋالىدۇ. ھەقىقەتنى ئۆلچەيدىغان تارازىسىنىڭ خاتالىقىدىن گۇمانلىنىپ باقمايدۇ. ھەممە نەرسىگە ئاڭلىۋالغىنى بويىچە ياكى شەخسىي مۇددىئاسى بويىچە قارىسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. توغرا، ئادىل باھا بېرىشنى ئەسلا بىلمەيدۇ. سېيىت نوچىدەك ئەخمەق، مۇناپىقسىمان ئادەملەرنى يۈز يىللاپ سىغىنىپ، ئۇلۇغلاپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ماختىشىدۇ. «مىللىي قەھرىمان» دەپ تەرىپلىشىدۇ. سېيىت نوچى ھاياتىدا خەلقىنىڭ شىللىسىگە مىنگەن زالىملاردىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرگەنمۇ؟ بىرەر ئىش تەۋرەتكەنمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ باقمايدۇ. ئەجەبا، ئۇ، ئۇچتۇرپان ھاكىمىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ قېنىنى شوراۋاتقان بىر زالىمنىڭ يېنىدا دوست بولۇپ تۇرۇشقا ماقۇل بولدىغۇ؟ شۇنىڭغا راۋاب چېلىپ بېرىپ شۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچتىغۇ؟ قەشقەر دوتىيىگە ئاپارساڭ ساڭا ئەمەل بېرىدۇ، دېسە ئەمەل تاماسىدا مەست بولۇپ ئۆلۈم خېتىنى كۆتۈرۈپ كەلدىغۇ؟ قەشقەر دوتىيى ئۇنى ئەخمەق قىلىپ «سېنى ئۆلتۈرەي دېسەم قولۇم بارمايدۇ، ئۆلتۈرمەي دېسەم خانىنىڭ ئۆلۈمگە بۇيرىغان خېتىنى ئېلىپ كەپسەن» دەپ ئالدىسا، «خانىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالما، ئىككىلەنمەي مېنى ئۆلتۈرگىن» دەپ ئۆزىنىڭ بىگۇناھ ئۆلۈمىگە قۇللارچە رازىمەنلىك بىلدۈردىغۇ؟ ياق مېنىڭ گۇناھىم يوق، مېنىڭ خۇدا بەرگەن ياشاش ھوقۇقۇم بار، مەن سېنىڭ خالىساڭ ئۆلتۈرىدىغان،

پارچىمۇ ئىلمىي ئەسىرى يوق شۈكۈر يالقۇننى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا «ئەدەبىيات پېشۋاسى»، «كامالەتكە يەتكەن ئەدىب» دەپ ھاماقەتلەرچە ماختىدۇق. ئىلمىگە ئىلمىچە، ئادىمىگە ئادەمچە مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەيدىغان ژۇرناللىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بۇ قىلمىشلىرىدىن نومۇس ھېس قىلماي، ماختىنىشى تۇرغان گەپ ...

ئويلاپ باقساق، ساناپ كەلسەك بىزدە ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى بىلەن ئىجادكارنىڭ قىسمىتىنىڭ تەتۈرلۈكىگە ئائىت مىساللار ساماندەك. بەلكىم مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ جەھەتتىكى ئەڭ تىپىك مىسال بولۇشى مۇمكىن. ئۇ شائىرلىرىمىز ئىچىدە تۇنجى بولۇپ بىزگە مەخسۇس رۇبائىيلار توپلىمىنى تەقدىم قىلسا، بىز ھەسەت قىلىپ، رەزىللىك بىلەن «ياخشى رۇبائىيدىن بىر ئادەم ئۆمرىدە پەقەت بىر نەچچىنىلا يازالايدۇ» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ كەمسۇندۇردۇق. «قاتلام نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويسا ئىلمىي رەددىيە بېرەلمەستىن بۇ نەزەرىيىنى چەت ئەللىكلەر بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان، دەپ گەپ تارقاتتۇق. تارىخ، پەلسەپە، ئېستېتىكا تەتقىقاتى ۋە شېئىر - نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ توم - توم كىتابلارنى يېزىپ بەرسە، خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا «بۇ ئادەم ھەممە ساھەگە ئېسىلىۋالماي بىرلا ئىشنى قىلسا بولاتتى» دەپ ئەخمەقلەرچە ئەقىل كۆرسەتتۇق. ئويۇن - تاماشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ مىللەت ئۈچۈن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانسا «ئادەم بولغاندىكىن توي - تۆكۈنلەرگە بارمىسا بولامدۇ؟» دەپ ئۇنى ئەيىبلەپ ئۆزىمىزنىڭ كۈننى ھارام ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمىزنى ئويلىماي ھاماقەتلەرنى كۈشكۈرتۈپ ئۇنى ئالدى - كەينىدىن ھاقارەتلەتكۈزدۇق. ئۆزىمىزنىڭ بىرەر نەشرىيات ياكى گېزىت - ژۇرنالدا تىكىپ قالغان چۆمۈچىنىڭ سېپىچىلىك

زومىگەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇتۇپ بەرسە، «ئاپىرىن» ئېيتماستىن، «بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلسا بولاتتى» دەپ ھەقىقەتنى سۆزلىگەن ئادەمنى ئەيىبلىدۇق. قارىغاندا ھەقىقەت بۇ مىللەتنىڭ زىمىلەشكەن بەدىنىگە رېئاكسىيە بېرىدىغان ئوخشايدۇ. مۇناپىقلىقنى ئەڭگۈشتەر بىلىپ ياشاپ ئادەتلىنىپ قالغان بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز ئاتى - قارىنى ئارىلاشتۇرۇپ بىزنى ھەر كويلارغا سالىدىغان ئوخشايدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندە ئىلىم ھەقىقىتىنى تونۇيدىغان ئۆتكۈر كۆز، ئاقىل بىلەن نادانىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىدىغان دىت بار ئىدى. شۇڭا ئۇ:

«مىڭ توخۇنىڭ تاقلىشى سۇمۇرغ سۈپەت پەرۋاز ئەمەس، چۈرقىراپ سايراشلىرى بۇلبۇل كەبى ئاۋاز ئەمەس» دەپ غەزەل يېزىپ، قىلمىش - ئەتمىشلىرىمىزگە مىيىقىدا كۈلۈپ قوياتتى.

بۇ بەختسىز، ئەمما ئۇلۇغ ئالىم - ئاخىرى ئارىمىزدىن كەتتى. نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ قەلبىنى ھەسەت ئوتىدا كۆيدۈرگەن، نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئېسىل ئەمگەكلىرى بىلەن كۈلدۈرگەن بۇ ئالىم تۇيۇقسىزلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. خۇددى بىر قېتىم ماڭا «يالقۇن ئۆلۈم دېگەن ئۇ، شۇنداق نېمە، ئەزرائىل كېلىدۇ ئاپتوبۇسقا چىق دېگەندەك قىلىپلا، ئېلىپ كېتىدۇ» دېگەندەك غىپپىدە كېتىپ قالدى. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئەزرائىل ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ «ئاپتوبۇس» قا تارتىپ چىققۇچە بىز بار كۈچىمىز بىلەن ئۇنى «ئاپتوبۇس»غا ئىتتىردۇق ... دەسسىگەن يېرىنى چوغ قىلىپ، يېگەن ئېشىنى زەھەر قىلىپ، كۆرگەن كۈنىنى ھارام قىلىپ تۇغۇلغانغا تويغۇزۇپ ئۇ دۇنياغا ئۇزاتتۇق...

بىر تەڭدىشى يوق ئالىمىمىز ئۆلۈپ كەتسە بىز نېمە ئىش قىلدۇق؟ ھەر بايرام كەلسە يۈزلەپ شېئىر يازىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرەرسىمۇ مەرسىيە يازمىدىغۇ؟ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەسەرلىرىنى سىغىن كالىنى ساغقاندەك سېغىپ سەمرىگەن تەتقىقاتچىلىرىمىز بىرەر ئەسلىمە يازمىدىغۇ؟ قىچىشقاقنىڭ دورىسىنى يىللاپ ئېلان قىلىپ ھارمايدىغان

ئەتىسى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى كېرەكلىك ئادەم، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا بىرمۇنچە ئۇيغۇرلار بىرلىشىپمۇ تولدۇرالمايدىغان ئادەم ئىدى. يايلاقتا بۆرە ھۇۋلاپ تۇرمىسا قوي پاقىقۇش كېسىلى بولۇپ، قوتۇر بېسىپ قىرىلىپ كەتكەنگە ئوخشاش، ئۇنىڭ نامىزىغا قاتناشقان كۈچلۈك رەقىبلىرى ئۇزاق مۇددەت قىلىچلىشىپ دۈمبىغا چۈشكەن چەۋەنداز رەقىبى يىقىلغاندىن كېيىن، قىلىچىنى تۇتۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغاندەك، ياشاش ئەھمىيەتسىز، زېرىكىشلىك تۇيۇلۇپ، رەقىبىنى سېغىنغاندەك بولۇشۇپ قېلىشقان بولۇشى ئېھتىمال.

دېمەك ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن يۈزاپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىۋاتقان بۇ ئادەم بارلىق دوستلىرىغا كېرەكلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى رەقىبلىرىگىمۇ ناھايىتى كېرەك. جۈملىدىن پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كېرەكلىك ئۇيغۇر ئىدى.

دوستلىرى تەرىپىنى قىلىپ ماختىغاندىمۇ، دۈشمەنلىرى شىددەت بىلەن قاغاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن پىتنە قىلىۋاتقاندىمۇ، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ زامانىمىزدىكى بارلىق ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىلىدىغىنى ئەڭ كۆپ، ئەڭ ئەتراپلىق يېتىلگەن ھەقىقىي ئالىم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاندىن ماختايتتى ياكى تىللايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىنكار قىلىپ سېپتىدىغان، ئەمەلىيەتتە خەلققە قۇرۇق پىتنىدىن باشقا تۈزۈك نەپ بەرمەيدىغان سەللىسى چوڭ، قۇرۇق سۆلەت ئالىملاردىن مىڭ ئەۋزەل ئىدى.

ئۇنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىپ كېتىۋاتقان چېغىمىزدا ئارىمىزدىن بىرسى: «بۇ ئادەم تازا ئىشلەۋاتقاندى. مۇشۇنداق قولىدىن ئىش چىقىدىغان ئالىم يەنە خېلى ئۇزاق مەزگىل ياشىسا بولاتتى. ئەجەلمۇ دېمىسىز، راستىنى ئېيتقاندا بۇ ئادەمنى ئۆزىمىز تولا قاغاپ ئۆلتۈرۈۋەتتۇق، ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم دېگەن شۇ - دە» دېدى. ھېچكىم بۇ گەپكە قارشى چىقمىدى. چۈنكى بۇ گەپنىڭ بىزنى ئويلاندۇرىدىغان يېرى كۆپ، كۆپ ھاللاردا ئاتا - ئانا نېمىنى قىلىپ ئادەتلەنگەن بولسا بالا - چاقا شۇنى دوراپ، روھىغا، قېنىغا شۇنى سىڭدۈرۈپ چوڭ بولۇپ، دەل شۇلارنىڭ ئۆزى بولىدۇ. بىزنى تەربىيىلەپ، ئۇچۇرما قىلىدىغان چوڭلار بىزگە نېمىنى ئۆگەتتى؟ دەل بىر - بىرىمىزنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنى، بىر - بىرىمىزنى تىللاپ سېتىشنى، قۇرۇق گەپ قىلىپ ھاراق ئىچىپ، سورۇن قوغلىشىپ قاتار چاي ئويناپ، كۈننى ھارام ئۆتكۈزۈپ ئۆلۈپ تۈگەشنى ئۆگەتتى. بىز بىر - بىرىمىزنى، ھەتتا ئاتا - ئانا، ئوقۇتقۇچى - ئۇستاز ۋە چوڭلارنى تىللاپ، قاغاپ، يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ بىر - بىرىمىزنى

قىلىچىك سۇغۇرۇلغان يۈزسىز شەپقەت

(ئالىم، شائىر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە مەرسىيە)

ئابلىمىت تۇردى

سەن كىم؟
دەپ بېرەلمەس ۋىجدانىڭنى تىلىم
سەن كىم؟
كۆز يېشىمدا ئېرىيدۇ جېنىم.
ئىزدىدىڭ
ئىزدىدىڭ
ھەقىقەتنى تومەنىڭ قېنىم،
«يېپەك يولىدا...» «رۇبائىيات» يېزىپ،
كىرپىكىڭگە ياشلارنى تىزىپ
مەرسىيىدىن ھالقىدىڭ بۈگۈن
ئۇلۇغلۇقۇڭ تەڭرىگە يېتىپ.
غەلۋىر دېسە كىمنىڭ قەلبىنى
كەمچىگە ئاسمان بېرىدۇ چوقۇم،
غەلۋىر دېسە كىمنىڭ قەلبىنى
بوقۇلدايدۇ تۈت ئانىڭ ئىچى
چاقپەلەكتەك چۆرۈپ زېمىننى.
سەن كىم؟

سېرىق قارلار غىچىلدار
ئورىپىتىسى قاڭقىغان ئاياغلارنىڭ
ئاستىدا...
كۆكرەكلىرى يارىلار
كۆز چاناقلىرىمۇ ھەم
ۋىجىك بىر ئادەمنىڭ
سەن تۇغۇلغان چەتكى بىر يۇرتتا.
سەن كىم؟
ئۆلۈمدىنمۇ ھالقىغان ئالىم
سەن كىم؟
مىللىتىڭ ئىللەتلىرىنى
قىلىچىنى سۇغۇرۇپ يۈزسىز شەپقەتە
قىرىش ئۈچۈن ئاتلانغان «زالىم».
زىكىر قىلار
يەرۇ - زېمىن
سەن كىم؟
مىللىتىنى تونۇغان ئالىم.

شىكايەتلەرنىڭ چوڭى ئۇيغۇرلارنىڭ خىللىرى يىغىلغان مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدىن تارقىلىدۇ. بۇ يەردىكى ھەر ساھە ئەربابلىرى، چوڭ - كىچىكلەر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بارسا ئېلىپ بارىدىغان دۇئايى - سالام، سوۋغاتلار ئىچىدە غەيۋەت بىلەن پىتنە چوقۇم بولماي قالمايدۇ. بۇ پىتنە - پاساتلار ئاندىن ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەردە ياگيۇ كۆپەيگەندەك بىر - بىرىنى تۇغۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۈرۈمچىدىن بارغان ئادەمدىن ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەردىكى غەيۋەتچى، پىتنە - پاساتچىلار «ھە... ئۈرۈمچىدە نېمە يېڭى گەپ بار؟» دېگەن سىپايە سوئال بىلەن ئىگىلەپ دەرھال «كۆپەيتىپ بېسىش ماشىنىسى»غا كىرگۈزۈپ، تۈركۈملەپ كۆپەيتىپ تارقىتىدۇ. مانا بۇ بىز ئېسىمىزنى بىلسەك ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ بولغان ئادەت ئىكەن! شۇڭا ئۇيغۇر بولماق بەك تەس، ئۇيغۇرغا ئالىم بولماق تېخىمۇ تەس! ئەگەر ئۇيغۇرلاردىن بىرەر پەيغەمبەر دۇنياغا تۆرىلىپ قالغان بولسا، يەھۇدىلار ئەيسانى كرېستقا مىخلىغاندىن ئاشۇرۇپ، تىرىك تۇرغۇزۇپ قېنىنى ئىچىپ، بىر تۇغرامدىن چىشلەپ يەۋەتكەن بولار ئىدى.

دېمەك، ئۇيغۇرنىڭ زامانىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئالىمى، بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، خەلقئارالىق ئىلىم مۇنبەرلىرىگە ئېلىپ چىققىچە ئەرزىيدىغان پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننى مەندىن باشلاپ ھەممىمىز ئەنە شۇنداق تىرىك تۇرغۇزۇپ غاجاپ، قۇرۇق ئىسكىلىت قىلىپ، ئاندىن دەپنە قىلدۇق. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي قانۇنىيىتى - مېۋىنىڭ شۆپىكى، بۇغدايىنىڭ سامىنى ... بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە، بىز بۇ ئالىمنىڭ ئادەمگە خاس نۇقسانلىرىنى ئەپۇ قىلالمىدۇق. بىكار تەلەپ ھارامزادىلەرنىڭ سانسىز جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدىن، گەپنىڭ چىرايلىقىنى، ئىشنىڭ ئەكسىنى قىلىدىغان خۇمسىلارنىڭ ئۈستىدىن كېچىسى ئورا كولاپ، كۈندۈزى ئەلخۇمار بولۇۋالىدىغان مۇناپىقلارنىڭ ئۈستىدىن، بىر ئىشنى ياخشى قىلىپ يۈز ئىشنى يامان قىلىدىغان نائەھلىلەرنىڭ ئۈستىدىن

بۇ كىشىلەرگە ئازار بەرمەيتتى. ھەتتا ئاستى-ئۈستى قوشنىلىرىنىڭمۇ دەخلىسى بولمىسۇن دەپ، گۆشنى پالتىدا چاپماي، ھەردەپ كەسكەن ئادەم ئىدى. بىزگە كۈلكىلىك تۇيۇلىدىغان بۇ ئىشنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ كۆرسىڭىز، بىرىنچىدىن، قوشنىلارغا بىسەرەمجانلىق يەتمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كۆزلىگەن يەردىن كەسكىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، گۆش تىتىلىپ، سۆڭەك چېقىلىپ كەتمەيدۇ. دېمەك بۇ ئالىمىمىز ھەممە ئىشنى ئەقىل ئىشلىتىپ قىلار ئىكەن.

گۈلساي قەبرىستانلىقىغا ئالىم دەپنە قىلىنىۋاتقاندا، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ: «ھازىر ئۇيغۇرلار بۇ ئادەمنى قەدىرلىمىدى، خورلىدى. يەنە 50 يىللاردىن كېيىن ئەگەر ئۇيغۇر مىللىتى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بولسا، چوقۇم بۇ ئادەمگە خاتىرە مۇنارىسى تىكلەيدۇ. بۇ ئادەمنىڭ قىممىتىنى شۇ چاغدا تولۇق چۈشىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ ئېڭى ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىن 50 يىل ئالغا كەتكەن» دەپ تەرىپلىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇنى كۆمۈپ قويدۇق. ئۇ كەتتى، كەلمەسكە كەتتى. ئۇيغۇرغا ئالىم بولغانغا تويۇپ، خوشمۇ دېمەي كەتتى. بۇ نادان خەلق ئۇيغۇر ئۈچۈن جۇۋاز كالىسىدەك ياۋاشلىق بىلەن ئىشلەپ بېرىۋاتقان، بىر ئۆزى نەچچە ئون ئالىمنىڭ ئىشىنى قىلىپ ئۈلگۈرۈۋاتقان بىر يارامىلىق ئالىمنى يوقىتىپ قويدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىمىز بويىچە تىرىك چېغىدا سېتىپ، ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىسىگە ئېسىلىپ سېغىنىپ ئۇنى يادلاپ تۇرۇۋېتىمىز. ھەي كەم ئەقىل قېرىنداشلار، تىرىك چېغىمىزدا بىر - بىرىمىزنى قەدىرلەيلى...

ئالىم كەتتى. نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزىشقا ئۈلگۈرەلمەي ھەممىنى ئېلىپ كەتتى. بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ بىزنىڭ شور تەلەيلىكىمىزنىڭ بىر ئىسپاتى. ئاللاھ «مەن غەزەپ قىلغان قەۋم ئارىسىدىن ياخشىلارنى ئەكېتىش بىلەن شۇ قەۋمنى جازالايمەن» ،دېگەنىكەن. بىز داۋاملىق جازالىنىشتىن پاتراق قۇتۇلۇشنىڭ يولى ئۈستىدە ئىزدىنەيلى. بىز لەنەت تاشلىرىمىزنى ياخشىلارغا ئەمەس، شەيتانلارغا ياغدۇرۇشنى ئۆگىنىۋالايلى.

ئېسىمىزدە بولسۇن، ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى دوزاخ ئازابىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەڭگۈلۈك ئارامگاھقا كەتتى.

1995 - يىل 7 - مارت، ئۈرۈمچى.

قالىدىكەن. روشەنكى بۇ كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان، غەزەپلەندۈرىدىغان ھادىسە! نېمە ئۈچۈن بۇنداق غەلىتە ھادىسە بىزدە شۇنچە كۆپ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئىنتايىن ئاددىي، چۈنكى بىز نادان مىللەت - دە!

كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار 20- ئەسىردىكى ئەڭ نادان مىللەت! دۇنيادا بۇ جەھەتتە بىزنى بېسىپ چۈشىدىغان مىللەت يوق. بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى ئېتىراپ قىلمىساق پاكىت بىزنى ماڭدامدا بىرمات قىلىدۇ. قاراڭ، فرانسىيىلىك مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس، تارىخچى گراسسېرت 1930 - يىللىرى يازغان «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى» ناملىق كىتابىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختىلىپ، «ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەرنى مەدەنىيەت دەۋرىگە باشلاپ كىرگەن»، «ئۇيغۇرلار باشقا تۈرك - موڭغۇل خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىلغار خەلق بولۇپ، چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئۇلار يەنىلا تەربىيىلىگۈچىلەردىن ئىدى» دەپ يازغان. ئەپسۇسكى، بىز ئۇيغۇرلار دەل شۇ 30 - يىللىرى «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ۋە مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ مەرىپەت بايرىقى ئاستىدا ئاقارتىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتۇق. ئوتتۇرا ئەسىردە باشقىلارغا مەدەنىيەت ئۇستازى بولغان بۇ مىللەت بۈگۈنگە كەلگەندە «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قالغانىدى!

1960 - يىللىرى ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى دېنىس سىنور «ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ ئۇيغۇرلارنى «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇلار مەركىزىي ياۋروپا- ئاسىيادا ئوتتۇرا ئەسىردە بولۇپ باقمىغان تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن بەھرىمەن بولغان»، «تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەر ئىچىدە ھېچقايسىسى ئۇيغۇرلار يەتكەن مەدەنىيەت دەرىجىسىگە يېتىپ باقمىغان» دەپ يازغان بولسا، شۇ 60 - يىللاردا بۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى، ئەقلى، ئېتىقادى، غۇرۇرى بار بارلىق ئەزىمەتلىرىنى بىر- بىرلەپ تۇتۇپ، بولۇشىغا دۇمبالاپ، ئىت - ئېشەكتىن بەتتەر خار قىلىپ، پرولېتارىياتنىڭ پولات مۇشتۇمىنىڭ تەمىنى تېتىتىۋاتاتتى ...!

ھايات سىرلىرىنى بىلىدىغان بارلىق مۇتەپەككۇرلار خۇددى پۈتۈشۈۋېلىشقاندەك «ئىنسان ئۈچۈن نادانلىقتىن، بىلىمسىزلىكتىن چوڭ ئاپەت بولمايدۇ» دەپ ئېيتىشقان. بىزنىڭ بۇ تەپسە تەۋرىمەيدىغان ئەبگا مىللىتىمىز ھەممە خەق ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە توشمۇ توشتىن ئىزدەنگەن ۋە داۋاملىق ئىزدىنىۋاتقان بۇ 20- ئەسىردە نادانلىقتىن ئىبارەت بۇ رەھىمسىز ئاپەتنىڭ قارا پاتقىقىغا گەدەنگىچە پاتقان ھالدا ئۇنى ئەخمەق قىلىپ «سېنى ئۆلتۈرەي دېسەم قولۇم بارمايدۇ، ئۆلتۈرمەي دېسەم خانىڭ ئۆلۈمگە بۇيرىغان خېتىنى ئېلىپ كەپسەن» دەپ ئالدىسا، «خانىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالما، ئىككىلەنمەي مېنى ئۆلتۈرگىن» دەپ ئۆزىنىڭ بىگۇناھ ئۆلۈمىگە قوللارچە رازىمەنلىك بىلدۈرىدىغۇ؟ ياق مېنىڭ گۇناھىم يوق، مېنىڭ خۇدا بەرگەن ياشاش ھوقۇقۇم بار، مەن سېنىڭ خالىساڭ ئۆلتۈرىدىغان، خالىساڭ ياشىتىدىغان كۈچۈكۈڭ ئەمەس، دەپ ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرۈپ، چوقان سالمايدىغۇ؟ مۇشۇغۇ بىزنىڭ مىللىي قەھرىمانىمىز؟! تىللاردا داستان قىلىدىغان نوچىمىز؟! بۇ ئەڭ سادىق قول، ئەڭ ئىتائەتمەن مۇناپىقمۇ ياكى ئەزىزانە قەشقەردىن چىققان نوچىمۇ؟! بىز مۇشۇنداق بىر ئادەمنى ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسلىكلىرىگە «مىللىي قەھرىمان» دەپ كىرگۈزۈپ، ھازىرمۇ تېخى كاپىشىپ ئۆتىۋاتىمىز. رادىئو -تېلېۋىزورلاردا ئۇنىڭ شەنىگە ناخشا-قوشاق توقۇۋاتىمىز ...

ھەي ... بىزنىڭ نادانلىقىمىز، ئەقىلسىزلىكىمىز، بىلىمسىزلىكىمىز! ئابدۇقادىر داموللام بىلەن مەمتىلى تەۋپىقتەك ئۇلۇغ مىللەتپەرۋەر زاتلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلىشنى ئويلاشمىدۇق، ئەمما تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ خەت - چەكلىرىنىمۇ تېرىپ - تۆشەپ كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇق. بىر پارچىمۇ شېئىرى خەقنىڭ ئېسىدە يوق ئەلقەم ئەختەمدەك قۇرۇق قەسىدىچى شائىرلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەپ تون كىيدۈردۇق، ئەمما نىزامىدىن ھۈسەيىندەك ئىمانى ئەركەك قەلەمكەشلىرىمىزنى تويا بېسىپ قىلىۋاتسا پەسەنت قىلمىدۇق. ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنى ئەدەبىياتتىن زېرىكتۈرۈشكە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان، سولچىل ئەدەبىياتنىڭ بايراقدارى بولمىش قېيۇم تۇردىدەك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ «قىزىل تاغ چىراغلىرى» دېگەن كىتابىنى قايتا نەشر قىلىشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى كاسىلداپ چۈشەندۈرۈپ قايتا نەشر قىلدۇق، ئەمما، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندەك ئۇلۇغ ئالىم «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دەپ كىتاب يېزىپ بەرسە «تىراژتاپ» دەپ مەكتەپمۇ مەكتەپ سوكۇلداتتۇق. «بېرىۋاتقان باھايىمىز مۇۋاپىقمۇ - ئەمەسمۇ» دەپ ئويلانماستىن، ساقلىنىڭ ئاقلىقىغا قاراپلا «فۇزۇلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى» دېگەن تونۇشتۇرۇش ماقالىسىدىن باشقا بىر بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ مىللەت ئۈچۈن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانسا «ئادەم بولغاندىكىن توي - تۆكۈنلەرگە بارمىسا بولامدۇ؟» دەپ ئۇنى ئەيىبلەپ ئۆزىمىزنىڭ كۈننى ھارام ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمىزنى ئويلىماي ھاماقەتلەرنى كۈشكۈرتۈپ ئۇنى ئالدى - كەينىدىن ھاقارەتلەتكۈزدۇق. ئۆزىمىزنىڭ بىرەر نەشرىيات ياكى گېزىت - ژۇرنالدا تېگىپ قالغان چۆمۈچنىڭ سېپچىلىك ھوقۇقىمىزنى ئۇنىڭ ئالىملىقىدىن ئالىي بىلىپ بىزگە يېلىنمىغۇچە ئەسەرلىرىنى يېقىن يولاتمىدۇق. ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ كېچە - كۈندۈز پۈچىلىنىدىغان ئەۋلىيە-ئەزەملەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، شۇلارنىڭ نەزىرىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن بۇ ئالىمنى قاغىدەك چوقۇدۇق. جەمئىيەتتە بىرەر يامان گەپ تارقالسا دەرھال ئۇنى شۇ ئىشنىڭ ئىگىسى قىلدۇق. ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە، كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدۇق. ئۇ ئوغلىنى ئۆيلىمەك بولۇپ ئۆيمۇ ئۆي باغاق تارقاتسا شۇنىڭغىمۇ چىدىيالماستىن بىز ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ «ئۇنىڭ تويىغا بارماڭلار» دەپ گەپ تارقاتتۇق. قان تۈكۈرۈپ قىينىلىپ ئەسەر يېزىپ، مەتبۇئاتلارغا نەچچە ئون قېتىملاپ قاتراپ كىتاب چىقىرىپ ئازغىنە قەلەم ھەققىگە ئېرىشسە «شۇنچە قەلەم ھەققى ئېلىپ تۇرۇپ، بىرەر ئادەمنى چاقىرىپ مېھمان قىلالمايمۇ دېمەيدۇ» دەپ ھارام تامادا كۆيۈپ ئۇنى تىللىدۇق. ئۇ يازغان ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەچچە ئونىمىز بىرلىشىپمۇ يازالمايدىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنى سۆكتۇق. «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» دەپ ماقالە يېزىپ بىزگە خانىقا ئېچىشدا ساخاۋەتچى بولۇۋېلىپ مۇرت تويلاپ، ئىلىم ساھەسىگە نومۇس كەلتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ ئالىملىرىمىزغا باش بولۇۋالغان بىر ئىلىم ھارام قىلىپ تۇغۇلغانغا تويغۇزۇپ ئۇ دۇنياغا ئۇزاتتۇق...

بىر تەڭدىشى يوق ئالىمىمىز ئۆلۈپ كەتسە بىز نېمە ئىش قىلدۇق؟ ھەر بايرام كەلسە يۈزلەپ شېئىر يازىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرەرسىمۇ مەرسىيە يازمىدىغۇ؟ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەسەرلىرىنى سېغىن كالىنى ساغقاندەك سېغىپ سەمرىگەن تەتقىقاتچىلىرىمىز بىرەر ئەسلىمە يازمىدىغۇ؟ قىچىشقاقنىڭ دورىسىنى يىللاپ ئېلان قىلىپ ھارمايدىغان رادىئو - تېلېۋىزورلىرىمىز بىرەر پارچىمۇ خەۋەر بەرمىدىغۇ؟ بىر ئادەمنىڭ خىزمەت كىنىشكىسى يۈتۈپ كەتسە ئالقانچىلىك يەرگە ئېلان بېرىدىغان «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» بارماقچىلىك يەرگە كاۋاك چالمىسى قاتارىدا كىچىككىنە خەۋەر بېرىپ قويدىغۇ؟ ئەجەبا بىزدە ئالىم شۇنچە كۆپمۇ؟ ئەتىۋارى يوقمۇ؟ بىر نازىر ئۆلۈپ كەتسە «ئورنىغا مەن بار» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ چىقىدىغان ئادەمدىن كۆرمىگى چىقىدۇ، قېنى «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالىملىق ئورنىغا مەن تەييار» دەپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىرەر ئەزىمەت بارمۇ؟ شۇ ھالىمىزغا ئاشۇ ئۇلۇغ ئالىمنى نېمانچە ھاقارەتلىگەندۇق؟ نېمانچە ئازابلىغاندۇق؟! بىزدەك ئەزىزلەشكە ئەڭ ئەرزىيدىغان ئادەمنى خارلايدىغان نادان خەلق باشقا جايلاردىن تېپىلمىسا كېرەك.

شۇ ھېكمەت، شۇ سىر ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئەيسا كرېستقا مىخلانغاندا، مەنسۇر ھەللاجى، شاھ مەشرەپلەر دارغا ئېسىلغاندا، ئابدۇقادىر داموللا، تەۋپىق ئەپەندىلەر قان ئىچىگە غەرق بولغاندا ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ بەختسىز ئۆلۈمىدىن ئۆكۈنۈپ پۇشايمان قىلغان ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى تونۇپ يېتەلمىگەن خەقلەرنىڭ نادانلىقىغا ئېچىنىشىپ ھەسرەت چەككەن ...

پەلەك بىزنىمۇ ئەقلىنىڭ بورچىدا ياشىتىپ باقار. ئاق - قارىنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىنىۋالارمىز. بۇ بەختسىز ئالىمىمىزنىڭ ئۆلۈمى ئۆزىگە خاس ئۇلۇغ مەنا بىلەن بىزنى ئەقىلگە ئۈندەيدىغان، نادانلىقتىن ئويغىتىدىغان، قېرىنداشلارچە ئۆتۈنۈشكە دالالەت قىلىدىغان خاسىيەتلىك كولدۇرما بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

بۇ بەتتىكى ئەسەرلەردىكى كۆز قاراش ۋە سۆز - ئىبارىلەر گېزىتىمىزگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ

قارلىق چوققا

(59 - سان)

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» يولى 8 - قورۇ. تېلېفون نومۇرى: 2817039. گېزىت نەشىر ھوقۇقى گۇۋاھنامە نومۇرى: 120. پارچە باھاسى 0.22 يۈەن. پوچتا نومۇرى: 830002. «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى لازېر نۇرى مەتبەسىدە بېسىلدى

ئىشچىلار ۋاقت گېزىتى

工人时报　（维吾尔文）

● ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى ● «ئىشچىلار ۋاقت گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى ● مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 0042 / - W ● ۋاكالەت نومۇرى 20 - 57

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: تەلئەت ئەخەت　2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (سەيشەنبە)　(68 - سان)　(ئومۇمىي 1750 - سان)

مايتاغ ئېتىلېن زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتتى

خام ئەشيا سېلىپ سىناق قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى

تاغلىق تاشيول باش ئۆچاستكىسى ھەمكارلاشتى

ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **ئىسمايىل سىدىق، ئوبۇلقاسىم قادىر** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن 18 مىنۇت ئۆتكەندە، 1 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان مايتاغ نېفت خىمىيە شىركىتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 220 مىڭ توننىلىق ئېتىلېن زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، خام ئەشيا سېلىپ سىناق قىلىش بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈشى مايتاغنىڭ ئەسلىدىكى «خام ئەشيا بازىسى» بولۇشتىن «مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش بازىسى» بولۇشقا پۇختا قەدەم باسقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ قۇرۇلۇشتا بۇلتۇر 2 - ئايدا ئىش باشلانغاندىن بۇيان، «بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش، يەنە بىر تەرەپتىن، قۇرۇلۇش قىلىش» ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، 19 ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە دەسلەپكى لايىھىلەش، قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى تەييارلاش، ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش، قۇرۇلۇش قىلىش ھەم خام ئەشيا سېلىپ سىناپ ماگدۇرۇش ۋەزىپىلىرى ئورۇندالدى. بۇ زاۋۇتنىڭ ئەسلىدىكى يىللىق ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 140 مىڭ توننا بولغان قۇرۇلمىلىرى ئاساسىدا، ئېتىلېن، پولىئېتىلېن، پولىپروپىلېن، تېترا كاربون ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىلىرى كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. ئېتىلېن قۇرۇلمىسىغا ئامېرىكا لىموس شىركىتىنىڭ تېخنىكىسى، پولىئېتىلېن قۇرۇلمىسىغا ئەنگلىيىنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى قوللىنىلغاندىن سىرت، ھالقىلىق ئۈسكۈنىلەر خىمىيە سانائىتى بىر قەدەر ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن فرانسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىندى.

پولىئېتىلېن قۇرۇلمىسىغا يېڭى بىر ئەۋلاد كاتالىزلاش تېخنىكىسى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، مەھسۇلات تۈرى 66 گە يېتىدۇ، ئورۇۋا ماتېرىياللىرى، چىدامىلىق سۇلياۋ مەھسۇلاتلىرى ۋە يۇقىرى قوشۇلما قىممەتكە ئىگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. زاۋۇت كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، مەھسۇلات تۈرى 120 گە يېتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا ھازىر قوللىنىلىۋاتقان يېڭىچە تېمىتىپ سۇغىرىش، تۆۋەن بېسىملىق ئورۇۋا ئارقىلىق سۇغىرىش تېخنىكىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىغا بولغان تەلەپ ئاشماقتا. ئېتىلېن زاۋۇتى كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئېشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ خىمىيە سانائىتى بازىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، ئېتىلېن زاۋۇتىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇلۇشى مايتاغنىڭ «غەربكە يۈرۈش قىلىش» ئىستراتېگىيىسىنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، مايتاغنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈزلىنىش، خام ئەشيا ۋە سېتىش بازىرى سىرتتا بولۇش» تىن ئىبارەت خەلقئارالىشىش تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە رايون ئىقتىسادىي ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى «يورۇق نۇقتا» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىدە نەتىجە مول بولدى

ئۆز مۇخبىرىمىز **ئابدۇخالىق ئابلىمىت**، پراكتىكانت **راھىلە ئېزىز** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايون 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە تۆت مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى باشلامچىلىقىدىكى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق فۇنكسىيىلىك ئورۇنلار قاتناشقان بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ھەر قايسى گۇرۇپپىلار يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئاساسىي قاتلاملارغىچە بېرىپ، ئەستايىدىل ئەھۋال ئىگىلىدى. شۇ جايدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت، خەلق ئىشلىرى قاتارلىق فۇنكسىيىلىك تارماقلار، كارخانا، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاجىز ئائىلە بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، مەھەللىلەرگىچە بېرىپ ئېنچىكىلەپ زىيارەت قىلىش ئارقىلىق شۇ يەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى خىزمىتى ئەھۋالىنى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى ۋە باشقا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىدى، بايقالغان مەسىلىلەرنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش، تۈزىتىش پىكرى بېرىش، بىر تەرەپ قىلىش قىيىن بولغانلىرىنى دەرھال يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىش پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، جايلارنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

سانجى ئوبلاستى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇاڭ ياجۇن مۇنداق دېدى: سانجى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى كىشىنى قايىل قىلىدۇ، بۇ جايلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە كىرىش نىسبىتى 100% كە يېتىپتۇ. دۆلەت كارخانىلىرىدىن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش ياردەم پۇلىغا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش خىراجىتىگە ئېرىشىشمۇ ۋاقتىدا، تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپتۇ. بۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بارغانلا يېرىدە ئالاقىدار تارماقلاردىن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىزمىتىدە تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، بۇ خىزمەتكە سىياسىيگە ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىپ، خىزمەتلەرنى يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يەنە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش خىراجىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە يۈزلىنىپ، قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئامالىنىڭ بارىچە ھەل قىلىپ بېرىش، ھەر قانداق ئىشتا ئالدى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئويلىشىش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مېھىر - شەپقىتىنى خەلققە، قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.



ئاددىي ئىش ئورنىدا

كۆپ قېتىم شىركەت ۋە كان دەرىجىلىك «مەدەنىي ئىشچى - خىزمەتچى» بولۇپ باھالانغان ئۈرۈمچى ۋېيخۇلياڭ كۆمۈر كېنى ئۇنىۋېرسال كۆمۈر قېزىش 1 - رايونىنىڭ ئىسمېنا باشلىقى مەمەت مىجىت كۆپ يىللاردىن بۇيان كانچىلارغا خاس روھ بىلەن جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، كاننىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۇلتۇر 1 - ئايدىن ھازىرغىچە ئۇ سەپداشلىرىنى باشلاپ، 120 دىن ئارتۇق سۇيۇقلۇق بېسىملىق تۈۋرۈكنى رېمونت قىلىپ، 24 مىڭ يۈەن ماتېرىيال سەرپىياتىنى تېجەپ قالدى. بەش قېتىم تورۇس گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كۆمۈر كېنىنى زور زىياندىن ساقلاپ قالدى.

سۈرەتتە: مەمەت مىجىت (سولدا) كۆمۈر قېزىش ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلماقتا.

قىيىنچىلىقتا قالغان ئوقۇغۇچىلار مېھىر - شەپقەتكە ئېرىشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز **ۋارىس تاھىر** خەۋەر قىلىدۇ: بۇندىن 11 يىل ئىلگىرى لىيۇداۋان كۆمۈر كېنىنىڭ ئىشچىسى ھەسەن ئاكا چۈچۈرىدەك بەش بالىسىنى ئايالى ھۆرنساخانغا قالدۇرۇپ، بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك كەتكەنىدى. يېقىنقى

بىلدۈردى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوقۇش خىراجىتى ۋە ماتېرىيال پۇلىنى تۆلەشكە ئامالسىز قالغان ئائىلىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 29 پەرزەنتىمۇ كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ شەپقىتىگە ئې-

ھەرىكىتى ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىدۇ.»

لىيۇداۋان كۆمۈر كېنى پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئائىلىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىدىن 150 ى بار، ئۇلارنىڭ 60 نەچچىسى بىر قىسىم ئورۇن ۋە مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن

غاندىن بۇيان، «بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش، يەنە بىر تەرەپتىن، قۇرۇلۇش قىلىش» ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، 19 ئايغا يەتمىگەن

رى قوشۇلما قىممەتكە ئىگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. زاۋۇت كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، مەھسۇلات تۈرى 120

تېزلىتىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە رايون ئىقتىسادىي ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى «يورۇق نۇقتا» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



كۆمۈر قېزىش 1 - رايوننىڭ ئىسمىنا باشلىقى مەمەت مىجىت كۆپ يىللاردىن بۇيان كانچىلارغا خاس روھ بىلەن جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، كاننىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۇلتۇر 1 - ئايدىن ھازىرغىچە ئۇ سەپداشلىرىنى باشلاپ، 120 دىن ئارتۇق سۇيۇقلۇق بېسىملىق تۈۋرۈكنى رېمونت قىلىپ، 24 مىڭ يۈەن ماتېرىيال سەرپىياتىنى تېجەپ قالدى. بەش قېتىم تۈرۈس گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كۆمۈر كېنىنى زور زىياندىن ساقلاپ قالدى.

سۈرەتتە: مەمەت مىجىت (سولدا) كۆمۈر قېزىش ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلماقتا.

ئابلىز جاپپار فوتوسى

قىيىنچىلىقتا قالغان ئوقۇغۇچىلار مېھىر - شەپقەتكە ئېرىشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز ۋارىس تاھىر خەۋەر قىلىدۇ: بۇندىن 11 يىل ئىلگىرى لىۋداۋان كۆمۈر كېنىنىڭ ئىشچىسى ھەسەن ئاكا چۆچۈرىدەك بەش بالىسىنى ئايالى ھۆرنساخانغا قالدۇرۇپ، بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك كەتكەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ جاپاكەش ئانا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىينىلىپ، بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا ئامالسىز قالدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قوراللىق ساقچى قىسىم بىڭتۈەن قوماندانلىق باش شتابىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ھۆرنساخان ھەدىنىڭ ئىككى بالىسى ئوقۇۋاتقان لىۋداۋان كۆمۈر كېنى پەرزەنتلەر مەكتىپىگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر بولغان ئوقۇش خىراجىتى ۋە ماتېرىيال پۇللىرىنى ئۈستىگە ئالدى. يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك يېنىكلەپ قالغان ھۆرنساخان ھەدە كوماندىر - جەڭچىلەرگە كۆز ياشلىرى ئارقىلىق چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوقۇش خىراجىتى ۋە ماتېرىيال پۇلىنى تۆلەشكە ئامالسىز قالغان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 29 پەرزەنتىمۇ كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشتى.

لىۋداۋان كۆمۈر كېنى پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ مۇدىرى سىراجىدىن راشىدىن مۇنداق دېدى: «بىز بۇ بالىلارنىڭ ئائىلە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماسلىقىدىن ھەقىقەتەن ئەنسىرىگەنىدۇق. ھازىر بولسا بۇ ئوقۇغۇچىلار كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قايتىدىن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ دەل ئارمىيە بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مېھرىنىڭ بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، بۇ بالىلار تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىگە مېھىر - شەپقەت يەتكۈزگەن كوماندىر - جەڭچىلەرگە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىدۇ.»

لىۋداۋان كۆمۈر كېنى پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىدىن 150 ى بار، ئۇلارنىڭ 60 نەچچىسى بىر قىسىم ئورۇن ۋە مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

كوماندىر - جەڭچىلەر ئائىلە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ھەقسىز دورا تارقىتىپ بەرمەكتە شاڭ ھېيشياڭ فوتوسى

تەربىيىلەش مەركەزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن رىقابەتتە شىنجاڭ «كۈمۈش توشقان» كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزى ئۈچ يىل ئىچىدە 14 مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىنى تەربىيىلەپ ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنى 100% كە يەتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى.

«كۈمۈش توشقان» ياراتقان مۆجىزە

ئۆز مۇخبىرىمىز ● **ئارزۇگۈل سېيىت**

«يۇقىرى ساپالىق ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، يۇقىرى ساپالىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولۇشى كېرەك.» بۇ، «كۈمۈش توشقان» تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ شوئارى. شۇڭا بۇ تەربىيىلەش مەركىزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم يېڭىلىشى، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى ئۈچۈن، تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇ مەركەز گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ھۆسن تۈزەش، چاچ ياساش مەكتىپى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەر يىلى ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزدى ھەمدە بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتتى، 1998 - يىلىدىن بۇيان، ھەر يىلى 100 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشكە ئىشلەتتى.

بۇ تەربىيىلەش مەركىزى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەركەزدىن چىقىرىشتا قاتتىق بولۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئەمگەك تارماقلىرى ئۇيۇشتۇرغان كەسپىي قابىلىيەتنى تەكشۈرۈش ئىمتىھانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 95% كە يەتمىسە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شۇ ئايلىق مۇكاپات سوممىسىنى تۇتۇپ قالدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدىغان تەدبىرلەر كۈچلۈك ۋە جانلىق بولغاچقا، ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن، ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە، كەسپىي ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئەمەلىي مەشغۇلات قابىلىيىتى يۇقىرى ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى ھەر يىلى 100% كە يەتتى. مەركەزنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىگىلىگەن تېخنىكىسى ياخشى بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بىر قانچە ئاي ئىلگىرىلا ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ تالاش - تارتىشىدا قالدى. ئىشقا ئورۇنلىشىش جىددىي بولۇۋاتقان شارائىتتا مۇنداق ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئادەمنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ.

ئوقۇتۇشنى بازارغا ماسلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى ھەر ۋاقىت ئېچىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ «كۈمۈش توشقان» تەربىيىلەش مەركىزى ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركەزلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئىشسىزلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە تەربىيىلىنىش ئەھۋالىنى ئېنىقلىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئەمگەك تارماقلىرى تەمىنلىگەن تەربىيىلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇرلىرىغا ئاساسەن، بازارنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجىنى ئىگىلىدى ھەمدە بازار ئېھتىياجىغا تېز ماسلىشالايدىغان، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئىشسىزلار ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان ھەم قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىگىلەپ بولالايدىغان ھۆسن تۈزەش، چاچ ياساش، فوتو سۈرەت، شەكىل تۈزەش ئوپېراتسىيىسى، بەدەن ئۇۋۇلاش قاتارلىق كەسىپلەرنى تەسىس قىلدى.

«كۈمۈش توشقان» تەربىيىلەش مەركىزى ۋەدىسىدە تۇرۇش ئۈچۈن، مەركەزدىن چىققان ئوقۇغۇچىلار بىلەن خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئالاقىلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتە ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋاللىرىنى داۋاملىق ئىگىلەپ تۇردى. ئۆتكەن يىلى بۇ مەركەزنىڭ مۇدىرى ئۈرۈمچىدىكى 10 دىن ئارتۇق رەسىمخانا ۋە ھۆسن تۈزەش، چاچ ياساش دۇكانلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بەرگەن «نەزەرىيە بىلىمى يۇقىرى، ئەمما ئىشلەش ئىقتىدارى بىر قەدەر ئاجىز ئىكەن» دېگەن باھاسىنى ئاڭلاپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا دەرھال ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. بۇ يىل 1 - ئايدىن باشلاپ مەركەز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلات ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن، 1 - ئايدىن 7 - ئايغا قەدەر تەربىيىلەنگەن 1600 ئوقۇغۇچى مەركەزدىن چىقىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ھامانلا كەسىپكە كىرىشىپ كەتتى.

شىنجاڭ «كۈمۈش توشقان» كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوقۇش ھەققىنى 50% كەچۈرۈم قىلىش ياكى ھەقسىز تەربىيىلەشنى بەلگىلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ تەدبىرى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇنلىغان ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئىشسىزلارنى مەركەزگە جەلپ قىلدى.

تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تېپىشى تەس بولۇشتەك ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرىنچىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ مەكتەپ پۈتتۈرگەن 500 ئوقۇغۇچىنى 2 - خىل كەسىپ بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرماقچىكەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنى خەلقئارالىق سودا شەھىرى قىلىپ قۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن، پەرداز بۇيۇملىرى بازىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق، 300 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچىكەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 150 ئائىلىلەر رايونىدا ھۆسن تۈزەش، چاچ ياساش زەنجىرسىمان دۇكىنى ئېچىپ، 300 گە يېقىن ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تەربىيىلەش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى مۇنداق دېدى: «كۈمۈش توشقان» كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزى بازار ئېھتىياجىغا قاراپ كەسىپ تەسىس قىلىپ، تەربىيىلەش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

تۇرپان كۆمۈرچىلىك چەكلىك
مەسئۇلىيەت شىركىتى
ئالاھىدە ھەمكارلاشتى

ئىختىيارىي مۇخبىرلار سەمىگە

يېقىندىن بۇيان كۆپلىگەن ئىختىيارىي مۇخبىرلار تەھرىر بۆلۈمىمىزگە خەت ئەۋەتىپ، پىرىۋوت قەغىزىدىكى ئىسىم فامىلىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى كىملىكتىكى خەنزۇچە ئىسىم فامىلە بىلەن ئوخشاش بولمىغانلىقتىن قەلەم ھەققى ئېلىشتا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىككە يولۇققانلىقىنى ئىنكاس قىلماقتا. ھازىر كومپيۇتېر ئارقىلىق پۇل ئېلىشتا كىملىكتىكى ئىسىم فامىلە بىلەن پىرىۋوت قەغىزىدىكى ئىسىم فامىلىنىڭ ئوخشاش بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، بىز ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ماقالە ئەۋەتكەندە ئۆز ئىسىم فامىلىسىنى كىملىكتىكى ئىسىم فامىلە بويىچە توغرا يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئېنىق ئادرېسىنى خەنزۇچە يېزىلىشى بويىچە توغرا تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

— ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

مۇھەررىر: ئەركىن سابىر
مەسئۇل مۇھەررىر: چىمەنگۈل ئابدۇللا

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى

تور ئاپپارات بۆلۈمىنى مۇھاپىزەت قىلىش

● رىسالەت ئىسمائىل

تور مۇھاپىزەت خىزمىتىدە دائىم سىستېمىنىڭ دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش بىلەن قىسمەن خىزمەت پونكىتلىرىنىڭ سىستېما خىزمىتىنىڭ توسالغۇغا ئۇچراش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن سىستېمىنى قوزغاتقۇچى يۇمشاق دىسكا ياساشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز، ئاندىن سىستېما نۇسخىسىنى تەييارلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

1) NT تور قوزغاتقۇچى يۇمشاق دىسكىسىنى ياساش

(1) بىر دانە DOS ياكى Windows9x نى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىستېما يۇمشاق دىسكىسىنى ياساشتا قاچىلاش نۇر دىسكىسى (Windows NTServer4.0) نى نۇر دىسكا قوزغاتقۇچقا سېلىپ، «باشلاش» كۇنۇپكىسىنى ئاچىمىز ھەم پروگراما ← تور ئابونت كونتروللىغۇچ ← تور قاچىلاش قوزغاتقۇچ ماگنىت دىسكىسىنى «تاللاپ» بولغاندىن كېيىن، «داۋاملاشتۇرۇش» كۇنۇپكىسىنى بىر قېتىم چېكىمىز.

(2) بۇ ۋاقىتتا «تور ئابونتلىرى ئورتاق بەھرىمەن بولۇش قاچىلاش ھۆججىتى» كۆزنىكى ئېچىلىدۇ، نۇر بەلگىنى NTServer4.0 قاچىلاش نۇر دىسكىسىدىكى celients مۇندەرىجىسىگە توغرىلاش ئارقىلىق، celients بىلەن ئېتىراپ قىلىپ تاللاش تۈرىدىن بەھرىمەن بولالايمىز - دە، «بەلگىلەش» كۇنۇپكىسىنى بىر قېتىم چېكىمىز.

(3) «نىشانلانغان خىزمەت پونكىت ئورۇنلاشتۇرۇشى» ئېچىلغاندا قوزغاتقۇچتىن (3 3، 5: A نى، «تور ئابونتى» دىن « Networkcletnv30 formsdos and Windows » نى، «تور ماسلاشتۇرۇش كارتىسى» دىن ماس تور كارتىسىنىڭ تىپىنى تاللىغاندىن كېيىن، sysyem.ini بىلەن protocol.ini دىن ئىبارەت ئىككى ھۆججەتنى قول بىلەن ئۆزگەرتىپ، sysyem.ini دىكى (Networkdrivers نىڭ ئىچىدىكى) netcardkne2000.dos نى تور كارتىڭىزدىكى قوزغاتقۇچى پروگراممىنىڭ ئىسمىغا، protocol.ini. دىكى (2000 $ ms نىڭ ئىچىدىكى) drivername نى تور كارتىڭىزدىكى قوزغاتقۇچى پروگراممىنىڭ نامىغا ئۆزگەرتىپ قويسىڭىز بولىدۇ.

(4) «تور قوزغاتقۇچ ماگنىت دىسكىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش» كۆزنىكىدىكى «كومپيۇتېر نامى» نى « SERVER » غا، «ئابونت نامى» نى « Administrator » غا ياكى باشقا ئابونتقا، «ئورۇن» نى چېقىماقچى بولغان خىزمەت قىلغۇچىنىڭ ئورۇن نامىغا، مەسىلەن، DOMINA: «تور كېلىشىم» دا « Net BEUI » نى تاللاپ، «نىشان يولى» نى A:\ غا توغرىلاپ قويساق بولىدۇ. توغرىلانغاندىن كېيىن، «بەلگىلەش» كۇنۇپكىسىنى چېكىپ قويۇپ، سىستېما يۇمشاق دىسكىسىنى قوزغاتقۇچقا سېلىپ، يەنە «بەلگىلەش» كۇنۇپكىسىنى چەكسەكلا قوزغاتقۇچ دىسكا پۈتىدۇ.

(5) ئاخىرىدا، بۇ يۇمشاق دىسكىدىكى autoex ec.bat ھۆججىتىنىڭ مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتىمىز (خىزمەت قىلغۇچتىكى نۇر قوزغاتقۇچ خىزمەت پونكىتىدىكى Z دىسكىغا قاقلىنىدۇ):

```
PATHKA:NET:A:\ A:\NET\NETINITIALIZE
A:\NET\NETBEUI A:\NET\NETSTART
NETUSEZ:\\SERVER\C — DRIVE
```

2) سىستېما نۇسخىسىنى تەييارلاش

سىستېما نۇسخىسىنى تەييارلاشتا Gost يۇمشاق دېتالىنى ئىشلەتكىنىمىز ياخشى. تىزىملىكتىكى « local » تۈرىنى چەكسەك، تارماق تىزىملىكتە ئۈچ تۈر ئېچىلىدۇ، ئۇنىڭدىكى « disk » تۈرى پۈتۈن قاتتىق دىسكىنى كۆچۈرۈشنى، « partition » تۈرى قاتتىق دىسكىدىكى مەلۇم بىر رايوننى كۆچۈرۈشنى بىلدۈرىدۇ، « check » تۈرىنىڭ خىزمىتى بولسا، قاتتىق دىسكا بىلەن تەييارلانغان نۇسخا ھۆججىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ياكى كېلەلمەسلىكىنى تەكشۈرىدۇ. مەلۇم بىر رايوننى كۆچۈرۈشتە Llocal ← Partiton ← مەشغۇلات ئېلىپ ← قاتتىق دىسكا ← Toimage بېرىلىدىغان رايوننى تاللاپ، كۆپەيتمەكچى بولغان ھۆججەتنىڭ يولى بىلەن ھۆججەت نامى (ھۆججەتنىڭ كېڭەيتىلگەن نامىنىڭ GHO ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىڭ) نى كىرگۈزسەك بولىدۇ. قاتتىق دىسكىنى كۆچۈرۈش مەلۇم رايوننى كۆچۈرۈش بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت تىزىملىكتىكى Local ← Disk ← Toimage ← ... نى تاللاپ قويساقلا بولىدۇ.

3) Win9x خىزمەت پونكىتىنى قاچىلاش

باشقا خىزمەت پونكىتىدىن بىرنى تولۇقلاپ قاچىلاپ، بۇ خىزمەت پونكىتىنىڭ قاتتىق دىسكىسىنى Gost ئارقىلىق كۆچۈرۈپ، سۈرەتلىك ھۆججەت ياساپ، ئۇنى خىزمەت قىلغۇچتا ساقلاپ قويىمىز. تور قوزغاتقۇچ يۇمشاق دىسكا بىلەن باشقا خىزمەت پونكىتلىرىنى قوزغىتىپ، خىزمەت قىلغۇچ بىلەن تورلاشتۇرىمىز ھەمدە سۈرەتلىك ھۆججەت بىلەن Gost . exe تور قوزغاتقۇچىنى قاقلاپ قويىمىز، ئاندىن Gost . exe نى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق زۆرۈر بولغان كۆچۈرۈش خىزمىتىنى ئىجرا قىلىمىز. ئەگەر خىزمەت پونكىتى قاتتىق دىسكىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇكەممەل ۋە بىردەك بولسا، ئۇ ھالدا سۈرەتلىك ھۆججەتنى كۆپەيتىپ بولۇپ، كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتساقلا خىزمەت پونكىتىنى قاچىلاپ بولغان بولىمىز. ئەگەر خىزمەت پونكىتى قاتتىق دىسكىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىردەك بولمىسا، «نىشانلانغان قاتتىق دىسكىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى» دىن رايوننىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى تەڭشىسەك بولىدۇ.

4) ئاسراش ۋە دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش

نىشانلانغان قاتتىق دىسكا Gost ئارقىلىق كۆپەيتىلسە، كۆپەيتىلگەن دىسكا ئەسلىدىكى قاتتىق دىسكا بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولىدىغان بولغاچقا، رايونلارغا بۆلۈش، فورماتلاش، سىستېما ۋە ھۆججەتلەرنى بىر قېتىمدىلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قاتتىق دىسكىدىكى سان - سىفىرلارنى سۈرەت ھۆججىتى قىلىپ كۆچۈرۈپ، خىزمەت قىلغۇچتا ساقلاپ قويساق، خالىغان ۋاقىتتا ناھايىتى ئۈنۈملۈك ھالدا باشقا قاتتىق دىسكىدا ياكى ئەسلىدىكى دىسكىدا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر بىز مەشغۇلات سىستېمىسى بىلەن بىر قىسىم مۇھىم سان - سىفىرلارنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولساق، پۈتۈن قاتتىق دىسكىنى كۆچۈرۈش ھاجەتسىز، پەقەت مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلانغان رايوننىلا كۆچۈرسەك بولىدۇ. سىستېمىنىڭ دەرىجىسىنى كۆچۈرۈشكە توغرا كەلگەندە، ئوخشاشلا بىر خىزمەت پونكىتىنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن، باشقا خىزمەت پونكىتلىرىنىڭ دەرىجىسىنى Gost ئارقىلىق كۆتۈرسەك بولىدۇ.

CPU نىڭ ئۈستىدىكى نومۇرلارنىڭ مەنىسى

● ئىمام ئابلىز

ھەر بىر CPU نىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم نومۇرى بولىدۇ، بۇ نومۇرلار CPU نىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانىنى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى ئىپادىلەيدىغان بىردىنبىر بەلگىدىن ئىبارەت. ئەگەر بىز بۇ نومۇرلارنىڭ مەنىسىنى بىلىۋالساق، ئۇ ھالدا CPU نىڭ ئاساسلىق ئىقتىدار كۆرسەتكۈچلىرى، يەنى CPU نىڭ تۈرى، چاستوتىسى، توك بېسىمى، ئىشلەپچىقىرىلغان ئورنى، ۋاقتى، چاستوتىسىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكى ۋە بوففېر ساقلىغۇچىنىڭ قانچىلىكلىكى قاتارلىقلارنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالالايمىز. تۆۋەندە CPU نىڭ ئۈستىگە يېزىلغان نومۇرلارنىڭ مەنىسىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

PentiumIII ۋە celeron ئىنتېل (Intel) شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، نومۇرلىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا celeron نى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرىمىز. Celeron تىپلىق CPU لارنىڭ ئۈستىگە ئادەتتە celeron™،

دىكىچە:

(1) celeron™. بۇ Intel شىركىتىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان ماركىسى بولۇپ، بۇ CPU نىڭ celeron تىپىدىكى CPU ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ. ئەگەر pentiumIII دەپ يېزىلغان بولسا، بۇ Intel شىركىتىنىڭ pentiumIII تىپىدىكى CPU ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

(2) MALAY. بۇ CPU نىڭ مالايسىيادا ئىشلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر COSTARICA دەپ يېزىلغان بولسا، ئۇنىڭ كوستارىكادا ياسالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

(3) 800. بۇ CPU نىڭ ئاساسىي چاستوتىسىنى، يەنى celeron تىپىدىكى CPU نىڭ تېزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

(4) 128. بۇ CPU نىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك بوففېر ساقلىغۇچىنىڭ سىغىمىنى بىلدۈرىدۇ.

(5) Q116A. بۇنىڭدىكى Q ھەرپى CPU

Word ۋە Excel يۇمشاق دېتالى

● گۈلباھار غاپپار

ئىشخانىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇشتا office ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ Word، Excel، Powerpoint، Access، Outook ۋە Frontpage قاتارلىق ئالتە قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تۆۋەندە بۇنىڭ ئىچىدىكى Word ۋە Excel دىن ئىبارەت ئىككى يۇمشاق دېتال ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

ئاۋۋال تەييارلىغان ھۆججەتنى ئىسىم قويۇپ ساقلايمىز، يەنى تىزىملىك (菜单栏) ستونىدىكى ھۆججەت (文件) تىزىملىكىدىن ساقلاش (保存) بۇيرۇقىنى تاللىساق، بىر دىئالوگ رامكىسى ئېچىلىدۇ. بۇ دىئالوگ رامكىسىدىن ساقلاش ئورنىنى ۋە ئىسمىنى قويۇپ، جەزىملەشتۈرۈش (确定) كۇنۇپكىسىنى باسىمىز.

لىنىپ كۆچۈرگىلى، شۇنىڭدەك ئەسەرنىڭ جانلىقلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر خىل قىستۇرما رەسىم ۋە ھەجۋىي رەسىملەرنى كىرىشتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ۋاقىت ۋە ئىقتىسادنى تېجىگىلى، ئەسەرنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرغىلى، ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسەن، ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلار نەتىجىسىگە دەرىجە بەلگىلەپ چەك قويۇپ، بۇ چەككە ئاساسەن دەرىجىگە رەڭ بەلگىلەيمىز. مەشغۇلات جەھەتتە، تىزىملىك ستونىدىكى شەكىل تىزىملىكىدىن شەرت ئەندىزىسى (条件格式) نى تاللاپ، ئۇنىڭدىكى شەرتلەرنى خالىغانچە بېرىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى-

Word ۋە Excel يۇمشاق دېتالى

● گۈلباھار غاپپار

ئىشخانىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇشتا office ھەل قىلغۇچ ئورۇنىدا تۇرىدۇ، ئۇ Word، Excel، Powerpoint، Access، Outook ۋە Frontpage قاتارلىق ئالتە قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تۆۋەندە بۇنىڭ ئىچىدىكى Word ۋە Excel دىن ئىبارەت ئىككى يۇمشاق دېتال ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

Word ۋە Excel يۇمشاق دېتالى ئىشخانىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش يۇمشاق دېتالى Office2000 Microsoft نىڭ ئاساسلىق قىسمى بولۇپ، ئىشلىتىشكە قولايلىق، ئۆگىنىش ئاسان، ئىقتىدارى مول بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ھازىر دۇنيا بويىچە ئۆگىنىش مودا بولۇۋاتقان يۇمشاق دېتال بولۇپ، كومپيۇتېر ئۆگەنگۈچىلەر ئالدى بىلەن مۇشۇ يۇمشاق دېتاللارنى ئۆگىنىۋاتىدۇ.

Word مەخسۇس يېزىق بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتالى بولغاچقا، كومپيۇتېرنى ئۆگەنمەكچى بولغان ھەر قانداق ئادەم ئالدى بىلەن چوقۇم Word نى ئۆگىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مەخسۇس يېزىق بىر تەرەپ قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە نۇرغۇن ئىقتىدارلارنى ھازىرلىغان. Word نىڭ ئىقتىدارلىرى ئارقىلىق، ھۆججەتنىڭ قوغدىلىشغا كاپالەتلىك قىلىپ، ھۆججەتنىڭ يوقاپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلىشتىن ئىبارەت بەزى مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. تۆۋەندە مەخپىي نومۇر قويۇپ، ھۆججەت ساقلاش توغرىسىدىكى ئەمەلىي مەشغۇلاتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئاۋۋال تەييارلىغان ھۆججەتنى ئىسىم قويۇپ ساقلايمىز، يەنى تىزىملىك (菜单栏) ستونىدىكى ھۆججەت (文件) تىزىملىكىدىن ساقلاش (保存) بۇيرۇقىنى تاللىساق، بىر دىئالوگ رامكىسى ئېچىلىدۇ. بۇ دىئالوگ رامكىسىدىن ساقلاش ئورنىنى ۋە ئىسمىنى قويۇپ، جەزملەشتۈرۈش (确定) كۇنۇپكىسىنى باسىمىز. ئاندىن كۆزنەكنى تاقىماي تۇرۇپ، تىزىملىك (菜单栏) ستونىدىكى قورال (工具) تىزىملىكىدىن تاللاش (选项) بۇيرۇقىنى چېكىپ، تاللاش دىئالوگ رامكىسىدىن ساقلاش بۇيرۇقىنى تاللىساق، ئېكراندا مەخپىي نومۇرنى كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىش كاتەكچىسى ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭغا مەخپىي نومۇرنى كىرگۈزۈپ، جەزملەشتۈرۈش كۇنۇپكىسىنى چەكسەك، كاتەكچە قايتا ئېچىلىپ، كىرگۈزۈلگەن مەخپىي نومۇرنى قايتا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ چاغدا يەنە ئالدىدا كىرگۈزگەن مەخپىي نومۇرنى قايتا كىرگۈزۈپ، جەزملەشتۈرۈش كۇنۇپكىسىنى چېكىمىز، شۇنىڭ بىلەن مەشغۇلاتىمىز ئاخىرلىشىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا قەلەمنىڭ ئورنىنى كومپيۇتېر ئىگىلىدى، ئالايلى، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەسەر يېزىش ۋە ئەسەر تەھرىرلەشتە كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى ئۆچۈرگىلى، قىستۇرماقچى بولغان مەزمۇننى قىستۇرغىلى، تەكرارلىنىدىغان مەزمۇنلارنى قايتا يازمايلا كۆچۈرۈش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ كۆچۈرگىلى، شۇنىڭدەك ئەسەرنىڭ جانلىقلىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەرخىل قىستۇرما رەسىم ۋە ھەجۋىي رەسىملەرنى كىرىشتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ۋاقىت ۋە ئىقتىسادنى تېجىگىلى، ئەسەرنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرغىلى، ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسەن، ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ مەلۇم بىر ئابزاس مەزمۇنىنى كۆچۈرمەكچى بولساق، ئالدى بىلەن نۇر بەلگىسىنى سۈرۈش ئارقىلىق مەزمۇننى تاللايمىز. ئاندىن تىزىملىك ستونىدىكى تەھرىرلەش (编辑) تىزىملىكىدىن كۆچۈرۈش (复制) بۇيرۇقىنى (ياكى مائۇسنىڭ سول كۇنۇپكىسىنى بىر قېتىم چېكىپ، ئېكراندا كۆرۈلگەن تىزىملىكتىن كېسىش بۇيرۇقىنى)چېكىپ، ئاندىن نۇر بەلگىسىنى كۆچۈرمەكچى بولغان مەزمۇنغا ئېلىپ كېلىپ، يەنە تەھرىرلەش تىزىملىكىدىن چاپلاش (粘贴) بۇيرۇقىنى چەكسەك (ياكى مائۇسنىڭ سول كۇنۇپكىسىنى بىر قېتىم چېكىپ، ئېكراندا كۆرۈلگەن تىزىملىكتىن چاپلاش بۇيرۇقىنى چەكسەك)، تاللانغان مەزمۇن كۆچۈرۈلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ مەزمۇننى ستونغا ئايرىماقچى بولساق، تىزىملىك ستونىدىكى ئەندىزە (格式) ستونىدىن نۇر بەلگىسىنى ستون (分栏) بۇيرۇقىغا ئەكىلىپ چەكسەك، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش (预设) دىن خالىغان شەكىلنى تاللاپ، جەزملەشتۈرۈش كۇنۇپكىسىنى چەكسەك، ئۆزىمىز خالىغان شەكىلدىكى ستونغا ئايرىغىلى بولىدۇ.

Microsoft Office2000 دىكى Excel جەدۋەل بىر تەرەپ قىلىدىغان سىستېما يۇمشاق دېتالى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ستاتىستىكا، بوغالتىرلىق قاتارلىق ھېساباتقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. ئۇ خىزمەت جەدۋىلىنى تەھرىرلەش، خىزمەت جەدۋىلىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىش، فورمۇلا ئىشلەش، فونكسىيە ئىشلىتىش قاتارلىق مۇھىم ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. مەسىلەن، ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجە جەدۋىلىنى تۈزمەكچى بولساق، مۇشۇ سىستېما ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلار نەتىجىسىگە دەرىجە بەلگىلەپ چەك قويۇپ، بۇ چەككە ئاساسەن دەرىجىگە رەڭ بەلگىلەيمىز. مەشغۇلات جەھەتتە، تىزىملىك ستونىدىكى شەكىل تىزىملىكىدىن شەرت ئەندىزىسى (条件格式) نى تاللاپ، ئۇنىڭدىكى شەرتلەرنى خالىغانچە بېرىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن دەرىجىگە ئايرىشتىكى مەشغۇلاتنى قولايلىق بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ.



(24 - سان)

ئاشۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكى ۋە بوففېر ساقلىغۇچىنىڭ قانچىلىكلىكى قاتارلىقلارنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالايمىز. تۆۋەندە CPU نىڭ ئۈستىگە يېزىلغان نومۇرلارنىڭ مەنىسىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

PentiumIII ۋە celeron ئىنتېل (Intel) شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، نومۇرلىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا celeron نى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرىمىز. Celeron تىپلىق CPU لارنىڭ ئۈستىگە ئادەتتە celeron™، Q116A. 800\128\100\1.7V, MALAY قاتارلىقلار يېزىلغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مەنىسى تۆۋەن-

COSTARICA دەپ يېزىلغان بولسا، ئۇنىڭ كوستارىكادا ياسالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

(3) 800. بۇ CPU نىڭ ئاساسىي چاستوتىسىنى، يەنى celeron تىپىدىكى CPU نىڭ تېزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

(4) 128. بۇ CPU نىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك بوففېر ساقلىغۇچىنىڭ سىغىمىنى بىلدۈرىدۇ.

(5) Q116A. بۇنىڭدىكى Q ھەرپى CPU نىڭ ئىشلەپچىقىرىلغان ئورنىنى، 116 بولسا ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ.

---

13 - باب چىقىرىش ئۈسكۈنىسى

چىقىرىش ئۈسكۈنىسى كومپيۇتېر ئىچىدىكى بارلىق رەقەملەرنى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىش نەتىجىسىنى سىرتقا چىقىرىدىغان ئۈسكۈنىدۇر. كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى بىلەن بېسىش ماشىنىسى كومپيۇتېر سىستېمىسىدا داۋاملىق ئىشلىتىلىدىغان سىرتقا چىقىرىش ئۈسكۈنىسىدۇر.

(1) كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى. كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى يەنە نازارەت قىلىش ئۈسكۈنىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تېلېۋىزور بىلەن بولغان پەرقى ئاساسلىقى ئۇنىڭدا چاستوتا تاللايدىغان ئېلېكتر زەنجىرى ۋە يۇقىرى چاستوتىلىق ئېلېكتر زەنجىرى يوق، بۇنىڭدىن سىرت، كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى تېلېۋىزورغا قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى پەرقلەندۈرۈش ئۈنۈمىگە ئىگە. شۇڭا، ئۇ تېلېۋىزوردىن قىممەت.

ھازىر تارقىلىۋاتقان كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى CRT ۋە LCD دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. CRT كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى مەنپىي قۇتۇپلۇق نۇر تارقىتىش كۆرسەتكۈچ ئۈسكۈنىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر ئۈستەل شەكىللىك كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى مودا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ باھاسى ئەرزان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، بىراق ھەجىمى ۋە توك سەرپىياتى چوڭراق. LCD كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى سۇيۇق كرىستاللىق كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى ياكى تۈز تاختىلىق كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەجىمى كىچىك، توك سەرپىياتى تۆۋەن، بىراق قىممەت.

كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسىنىڭ ئاساسلىق تېخنىكا كۆرسەتكۈچى پەرقلەندۈرۈش نىسبىتى، توچكا ئارىلىقى، ئېكران ئۆلچىمى، سۈرەتلەش چاستوتىسى ۋە بىخەتەرلىك قائىدىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئايرىش چاستوتىسى دېگەنلىك كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى ئېكراندىكى توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا كەتكەن كۆرسىتىش نۇر توچكىلىرىنىڭ سانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسىنىڭ مۇھىم تېخنىكا كۆرسەتكۈچى. بۇرۇن ئۇچرايدىغان كۆرسەتكۈچلەردە تۆۋەن (CCA)، ئوتتۇرا (ECA)، يۇقىرى (VCA) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل چاستوتا بار ئىدى. لېكىن ھازىر تارقالغىنى تېخىمۇ يۇقىرى SVCA، TVCA قاتارلىق ئۆلچەم.

ئېكران ئۆلچىمى دېگەنلىك، ئېكراننىڭ بولۇڭ سىزىقىغا توغرىلىنىشىدىكى ئۇزۇنلۇقى، بىرلىكنى دىيۇيم قىلىش دېگەننى كۆرسىتىدۇ. قىسقىسى، 15 دىيۇيملۇق كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسىنىڭ كۆرسىتىش كۆلىمى 14 دىيۇيملۇق كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسىگە قارىغاندا 25% ئەتراپىدا چوڭ بولىدۇ. ئېكران ئۆلچىمىدىن ئېكراندىكى كۆرگىلى بولمايدىغان دائىرىنى قىسقارتىدىغان چاغدا كۆلەمگە قاراش كېرەك. ئېكران ئۆلچىمى ئوخشاش بولغان كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسىنىڭ كۆرسىتىش كۆلىمىنىڭ ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

توچكا ئارىلىقى توچكىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ. توچكا ئارىلىقى كىچىك بولغانسېرى سۈزۈكلۈك دەرىجىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. توچكا ئارىلىقىنىڭ ستاندارتى 0.39mm، 0.31mm، 0.28mm، 0.26mm ۋە 0.25mm قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، لېكىن ھازىر كۆپرەك ئۇچرايدىغىنى 0.28mm توچكا ئارىلىقلىق كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى.

سۈرەتلەش چاستوتىسى دېگەنلىك، ھەر مىنۇتتا ئورۇنلايدىغان سۈرەتلەش قېتىم سانىنى كۆرسىتىدۇ. سۈرەتلەش چاستوتىسى يۇقىرى بولسا، كىشىلەر نۇرنىڭ كۆزنى چاققانلىقنى ھېس قىلمايدۇ. بىز كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسىنى تاللىغاندا، مۇھىمى مەيدان چاستوتىسىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بۇ بېكىتىلگەن چاستوتا دېيىلىدۇ. ئادەتتە مەيدان چاستوتىسى $85H_2$ گە يەتسە قانائەت ھاسىل قىلىنىدۇ. لېكىن كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى يۇقىرى نىسبەتلىك چاستوتا شارائىتىدا، مەيدان چاستوتىسى مۇناسىپ ھالدا تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن، شۇڭا تاللىغان چاغدا، تاللاش تەلىپى بويىچە نىسبەتلىك چاستوتا شارائىتىدىكى مەيدان چاستوتىسىنى تاللاش كېرەك.

بۇنىڭدىن سىرت، كۆپ ساندىكى كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى «ئېنېرگىيە چولپىنى» قائىدىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ قائىدە كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى تۇرۇپ قېلىش ھالىتىدە تۇرغاندا توك سەرپىياتىنىڭ 30VA دىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە ئۇ تۇرۇپ قېلىش ھالىتىگە ئاپتوماتىك كىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. يۇقىرى دەرىجىلىك كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسىدە DPMS (Display power mahagementsignling) توك تېجەش قېلىپى بار.

ئەۋلاد كۈتۈپخانىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شەرت

(ھېكايە)

ئۆمەرجان ھەسەن

بوۋاي قورسىقىنىڭ چىدىغۇسىز ئېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئەتىگەندىن تۇزۇك بىر نېمە يېمىگەنىدى. ئۇ تونۇردىن يېڭىلا سۈيۈلغان، شورپىلىرى ئېقىپ تۇرغان سامسا بىلەن قېنىق دەملەنگەن بىر چىنە چاينى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويدى.

• بوۋاي بىرەر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ بىر نەچچە سامسا بىلەن قورسىقىنى ئەستەرلىۋېلىشنى ئويلىدىيۇ، يەنە تۇرۇپلا بۇ خىيالىدىنمۇ يېنىپ قالدى ـ دە، ئۆشنىسىدىكى كونىراپ، كىرلىشىپ ئەسلى رەڭگىنى يوقاتقان خۇرجۇننىڭ ئالدى بېشىدىن پۇچۇق نانىنى چىقىرىپ كومۇرلىتىپ چايناشقا باشلىدى.

بۇ بوۋاينىڭ بۇ شەھەرگە ئىككىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. بۇندىن 10 يىل ئىلگىرى ئۇ رەھمەتلىك ئايالىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بىر قېتىم كەلگەنىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ شەھەردە ئادەملەرمۇ، ماشىنىلارمۇ ھازىرقىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى. بىنالارمۇ ھازىرقىدەك ئېگىز ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا بوۋايغا بۇ شەھەردىكى ھەممىلا نەرسە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

بوۋاي نان چاينىغاچ قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى. تومۇزنىڭ دىمىق ھاۋاسى بوۋايغا ئارام بەرمەيتتى. ئۇ كىرلىشىپ قارىداپ كەتكەن شاپاق بۆكى بىلەن ئۆزىنى توختىماي يەلپۈيتتى. ئۇزۇن يەكتىكى تەردىن بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ تۇرۇپلا مەھەللىسىدىكى ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان ئۆيىنى ئەسلەپ قالدى. ئۆتمە تۆشۈكلىرىنى قۇشقاچلار ماكان تۇتقان، ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان كېسەك تاملىق ئۆيى بولغىنىدا، قاپاق نوگىيى بىلەن مۇزدەك سۇدىن قانغۇچە ئىچىپ سۇنايلىنىپ يېتىپ تازا ئارام ئېلىۋالاتتى.

بوۋاي يول بويىدىكى چىملىقنى سۇغىرىدىغان تۇرۇبىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان مۇزدەك سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچتى ۋە دەرەخ سايىسىدە داق يەردىلا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭغا ھاردۇق يەتكەنىدى.

بوۋاي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان تىككەندەك يالغۇز قىزىنىڭ سەنئەت مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىنى دەپ مەكتەپ مۇدىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش، قىزىنىڭ گېپى بويىچە «ئاز ـ تولا ئىش توغرىلاش»نى دەپلا بۇ شەھەرگە كەلگەنىدى. بوۋاينى ھەممىدىن بەك جىلە قىلغىنى ئۇ شۇنچە كۆپ ئادەمگە سالام قىلسىمۇ، ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالىدىغان ئادەملەرنىڭ بەكلا ئاز بولغىنى ئىدى.

يەنىلا بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغانلار ئەسقاتىدىكەنغۇ مۇشۇنداق چاغدا. ئۇ شەھەرگە كېلىشتىن بۇرۇن كەنت مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، مۇدىرنىڭ شەھەردە خىزمەت قىلىدىغان ئوغلىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يازدۇرۇۋالغانىدى. شەھەرگە كېلىپلا ئەتىسى تېلېفون بوتكىسىدىكى چوكانغا دەپ ئۇنىڭغا تېلېفون بەرگۈزۈپدى، ئابلا ئىسىملىك يىگىت ھايال ئۆتمەيلا تاكسىغا ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. ئابلا ئۇنى بىر كىچىكرەك ئاشخانىغا باشلىدى. تاماق ئارىلىقىدا بوۋاي ئۇنىڭغا كېلىش مەقسىتىنى ئېنىق چۈشەندۈردى.

— تېخى مۇدىرنىڭ قولىقىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن، بىر كىيىملىك سارجا ئالغاچ كەلدىم دېگىنە، — دېدى بوۋاي خۇرجۇننى ئىما قىلىپ تۇرۇپ.

— مەتنىياز ئاكا، ھازىر ئۇنچىلىك نەرسىلەرگە مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ جۇمۇ، — دېدى ئابلا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھازىر ھەممىلا نەرسىنىڭ شەرتى يۇقىرىلاپ كەتتى.

— شەرتى؟ قانداق شەرت ئۇكام؟

— قانداق شەرت بولاتتى، ئاكا، قىزلىرىنى سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇتىمەن دەيدىكەنلا، جەزمەن مەكتەپ بەلگىلەپ بەرگەن دۇكاندىن ئون نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەپ بىر ئېلېكترونلۇق رويال ئالىدىلا. شۇ شەرتنى ئورۇندىسىلا قىزلىرى كەسپىي ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالغان تەقدىردىمۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن بىمالال كىرىپ كېتەلەيدۇ. ئەگەر شەرت ئورۇندالمىسا، كەسپىتە ھەر قانچە ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا بىكار. ئەڭ يامىنى، شەرت تېخى بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمەيدۇ. بۇ تېخى باشلىنىشى. كېيىنچە ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلاردىن تارتىپ ئۇسسۇل كىيىمگىچە ھەممىنى بەلگىلەنگەن دۇكاندىن بىر ـ بىرلەپ ئالىدىغان گەپ.

— نېمىدەپ باشقا دۇكانلاردىن ئېلىشقا بولمايدۇ؟ راۋاب، دۇتار، داپ ... دېگەنلەرنى مەھەللىمىزدىكى ھاشىم ئۇستىمۇ ياسىيالايدىغۇ؟

— ھەي ئاكا، سىلى چۈشەنمەيلا، ئۇ چالغۇ ئەسۋابلار دۇكىنى مەكتەپنىڭ دېيىلگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ خۇسۇسىي دۇكىنى دېسىلە. يىلدا يۈز مىڭلاپ پايدا يارىتىدۇ، پايدا.

— ئۇنداقتا، ئۇكام ئابلا، سېنىڭچە، قىزىم مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە زادى قانچىلىك پۇل كېتەر؟

— ئوقۇش پۇلىغۇ تايىنلىقلا. ھەممىدىن يامىنى شۇ شەرت. شەرتنى ئورۇنلىماي مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرگىلى بولمايدۇ، شەرتنى قوبۇل قىلماي دەرۋازىدىن چىققىلىمۇ بولمايدۇ دېسىلە. شۇنداق بولغاندا، كەم بولغاندا 30 مىڭ، بولمىسا 40 ـ 50 مىڭ كوينىڭ بېشىغا سۇ قويىلا شۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بوۋاي لاسسىدە بولۇپ قالدى. بوۋاينىڭ شۈكلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئابلا:

— باشقىچىرەك بىرەر مەكتەپنىڭ ئامالىنى قىلامدۇق ـ يە؟ — دەپ سورىدى.

— ياقەي ئۇكام، بۇ قىزىمنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسى ئىدى، ئانىسى رەھمەتلىك جان ئۈزۈش ئالدىدا ئاشۇ تىككەندەك يالغۇز قىزىمىزنى جان كەتسىمۇ مۇرادىغا يەتكۈزگەيلا، دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان...

بوۋاينىڭ گېلىغا ئاچچىق بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى.

ئۇلار ئاشخانىدىن چىققاندىن كېيىن بوۋاي خۇرجۇنىدىن ھېلىقى بىر كىيىملىك سارجىنى چىقىرىپ ئابلانىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ـ دە:

— ئۇكام، نېمىلا دېگەن بىلەن سەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا چوڭ بولغان. ئاتاڭ بىلەن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان. شۇڭا سەنمۇ ئۆز بالامدەكلا. ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇۋاپسەن. بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم بولۇپ قالسۇن، — دېدى.

ئابلا زىنھار ئالغىلى ئۇنىمىدى. بوۋايمۇ بوش كەلمىدى. ئابلا ئاخىر بوۋاينىڭ قولىنى قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى.

— ئۇكام ئابلا، خاپا بولمىساڭ، ماڭا ئىسمىڭنى، ئىدارەڭنىڭ نامىنى خەنزۇچە يېزىپ، تېلېفون نومۇرۇڭ بىلەن قوشۇپ بېرىۋەتكىنە. بەلكىم ساڭا تېلېفون قىلغۇزارمەن. شۇ چاغدا ھەر قانچە زۆرۈر ئىشىڭ بولسىمۇ، تېلېفون قىلغان جايغا دىككىدە بىر كېلەرسەن. مەن ئەمدى 30 مىڭ كوينىڭ كويىغا چۈشمىسەم بولمىدى. قىزىم مەكتەپكە كىرىپ قالسا، ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىدىن ئۇبدانراق خەۋەر ئېلىپ قويارسەن، ئۇكام. رەھمەتلىك قاسىمجان بالام بىلەن تەڭتۇش ئىدىڭلار، بىرگە ئويناپتىڭلار، ئاشۇ رەھمەتلىكنىڭ بولسىمۇ روھى كۆرەر.

مەكتەپتىكى ئىش دەل ئابلانىڭ دېگىنىدەك بولدى. كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر ئوقۇتقۇچى شەرتنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، دۇكاننىڭ ئادرېسىنى قەغەزگە سىزىپ كۆرسىتىپ قويدى.

بوۋاي مىڭ بىر تەستە دۇكاننى تاپتى.

— قىزىم، «بۇلبۇل» ماركىلىق ھېلىقى چالىدىغان سازنىڭ باھاسى قانچە پۇل؟ — دەپ سورىدى، ئەينەككە قاراپ ھەدەپ پەرداز قىلىۋاتقان مودا قىز بوۋايغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ:

— 11 مىڭ 400 يۈەن — دېدى پەرۋاسىزلا.

بوۋاي دۇكاندىن سالپىيىپ قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭدا بۇنچە كۆپ پۇل نېمىش قىلسۇن؟! تاپقان ـ تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى رەھمەتلىك ئايالىنى داۋالىتىمەن دەپ تۈگەتتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك ئوغلى قاسىم كېزىك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئۇمۇ بوۋاينى داغدا قويۇپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا خۇدا بەرگەن يالغۇز قىزى ئامانىسا بىلەنلا قالدى. ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن دەرد ـ ئەلەملەر بوۋاينى تېزلا ھالسىرىتىپ قويدى. بىر چاغلاردا قولى ئىشتىن بوشىمايدىغان ئىشچان بوۋاي نېمىشقىدۇر بۇرۇنقىدەك كۆچىنىپ ئىشلىيەلمەس بولۇپ قالدى. بەزىدە تۇرغان يېرىدە سائەت ـ سائەتلەپ تۇرۇپ كېتەتتى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالاتتى. ئېتىز ئىشلىرىدىن قالغان بوۋاي بىر چاغلاردا ئۆزىدىن ئاش تىلەپ يەيدىغان بىر كەلگۈندىگە ياللىنىپ يادا بېقىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بوۋاينىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر كۆڭۈل خۇشلۇقى قىزى ئامانىسا ئىدى. ئۇ ئامانىسانى يېمىگەننى يېگۈزۈپ، كىيمىگەننى كىيگۈزۈپ پەپىلەپ چوڭ قىلدى. يېزا مەركىزىدىكى ياتاقلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتتى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇ سەنئەت مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئەمما شۇ شەرت...

بوۋاي تۇرۇپلا ئۆيىگە قايتىش نىيىتىدىن يېنىپ قالدى. «شۇ تاپتا قىزىم يولۇمغا قاراپ تۇرىدىغاندۇ، مەندىن خۇشخەۋەر كۈتۈۋاتىدىغاندۇ، بارسام ئۇنىڭغا نېمىمۇ دەرمەن؟ راست گەپنى قىلسام، ئۇ چوقۇم يىغلايدۇ، زارلايدۇ. ئاشۇ تىككەندەك يالغۇز قىزىمنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاش، ئازابلانغانلىقىنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن ئۆلۈمدىن ئارتۇقتۇ ئاخىر. ئۆي بىساتىمنى، مال ـ چارۋىلىرىمنى يىغىپ ساتساممۇ بەرىبىر شەرتكە چىشلەشمەيدىكەن.»

بوۋاينىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن تامغان ئاچچىق ياش ئۇنىڭ قورۇق باسقان، جۇدەڭگۈ يۈزىدىن ساقىپ چۈشتى.

بارغانسېرى كەچ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. كوچىدا ئادەممۇ ئازىيىشقا باشلىغانىدى. بوۋاي بۇ يەردە تولىمۇ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئاران ئورنىدىن تۇردى. بىراق ئۇ نەگە باردۇ؟

بوۋاي تۆش يانچۇقىدىن ئابلا يېزىپ بەرگەن تېلېفون نومۇرىنى چىقىرىپ بىر ھازا قاراپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن:

— رەھمەتلىك رېھىم ھارۋىكەشتەك قىلاي، شۇنداق قىلسام قىزىم ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ — دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە.

بوۋاي يولدىن مۈكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار ئېقىنىغا بىر ھازا قاراپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، بىر ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئاتتى، شوپۇر ماشىنىنى تورمۇزلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.

ھايال ئۆتمەي كىشىلەر ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا گۇررىدە ئولاشتى. ئۇلار خىلمۇ خىل پەرەزلەرنى قىلىشاتتى. كىمدۇر بىرسى قانغا مىلىنىپ ياتقان بوۋاينىڭ قولىدىكى تېلېفون نومۇرى يېزىلغان قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن تېلېفون بوتكىسى تەرەپكە ماڭدى.

بۇندىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بوۋاينىڭ مەھەللىسىدىكى رېھىم ھارۋىكەش شەھەرگە كىرگەندە قاتناش ھادىسىسىگە يولۇقۇپ قازا قىلىپ، ئوغۇللىرى 30 مىڭ يۈەن تۆلەمگە ئېرىشكەنىدى.

ماھارەت ئۆركەش جاپپار فوتوسى

سېنىڭ كۆزلىرىڭ

(نەسىر)

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

كۆزلىرىڭ سۈپسۈزۈك تۇيغۇلىرىم ئارىسىدىن داۋالغۇپ ئۆتتى. مەن ئۇنىڭدىكى پايانسىز بوشلۇقنىڭ قەلبىمدىكى جىمجىت ناخشىلارنى داۋالغۇتىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاھ، بۇ كۆزلەر! مېنىڭ ھاياتىم ۋە بارلىقىمنى ئۆز شولىسى ئىچىگە غەرق قىلىۋەتكەنىدى.

قاپقارا كېچە كۆزلىرىڭنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. بىر قارا چېكىت، بىر چەكسىز ئاسمان، بىر خىلۋەت بوشلۇق، ئاھ، ئۈزەرمەن ئاشۇ بوشلۇقلار ئارا، چىرمىشارمەن چاچلىرىڭنىڭ دولقۇنلىرىغا... كۆزلىرىڭ ئاشۇ چاچلار ۋە ئاشۇ تۇيغۇلار ئارىسىدىن چاقنىماقتا.

كۆزلىرىڭنى ئېلىپ قاچتىڭ، شېرىن تۇيغۇلار بىردىنلا غايىب مەنز-

كۆزلەر، ئاشۇ ئازاب سېنى ماڭا تونۇتتى. مەن ساڭا تەلپۈندۈم، ئەركەم. ئالدىنقى قېتىم ئېيتالمىغان سۆزلىرىمنىڭ قەلبىمدە نۇرغۇن ئىككىلىنىشنى ھېس قىلدىم. مەن شاماللارغا ئايلىنىپ قولىقىڭغا مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئېيتماقچى، سېنىڭ قەلبىڭگە قولۇمنى ئۇزىتىپ ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ ياتقان تۇيغۇلارنى ئويغاتماقچى، چۈشلىرىڭ ئارىسىغا ئېقىپ كىرىپ، ئۆز مەنزىللىرىم ئارىسىدىكى سۈرىتىمنى سىزماقچى ئىدىم.

قانچە يىللار ئۆتكەندۇ؟ سەن يەنىلا ئاشۇ جايدا، ئاشۇ قىياپىتىڭ بىلەن تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدىڭ، سېنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا ھېس قىلدىم. قەيەردە كۆرگەن بولغىيتتىم؟ تۇيغۇلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ

تاكتىكا

(ھېكايە)

جۇەن جى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاياغ زاۋۇتى ۋەيران بولدى. گاۋ ۋە ئۇنىڭ ئايالى تەڭلا ئىش ئورنىدىن قالدى. ئۇلار ئۆيىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ بىر نەچچە كۈن ئۇھ تارتىشتى. ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، ئاخىر كوچىغا چىقىپ ئاياغ مايلىماقچى بولدى. بۇ دەسمايە ئاز كېتىدىغان، تەربىيىلەنمىسىمۇ، بىرەر ئورۇنغا ئىلتىماس سۇنمىسىمۇ بول-

پۇلغا سېتىۋالغان، داڭلىق ماركا! — دېدى كېرىلىپ.

ئايالىنىڭ ئالدىدىكى بىر قولىدا يانفون

چىقىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى.

تاقىر باش يىگىت دىمىقىنى قېقىپ قويۇپ، يانچۇقىدىن بىر باغلام پۇلنى چىقىرىپ، ئارىسىدىن 100 يۈەنلىكتىن بىرىنى سۇغۇرۇۋالدى. گاۋ بۇنى كۆرۈپ:

— مەندە سىزگە قايتۇرغىدەك پۇل يوق، — دېدى تەمتىرەپ. تاقىرباش يىگىت ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ:

دىن كېيىن، دۇكاننىڭ ئادرېسىنى قەغەزگە سىزىپ كۆرسىتىپ قويدى.

بوۋاي ملىڭ بىر تەستە دۇكاننى تاپتى.

— قىزىم، «بۇلبۇل» ماركىلىق ھېلىقى چالىدىغان سازنىڭ

تاپتا قىزىم يولۇمغا قاراپ تۇرىدىغاندۇ، مەندىن خۇشخەۋەر كۈتۈۋاتىدىغاندۇ، بارسام ئۇنىڭغا نېمىمۇ دەرمەن؟ راست گەپنى قىلسام، ئۇ چوقۇم يىغلايدۇ، زارلايدۇ. ئاشۇ تىكەندەك يالغۇز قىزىمنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاش،

بوۋاي تۆش يانچۇقىدىن ئابلا يېزىپ بەرگەن تېلېفون نومۇرىنى چىقىرىپ بىر ھازا قاراپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن:

— رەھمەتلىك رېھىم ھارۋىكەشتەك قىلاي، شۇنداق قىلسام قىزىم ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ — دې-

تەرەپكە ماڭدى.

بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بوۋاينىڭ مەھەللىسىدىكى رېھىم ھارۋىكەش شەھەرگە كىرگەندە قاتناش ھادىسىسىگە يولۇقۇپ قازا قىلىپ، ئوغۇللىرى 30 مىڭ يۈەن تۆلەمگە ئېرىشكەنىدى.

سېنىڭ كۆزلىرىڭ

(نەسر)

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

كۆزلىرىڭ سۈپسۈزۈك تۇيغۇلىرىم ئارىسىدىن داۋالغۇپ ئۆتتى. مەن ئۇنىڭدىكى پايانسىز بوشلۇقنىڭ قەلبىمدىكى جىمجىت ناخشىلارنى داۋالغۇتۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاھ، بۇ كۆزلەر! مېنىڭ ھاياتىم ۋە بارلىقىمنى ئۆز شولىسى ئىچىگە غەرق قىلىۋەتكەنىدى.

قاپقارا كېچە كۆزلىرىڭنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. بىر قارا چېكىت، بىر چەكسىز ئاسمان، بىر خىلۋەت بوشلۇق، ئاھ، ئۈزەرمەن ئاشۇ بوشلۇقلار ئارا، چىرمىشارمەن چاچلىرىڭنىڭ دولقۇنلىرىغا... كۆزلىرىڭ ئاشۇ چاچلار ۋە ئاشۇ تۇيغۇلار ئارىسىدىن چاقنىماقتا.

كۆزلىرىڭنى ئېلىپ قاچتىڭ، شېرىن تۇيغۇلار بىردىنلا غايىپ مەنزىرىلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

كۆزلىرىڭ گويا چۈش لەيلىگەن ئېسىل ساھىل. مەن ئۇندا بىردىنلا بۇقۇلداپ يىغلاپ سالغىنىمنى بىلمەن. ئاشۇ ئۇزۇن ساھىل مېنىڭ بارلىق سېغىنىشلىرىمدىن قۇرۇلغان بىر يارقىن دۇنيا ئىدى. يات كېچىلەر مېنى قىينىماقتا. ئەي، كۆزلەر! مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويۇپ بەرسەڭچۇ.

سەن خۇددى ئەپسىز خىيال ياكى ئاۋازسىز ناخشىدەك تۇيغۇلىرىم ئارىسىدىن سىرغىپ ئۆتىسەن. سېنى تۇتماقچى بولغان تۇيغۇلىرىم قۇپقۇرۇق قوللىرىنى سوزۇپ قالىدۇ. سىرغىيسەن، سىرغىيسەن بىر لېرىك چۈش ئىچىدە. سېنى تۇتماقچىمەن. يىراق، رېئاللىق مەن ئۇچۇن بوسۇپ ئۆتكىلى بولمايدىغان پاسىل تام.

مەن سېنىڭ كۆزلىرىڭگە ئاشىق. ئەجىبا، سەن بۇنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ سەن خۇددى غايەت زور ئوت شارىدەك ماڭا «لەپپىدە» تىكىلدىڭ. مەن بىر بوشلۇق ئىچىگە غۇلاپ كەتكەندەك بولدۇم. شۇ چاغدا چىرايىڭنى كۆرگەندەك قىلغاندىم. يىراق ئۇنى ھازىر ھەر قانچە قىلىپمۇ ئەسلىيەلمىدىم. خاتىرىلىرىم بىر - بىرلەپ ئۈچۈپ قالغانىدى.

ئېسىمگە كەلسەم، سەن خۇددى بىر پارچە چۈش بوشلۇقىدەك غايىپ بولۇپسەن. كېچە بېغىدىكى سانسىز يۇلتۇزلار ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. مەن زادى قايسىسىنىڭ سېنىڭ كۆزلىرىڭگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلمىدىم. ئۇنىڭ ئارىسىدا سېنىڭ كۆزلىرىڭ يوق ئىدى. ئىختىيارسىز ئەلەملىك خورسىندىم. سەن زادى قايسى تەرەپكە كەتكەن بولغىيتتىڭ؟ كۆزلىرىمدىن سىرغىۋاتقان بىر تامچە ياش مېنى ئۈنسىز بەزلەشكە باشلىدى، مەن ئەلەملىك كۈلۈپ قويدۇم.

يەنە بىر چۈش، يەنە بىر مەنزىرە.

قانچە كۈنلەر ئۆتكەندۇ ئەركەم! سېنى يەنە ئۇچراشتۇردۇم. ئاشۇ كۆزلەر، ئاشۇ ئازاب سېنى ماڭا تونۇتتى. مەن ساڭا تەلپۈندۈم، ئەركەم. ئالدىنقى قېتىم ئېيتالمىغان سۆزلىرىمنىڭ قەلبىمدە نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن شاماللارغا ئايلىنىپ قۇلىقىڭغا مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئېيتماقچى، سېنىڭ قەلبىڭگە قولۇمنى ئۇزىتىپ ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ ياتقان تۇيغۇلارنى ئويغاتماقچى، چۈشلىرىڭ ئارىسىغا ئېقىپ كىرىپ، ئۆز مەنزىرىلىرىم ئارىسىدىكى سۈرىتىمنى سىزماقچى ئىدىم.

قانچە يىللار ئۆتكەندۇ؟ سەن يەنىلا ئاشۇ جايدا، ئاشۇ قىياپىتىڭ بىلەن تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدىڭ، سېنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا ھېس قىلدىم. قەيەردە كۆرگەن بولغىيتتىم؟ تۇيغۇلىرىمنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇپ چىقتىم. ئاھ، ئەركەم، سېنى دەل مۇشۇ جايدا كۆرگەنىكەنمەن، كۆزلەر يەنىلا بۇرۇنقى پېتىچە ئىدى. بۇ كۆزلەر مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغاندەك قىلاتتى.

سەن تاسادىپىي پۇرسەتلەردە پەيدا بولۇپ قالاتتىڭ - دە، يەنە تاسادىپىي پۇرسەتلەردە غايىپ بولاتتىڭ. سېنى تۇتۇپ قېلىشقا شۇنچە تىرىشاتتىم ۋە شۇنچە ئاسانلا قولدىن بېرىپ قوياتتىم. سەن شەكىلسىز تەسۋىر. سەن مەۋجۇدىيەت ئىدىڭ. سېنى مەڭگۈ تۇتۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

سېنى چۈش ئىچىدە ئىزدەپ، چۈش ئىچىدە يوقىتاتتىم. سەن سانسىز قۇم دانىچىلىرىدىن قۇرۇلغان ئازابلىق ئوردا ئىدىڭ. سەن شۇنچە ئاسان خاراب بولاتتىڭ ۋە يەنە يېڭى - يېڭى قىياپەتلەر بىلەن پەيدا بولاتتىڭ.

سېنى دەپ، ئاشۇ كۆزلىرىڭنى دەپ ... ...

كۆزلىرىڭ مېنى ۋەيران قىلدى. بىلەمسەن، مەن ساڭا ئۇزۇندىن بېرى ئاشىق ئىدىم. سەن ماڭا ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلدىڭ.

سەن يۈگۈرگەندەك ئۇدۇل دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ كەتتىڭ. مەن ھاڭۋاقىنىمچە ساڭا قاراپ قالدىم. ئەجىبا، شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى كۈتكىنىم مۇشۇمىدى!

سەن دەرۋازا ئىچىدىن چىقىپ كەتتىڭ. كۆزلىرىڭنى كۆرەي دەپمۇ كۆرەلمىدىم. كۆز ئالدىمدا، ياق، ناھايىتى يىراقتا ئوغلۇڭنى يېتىلەپ كېتىۋاتاتتىڭ. قايرىلاي دەپ قايرىلالمىدىڭ، چاقىراي دەپ چاقىرالمىدىم. مەغلۇبىيەت، مەغلۇبىيەت مېنىڭ ئۆمرۈمدە، مېنىڭ قەلبىمدە قالدى. ئەمما سېنىڭ كۆزلىرىڭ ... ...

تاكتىكا

(ھېكايە)

جوۋن جى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاياغ زاۋۇتى ۋەيران بولدى. گاۋ ۋە ئۇنىڭ ئايالى تەڭلا ئىش ئورنىدىن قالدى. ئۇلار ئۆيىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ بىر نەچچە كۈن ئۇھ تارتىشتى. ئويان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئاخىر كوچىغا چىقىپ ئاياغ مايلىماقچى بولدى. بۇ دەسمايە ئاز كېتىدىغان، تەربىيىلەنمىسىمۇ، بىرەر ئورۇنغا ئىلتىماس سۇنمىسىمۇ بولىدىغان ئىش بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى تىجارەت يوق ئىدى.

توغرا، ئاياغ مايلايدىغانلار ناھايىتى كۆپ، ئەمما ئاياغ كىيىدىغانلار تېخىمۇ كۆپ. شۇڭا بۇ ئىش ئىشەنچلىك. گاۋ ئون نەچچە يىل ئاياغ بىلەن ھەپىلەشكەن بولغاچقا، ئاياغنىڭ تىكىلىشى ۋە خۇرۇمنىڭ سۈپىتىنى بىر قاراپلا بىلىۋالاتتى. گاۋ ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئاياغنى ناھايىتى ياخشى مايلىغاچقا، ئۇزۇنغا قالمايلا شۇ كوچىدا تىجارەت قىلىدىغان كەسىپداشلىرى ئارىسىدا خېلى داڭق چىقىرىپ قالدى.

مۇشۇ كوچىنىڭ ئارقىسىدا بىر بايلار مەھەللىسى بولۇپ، كاتتا كىيىنىۋالغان ئەر - ئاياللار دائىم سىرتقا چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار گاۋ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئاساسلىق خېرىدارلىرى ئىدى. بىر كۈنى، ئۇلار بىردىن كونا چۆپقەتنى كۆتۈۋېلىشتى. گاۋ ئىختىيارسىز:

— پاھ، نېمە دېگەن ئېسىل ئاياغ! — دەپ سالدى.

قولىغا ئالتۇن زەنجىر سېلىۋالغان بۇ پور سېمىز ئادەم:

— ئېسىل - دە! 6000 نەچچە يۈز شياڭگاڭ پۇلىغا سېتىۋالغان، داڭلىق ماركا! — دېدى كېرىلىپ.

ئايالىنىڭ ئالدىدىكى بىر قولىدا يانفون تۇتقان، بىر قولىدا ئىت يېتىلىۋالغان ئورۇق ئادەم قاراپ قويدى - دە:

بۇ ئاياغنى ئىتالىيىدىن 1300 دوللارغا سېتىۋالغان، دوللار خەلق پۇلى ئەمەستە! — دېدى.

گاۋ ھېجايغىنىچە بۇ ئىككەيلەنگە بولۇشۇپ:

— شۇنداق، شۇنداق، ھەر ئىككىلىڭلارنىڭ داڭلىق ماركىلىق ئاياغلاردىن ئىكەن، — دېدى.

پور سېمىز ئادەم بەش يۈەننى تاشلاپ بېرىپ خاپا بولغاندەك كېتىپ قالدى. ئورۇق ئادەمنىڭ ئايىغىمۇ مايلىنىپ بولدى. ئۇ 10 يۈەن چىقىرىپ:

— مېنىڭ ئايىغىم ئۇنىڭكىدىن بىر ھەسسە قىممەت، شۇڭا مايلاش ھەققىمۇ بىر ھەسسە كۆپ بولۇشى كېرەك، — دەپ غادايغىنچە كېتىپ قالدى.

گاۋ بىلەن ئايالى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدى. بىردىنلا گاۋنىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە بىر ئەقىل كەلدى.

ئەتىسى، گاۋ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ يايمىسى ئالدىدا «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئوخشاش ھەق ئېلىش توختىتىلدى. ھەق ئېلىش ئۆلچىمى تۆۋەندىكىچە ئىسلاھ قىلىندى:

باھاسى 300 يۈەندىن تۆۋەن بىر جۈپ ئاياغقا بىر يۈەن ئېلىنىدۇ؛ باھاسى 300 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە بولغان بىر جۈپ ئاياغقا ئىككى يۈەن ئېلىنىدۇ؛ باھاسى 500 يۈەندىن يۇقىرى ئاياغقا ئاياغ باھاسىنىڭ بىر پىرسەنتى بويىچە ھەق ئېلىنىدۇ (ئاياغ باھاسىنى خېرىدارلار ئېيتىپ بېرىدۇ، باھاسىنى كۆپتۈرۈۋەتمەڭ)» دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختا تىكلەندى.

ئۇلار تاختىنى ئەمدى تىكلەپ تۇرۇشىغا، ئىككى خېرىدار كېلىپ ئۇلارنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغان يىگىت تاختىغا قاراپ بېقىپ 10 يۈەن چىقىرىپ:

— ئايىغىم 1000 يۈەن، — دېدى. گاۋ:

— كۆرۈنۈشىدىنلا داڭلىق ماركىلىقى چىقىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى.

تاقىر باش يىگىت دىمىقىنى قېقىپ قويۇپ، يانچۇقىدىن بىر باغلام پۇلنى چىقىرىپ، ئارىسىدىن 100 يۈەنلىكتىن بىرنى سۇغۇرۇۋالدى. گاۋ بۇنى كۆرۈپ:

— مەندە سىزگە قايتۇرغىدەك پۇل يوق، — دېدى تەمتىرەپ. تاقىرباش يىگىت ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئايىغىم 10 مىڭ يۈەن، كۆرۈپ باقمىغان بولغىيتتىڭ؟! — دېدى پۇلنى يەرگە پاققىدە تاشلاپ.

ئۇلار ئەمدى كېتىپ تۇرۇشىغا، تونۇگۈنكى سېمىز - ئورۇق ئىككەيلەن تەڭ دېگۈدەكلا كەلدى. ئورۇق ئادەم يەنە تونۇگۈنكى 1300 دوللارلىق ئايىغىنى كىيگەنىدى. ئۇ تاختىنى كۆرۈپ:

— باھاسىغا قاراپ ھەق ئېلىپ توغرا قىلىپسىلەر، ئوخشاش ھەق ئالىدىغان كونىلىقنى بۇزۇش كېرەك - تە! — دېدى.

پور سېمىز ئادەم يېڭى ئاياغ كىيگەنىدى. ئۇ:

— مۇشۇنداق ھەق ئېلىش كېرەك، بولمىسا كىمنىڭ ئايىغىنىڭ قىممەتلىكىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ! — دېدى. ئۇلار ئايىغىنى مايلىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئورۇق ئادەم 120 يۈەن چىقىرىپ:

— 1300 دوللار، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 12 مىڭ يۈەن بولىدۇ، — دېدى. سېمىز ئادەم 200 يۈەن چىقىرىپ:

— بۇ ئاياغمۇ 1300، — دېدى ئورۇق ئادەمگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، — ئەمما فوندستېرلىڭ! — ئۇ پۇلنى تاشلاپ، غادايغىنچە كېتىپ قالدى... ... ...

ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، گاۋ بىلەن ئايالىنىڭ بۈگۈنكى سودىسى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، كىرىمى رېكورتىنى بۇزدى. كونكرېت سانى ئېنىق ئەمەس. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلار مايلىغان ئەڭ قىممەت ئاياغنىڭ باھاسىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 30 مىڭ يۈەن بولدى.

ئابدىلىم مۇتتا تەرجىمىسى



ئىككى شېئىر

ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل

تەنھا روھ

ھاياتنى سۆيەتتىڭ، سۆيەتتىڭ تېرەن،
سۆيۈشكە ئۈندەيتتىڭ باشقىلارنى ھەم.
تەنھالىق كۆلپىتىڭ تۇمان ئىچىدىن،
يول ئېچىپ بەرگىنىڭ ئۇچۇندۇر ئەركەم.

سۆزلىمە، دەرد تۆكۈش بولۇپ قالمىسۇن،
دەريانىڭ ئەركىگە قىلايلى ھەۋەس.
ئادەمسىز ساھىلدا دولقۇنلار بىلەن
دوستلىشىپ، سىردىشىپ ئۆتەيلى بىر پەس.

ئادەملەر توپىغا پاتمىغان سىرلار،
دولقۇنغا جۆر بولۇپ كېتەر بەك يىراق.
ئەندىشە ھاجەتسىز دەپ سالارمۇ دەپ،
سىرلارنى سىر پېتى ساقلايدۇ تۇپراق.

مېھرىمىز باغلانسۇن دولقۇنلارغا كەل،
شۇ تاپتا ئۇ بىزگە ئەڭ ياخشى ھەمدەم.
ئادەملەر سوغ كۈلۈش قىلسا ھەدىيە،
ئۇ بىزگە شاۋقۇندىن كۈچ بېرەر ھەر دەم.

چۆچەك

ئۆتكەنىكەن ئاي نۇسخىدا بىر قىزچاق،
چۆچەك ئاڭلاپ، چۆچەك ئېيتىپ بۇ يۇرتتا،
تارقىلىپتۇ بۇ چۆچەكچى گۈزەلنىڭ،
گۈزەللىكى چۆچەكتىلا جاھانغا.

سۆز تاشلىسا كۆيگەن، سۆيگەن يىگىتلەر،
نېمىشقىدۇر جاۋاب بەرمەي يۈرۈپتۇ.
ئۆزى خالاپ، ئۆزى تاللاپ ئاخىرى،
ئېيتىپ يۈرگەن چۆچىكىگە تېگىپتۇ.

چۆچەككىلا ئايلىنىپتۇ ئۆزىمۇ
ۋە تالايلاپ چۆچەكلەرنى تۇغۇپتۇ.
ئاشۇ قىزنى، شۇ چۆچەكنى ئادەملەر،
ھازىر غىچە ئېيتىپ، ئاڭلاپ يۈرۈپتۇ.

سۈبھى

تۇرسۇنمۇھەممەت ئوسمان فوتوسى

11 ـ سېنتەبىر » سۇيىقەستىنىڭ سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى

سەككىز يىل ئىلگىرىلا، بىر نەچچە تېررورچى دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگىدەك چوڭ سۇيىقەستنى، يەنى ئامېرىكىنىڭ يولۇچىلار ئايروپىلانىدىن 12 نى بىرلا ۋاقىتتا ھاۋادا پارتلىتىپ، نەچچە مىڭ كىشىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى پىلانلىغانىدى، ئەمما، بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشماي قالدى، بىر نەچچە دېلو سادىر قىلغۇچىمۇ ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئېلىندى. لېكىن ھالقىلىق بىر شەخس قېچىپ كەتتى. ئۇ بۇ سۇيىقەستنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، خۇددى ئەرۋاھتەك ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەر تەرەپتىن ئۇنى ئىجرا قىلىدىغان ئادەم ئىزدىدى، كۆپ يىللارغىچە تەكشۈرۈش خادىملىرىغا قۇيرۇقىنى تۇتقۇزمىدى. ئۇ ئافغانىستانغا قېچىپ بېرىپ، «بازا» تەشكىلاتىنىڭ غوللۇق ئەزاسى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ يولۇچىلار ئايروپىلانىنى قورال قىلىپ؛ تېررورلۇق ھۇجۇمى قىلىش ئويى «بازا» تەشكىلاتى رەھبەرلىرىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى. 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۇنىڭ سۇيىقەستى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى.

كۈتۈلمىگەن ئوت ئاپىتى رىم پاپاسىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، كىشىنى چۆچۈتىدىغان سۇيىقەستمۇ ئاشكارىلاندى

مانىلا، 1994 - يىل مىلاد بايرىمىنىڭ ھارپىسى. رىم پاپاسى پاۋېل II 1995 - يىل 1 - ئايدا مانىلاغا بەش كۈنلۈك زىيارەتكە بېرىشنى پىلانلىدى. شۇ سەۋەبتىن، فىلىپپىن ساقچى تەرەپ ۋە خەۋپسىزلىك ئورگىنى خېلى بۇرۇنلا يۈكسەك ھەربىي ھالەتكە ئۆتكەنىدى.

1995 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، رىم پاپاسى مانىلاغا يېتىپ كېلىشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى، ۋاتىكاننىڭ فىلىپپىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر تۇرالغۇ بىنادا تۇيۇقسىز ئوت ئاپىتى يۈز بېرىدۇ. ئوت ئاپىتى 603 - ئۆيدە يۈز بەرگەنىدى، بۇ ئۆيدە ئىككى ئەرەب ساياھەتچى ئولتۇراتتى. بىر ئايال ساقچى ساراي ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ ئاچقاندا، ئۆينىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. شىرەدە كولبا، ۋارونكا، تورپاختا قاتارلىقلار تۇراتتى. بۇ يەر قارىماققا خىمىيە تەجرىبىخانىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن سىرت ئىچىگە سۇيۇقلاندۇرۇلغان نوبېل مېيى قاچىلانغان بىر نەچچە بوتۇلكىمۇ بار ئىدى. يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئاختۇرۇش ئارقىلىق، ساقچىلار تېخىمۇ كۆپ خىمىيىلىك دورا ۋە خىمىيە كىتابلىرىنى، باستېرلار ئىشلىتىدىغان مۇراسىم كىيىمى، ئىنجىل قاتارلىقلارنى، رىم پاپاسىنىڭ پائالىيەت لىنىيىسى خەرىتىسىنى ۋە بومبا، 12 پاسپورتنى بايقىدى. بۇنى كۆرگەن ساقچىلار چۆچۈپ تەرگە چۆمدى. ئەگەر بۇ گۈڭگىكى كۈتۈلمىگەن ئوت ئاپىتى يۈز بەرمىگەن بولسا، بىر ھەپتىدىن كېيىن، رىم پاپاسى مانىلا كوچىسىدا پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتى.

ساقچىلار 603 - ئۆيدىن يەنە خاتىرە كومپيۇتېردىن بىرنى تاپتى ھەم ئۇنىڭدىن كىشىنى چۆچۈتىدىغان سۇيىقەست — تېررورچىلارنىڭ ئامېرىكا يولۇچىلار ئايروپىلانىدىن 12 نى بىرلا ۋاقىتتا ھاۋادا پارتلاتماقچى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇلار 12 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ 12 يولۇچىلار ئايروپىلانىغا بومبا ئېلىپ چىقىپ، ئايروپىلان ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەلۇم جايىدا ئالماشقاندا، ئايروپىلاندىن چۈشۈپ قالماقچى بولغان. بومبىنىڭ ۋاقىت قۇرۇلمىسىنى بىر ۋاقىتقا توغرىلاپ، ئايروپىلان تىنچ ئوكيان ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە پارتلايدىغان قىلماقچى بولغان.

ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغۇچىنىڭ بىرى ئامېرىكا پۈتۈن دۇنياغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان مۇھىم جىنايەتچى

ساقچىلار 603 - ئۆينى داۋاملىق كۆزەتتى. شۇ كۈنى كېچىدە، ئۆينى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ئابدۇللا مۇراد ئوغرىلىقچە قايتىپ كېلىدۇ، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت پىلانى خاتىرىلەنگەن خاتىرە كومپيۇتېرنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلىدۇ. سوراقتا مۇراد ئۆزى بىلەن بىرگە تۇرغۇچىنىڭ ئامېرىكا قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى پۈتۈن دۇنياغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان مۇھىم جىنايەتچى، 1993 - يىلىدىكى نيۇ - يورك دۇنيا سودا مەركىزىدىكى ئاپتوموبىل پارتلىتىش دېلوسىدىكى باش جىنايەتچى رەمزى يۈسۈپ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ. يۈسۈپ پاكىستانلىق بولۇپ، 1988 - يىلى ۋالىسدىكى مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئېلېكترو مېخانىكىلىق قۇرۇلۇش كەسپىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قىشلىق تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ، بىن لادىننىڭ ئافغانىستاندىكى تەلىم - تەربىيە لاگېرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان. 1991 - يىلى ئۇ ئافغانىستانغا يەنە بىر قېتىم كەلگەن ھەم ئالتە ئاي تەلىم - تەربىيىگە قاتناشقان. ئۇ بومبا ياساشقا ئۇستا بولغانلىقتىن، تەلىم - تەربىيىگە قاتناشقانلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ «خىمىك» دەپ ئاتىغان.

1992 - يىلى كۈزدە، يۈسۈپ ئىراق پاسپورتى بىلەن ئامېرىكىغا بارغان ھەم «سىياسىي پاناھلىق تىلەش» باھانىسى بىلەن ئامېرىكىدا تۇرۇپ قالغان.

بەش ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭ 3000 دوللار خەجلەپ ياسىغان بىر ئاپتوموبىل بومبىسى دۇنيا سودا مەركىزىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە پارتلاپ، ئالتە ئادەم ئۆلگەن، 1000 ئادەم يارىلانغان. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 300 مىليون دوللار بولغان. پارتلاش يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يۈسۈپنىڭ شېرىكى ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭ سالاھىيىتىمۇ ئاشكارىلىنىدۇ. ئامېرىكا قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى يۈسۈپنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە 2 مىليون دوللار ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا ئۇنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىدۇ. ئۇ پاكىستاندا بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ ياتقاندىن كېيىن، كاراچىدا پەيدا بولىدۇ ھەم بالىلىق دەۋرىدىكى ئاغىنىسى مۇراد بىلەن تېپىشىدۇ. مۇراد يۈسۈپنىڭ دالالىتى بىلەن ناھايىتى تېزلا «غازاتچى» بولۇپ يېتىشىدۇ. ئۇ تېخى بومبا قاچىلانغان ئايروپىلاننى ھەيدەپ، بەش بۇرجەكلىك بىنا ياكى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى باش شتابىنى سوقۇۋېتىش تەكلىپىنى بېرىدۇ، يۈسۈپ ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى يامان ئەمەس دەپ قاراپ، ئۇنى «بۇ ئىشلارغا قىزىقىدىغان» بىرەيلەن بىلەن كۆرۈشتۈرىدۇ. بۇ ئادەم ئۆزىنى ئابدۇللا مجىت، سەئۇدى ئەرەبىستانلىق سودىگەر دەپ ئاتىۋالغان. بىراق، ساقچى تەرەپ كېيىن ئۇنى بىر قاتار تېررورلۇق ۋەقەلىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى باش پىلانلىغۇچىسى خالىد مۇھەممەد دەپ بېكىتىدۇ.

لادىن

خالىد

ئاتا

بىر «سودىگەر» يولۇچىلار ئايروپىلانىدىن پايدىلىنىپ تېررورلۇق ھۇجۇم قىلىشقا ئىنتايىن قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى

خالىد ئەمەلىيەتتە سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئەمەس، بەلكى يۈسۈپكە ئوخشاش پاكىستانلىق. ئۇ 1984 - يىلىدىن باشلاپ، ئامېرىكىنىڭ شىمالىي كارولىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنژېنېرلىق كەسپىدە ئىككى يىل ئوقۇغان، ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پاكىستانغا قايتىپ كېلىپ، «غازات» قا قاتناشقان.

1994 - يىلىنىڭ بېشىدا، خالىد، يۈسۈپ قاتارلىقلار فىلىپپىنغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ «ھاۋادا پارتلىتىش» پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەييارلىق قىلىدۇ. پىلاننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئالدى بىلەن «كىچىك سىناق» ئېلىپ بارىدۇ. 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئۇلار بىر كىچىك تىپتىكى پارتلىتىش قۇرۇلمىسىنى فىلىپپىن ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ توكيوغا قاراپ ئۇچىدىغان يولۇچىلار ئايروپىلانىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە، بومبا پارتلاپ بىر يولۇچى ئۆلىدۇ، ئايروپىلان تېشىلىپ كېتىدۇ. ئۇچقۇچى ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە جاسارىتى ۋە ئۆزگىچە ماھارىتى بىلەن ئايروپىلاننى چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

مۇراد قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، يۈسۈپ پاكىستانغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ. خالىد قاتارنىڭ پايتەختى دوھاغا قېچىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ بىر ئاكىسىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر بىلەن قويۇق باردى - كەلدىسى بولغانلىقتىن، خالىد ئامېرىكا قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە خادىملىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا قۇرۇق پاسپورت بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى خالىد ئافغانىستانغا قېچىپ كەتتى، ئۇ «بازا» تەشكىلاتى ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

«ھامبۇرگ گۇرۇپپىسى» ئەزالىرىنىڭ دۇئا - تىلاۋىتى: «يەھۇدىيلارنىڭ كېكىردىكى چوقۇم ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»

1993 - يىلى، گېرمانىيە ھامبۇرگ شەھىرى، ئەلقۇدس مەسچىتى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ دەسلەپىدە، بۇ مەسچىتكە گېرمانىيىگە ئوقۇشقا كەلگەن نۇرغۇن ئەرەب ئوقۇغۇچى يىغىلغان. ئۇلار ناھايىتى ساداقەتمەنلىك ۋە تەمكىنلىك بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ دۇئا - تىلاۋىتى «يەھۇدىيلارنىڭ كېكىردىكى چوقۇم ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ» ئىدى. 90 - يىللاردا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا چىققان مەزگىللەردە كىشىلەر تەرىپىدىن «ھامبۇرگ گۇرۇپپىسى» دەپ ئاتالغان بۇ بىر توپ ئەرەب ياشلىرى دائىم مۇشۇ يەردە پائالىيەت قىلاتتى. تەكشۈرۈش خادىملىرى ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى 20 دىن ئاشمايدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ يەر «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىكى ئايروپىلان ھەيدەپ نيۇ - يورك دۇنيا سودا مەركىزىي بىناسى ۋە بەش بۇرجەكلىك بىناغا سوقۇلغان ئۈچ ئۇچقۇچىنى، يەنى مۇھەممەد ئاتا، مارۋىن ئەرشىل، زاھىد شامىل جارانى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئىككى ئادەم ئالاقىلىشىش ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش رولىنى ئۈستىگە ئالغان.

2001 - يىل 7 - ئايدا، ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسىنى ئالاقزادىلىك چىرمىۋالدى

1999 - يىلى خالىد گېرمانىيىگە كېلىدۇ، تەكشۈرۈش خادىملىرى ئۇنى «ھامبۇرگ گۇرۇپپىسى» بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى دەپ قارايدۇ. ئاۋىئاتسىيە شىركىتى تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئاتا، ئەرشىل ۋە جارا 1999 - يىل 11 - ئايدا ئايرىم - ئايرىم ئايروپىلاندا پاكىستانغا بارغان. ئارقىدىن ئۇلار قەندىھار ئەتراپىدىكى بىر مەشىق لاگېرىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان.

2001 - يىل 7 - ئايدا، خالىد، ئاتا قاتارلىقلار ئىسپانىيىدە مەخپىي ئۇچرىشىپ، ھەرىكەتنىڭ ئاخىرقى تەپسىلاتلىرىنى كېڭەشكەن. شۇ چاغدا، ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسىنى ئالاقزادە قىلغانىدى. ئېلېكترونلۇق رازۋېدكا قىلىش، تېلېفوننى ئوغرىلىقچە ئاڭلاش، چەت ئەلدىكى كەسپداشلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشىدەك خىلمۇخىل ئالامەتلەردىن بىر چوڭ سۇيىقەستنىڭ پىلانلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بىراق ھېچكىممۇ ئۇنىڭ نېمەلىكىنى بىلمەيتتى. 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئامېرىكا تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر تېررورلۇق ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، 3000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى.

دى. يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ ئاختۇرۇش ئارقىلىق، ساقچىلار تېخىمۇ كۆپ خىمىيىلىك دورا ۋە خىمىيە كىتابلىرىنى، باستېرلار ئىشلىتىدىغان مۇراسىم كىيىمى، ئىنجىل قاتارلىقلارنى، رىم پاپاسىنىڭ پائالىيەت لىنىيىسى خەرىتىسىنى ۋە بومبا، 12 پاسپورتنى بايقىدى. بۇنى كۆرگەن ساقچىلار چۆچۈپ تەرگە چۆمدى. ئەگەر بۈگۈنكى كۆتۈلمىگەن ئوت ئاپىتى يۈز بەرمىگەن بولسا، بىر ھەپتىدىن كېيىن، رىم پاپاسى مانىلا كوچىسىدا پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتى.

ساقچىلار 603 - ئۆيدىن يەنە خاتىرە كومپيۇتېردىن بىرنى تاپتى ھەم ئۇنىڭدىن كىشىنى چۆچۈتىدىغان سۈي-

تەربىيىگە قاتناشقانلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ «خېمىت» دەپ ئاتىغان.

1992 - يىلى كۈزدە، يۈسۈپ ئىراق پاسپورتى بىلەن ئامېرىكىغا بارغان ھەم «سىياسىي پاناھلىق تىلەش» باھانىسى بىلەن ئامېرىكىدا تۇرۇپ قالغان.

بەش ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭ 3000 دوللار خەجلەپ ياسىغان بىر ئاپتوموبىل بومبىسى دۇنيا سودا مەركىزىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە پارتلاپ، ئالتە ئادەم ئۆلگەن، 1000 ئادەم يارىلانغان. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 300 مىليون دوللار بولغان. پارتلاش يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يۈسۈپنىڭ شېرىكى ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭ سالاھىيىتىمۇ ئاشكارىلىنىدۇ.

ئامېرىكا قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى يۈسۈپنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە 2 مىليون دوللار ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا ئۇنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىدۇ. ئۇ پاكىستاندا بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ ياتقاندىن كېيىن، كاراچىدا پەيدا بولىدۇ ھەم بالىلىق دەۋرىدىكى ئاغىنىسى مۇراد بىلەن

ئايروپىلان تېشىلىپ كېتىدۇ. ئۇچقۇچى ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە جاسارىتى ۋە ئۆزگىچە ماھارىتى بىلەن ئايروپىلاننى چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

مۇراد قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، يۈسۈپ پاكىستانغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ. خالىد قاتارنىڭ پايتەختى دوھاغا قېچىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ بىر ئاكىسىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر بىلەن قويۇق باردى - كەلدىسى بولغانلىقتىن، خالىد ئامېرىكا قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە خادىملىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا قۇرۇق پاسپورت بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. ئامېرىكا ئە-

2001 - يىل 7 - ئايدا، خالىد، ئاتا قاتارلىقلار ئىسپانىيىدە مەخپىي ئۇچرىشىپ، ھەرىكەتنىڭ ئاخىرقى تەپسىلاتلىرىنى كېڭەشكەن. شۇ چاغدا، ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسىنى ئالاقزادە قىلغانىدى. ئېلېكترونلۇق رازۋېدكا قىلىش، تېلېفوننى ئوغرىلىقچە ئاڭلاش، چەت ئەلدىكى كەسپداشلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشىدەك خىلمۇخىل ئالامەتلەردىن بىر چوڭ سۇيىقەستنىڭ پىلانلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بىراق ھېچكىممۇ ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئامېرىكا تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر تېررورلۇق ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، 3000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى.

«11 - سېنتەبىر» قالدۇرغان بەش چوڭ سوئال

«11 - سېنتەبىر» ۋەقەسى يۈز بېرىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بۇش بۇ بالا - قازانى پەيدا قىلغان قاتىل سەئۇدى ئەرەبىستانلىق باي بىن لادىن دەپ بېكىتتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى، لادىن قولغا چۈشمىدى، «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسى توغرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەر ھازىرغىچە سىر بولۇپ تۇرماقتا.

قاتىل زادى كىم ؟

بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، «ئارال» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تارقاتقان سىن ئالغۇ لېنتىسىدا، «بازا» تەشكىلاتىنىڭ ئىككى ئەزاسى تۇنجى قېتىم بۇ تەشكىلاتنىڭ «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىگە مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۆزلىرىنىڭ تېررورلۇق ھۇجۇمىنى پىلانلىغانلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېتىراپ قىلىدىغان بۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇشى بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەس. 2001 - يىل 11 - ئايدا، ئامېرىكىدىكى «مەخپىي ھەققانىيەت ئارمىيىسى» دەپ ئاتىلىدىغان چېكىدىن ئاشقان تەشكىلات تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋە كېيىن تارقالغان كۆيدۈرگە ۋىرۇسىغا مەسئۇل بولىمىز، دېگەنىدى. 2002 - يىل 8 - ئايدا، ئامېرىكىدا يەنە ئاخبارات ۋاستىلىرى ھەقىقىي قاتىل بىن لادىن ئەمەس، قانداقتۇر «مەخپىي ھەققانىيەت ئارمىيىسى»مۇ ئەمەس، بەلكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى كىشىلەرگە ناتونۇش بولغان «ئىسلام دۇئا - تىلاۋەت ئۆمىكى» دەپ ئاتىلىدىغان تېررورلۇق تەشكىلات، دەپ ئاشكارىلىدى.

ھەقىقىي قاتىل كىم؟ ئېھتىمال، ئامېرىكىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق، بۇ مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى ئامېرىكىنىڭ چوقۇم ناھايىتى تېزلىكتە ئۆچ ئالىدىغان ئوبيېكتىنى تېپىپ چىقىپ، ئامېرىكا خەلقىگە جاۋاب بېرىشى ئىدى. شۇڭا، تالىبان بىلەن «بازا» تەشكىلاتى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ھازىر، تالىبان ئاغدۇرۇلدى، «بازا» تەشكىلاتىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بىراق، ئامېرىكا تېخىمۇ باش ئاغرىتىدىغان مەسىلىگە يولۇقتى: بىن لادىن زادى نەدە؟

بىن لادىن ئۆلدىمۇ ياكى تىرىكمۇ ؟

يېقىندا، «نيۇ - يورك ۋاقتى» گېزىتىنىڭ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زاتلارنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، بىن لادىن ئافغانىستان ۋە پاكىستاننىڭ چېگرا رايونىدىكى تاغلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. ھاۋادىن نازارەت قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار ھەمىشە تۈن يېرىمىدە ئاتلىق يۆتكىلىپ يۈرىدىكەن.

لوندوندا ئەرەب يېزىقىدا چىقىدىغان بىر گېزىتتە، لادىن ئافغانىستاندىكى ئامېرىكا ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، دېيىلگەن. 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، قاتاردىكى «ئىسلام ھەرىكەتتە» دېگەن تور بېتى «لادىننىڭ بىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرى يازغان تۆت بەتلىك خېتى»نى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ تور لادىننىڭ ھېلىمۇ ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن. گېرمانىيە ئاخبارات تارماقلىرى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، بىن لادىن ھازىرمۇ ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، «بازا» تەشكىلاتى نامىنى «ئىسلام غەلىبىسى»گە ئۆزگەرتتى، دەپ بىلدۈردى. ئەنگلىيە رادىئو شىركىتىنىڭ خەۋىرى ئامېرىكىلىقلارنى تېخىمۇ بىئارام قىلدى. خەۋەردە: لادىن ھېلىمۇ ھايات، بىراق، ئۇ ئەمدى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش سىن ئالغۇ لېنتىسىدا سۆزلىگەن ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ، بەلكى ئامېرىكىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، دېيىلگەنىدى.

«11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن ساقلانغىلى بولامتى ؟

كىشىلەرنىڭ بۇنداق گۇمانلىق سوئالنى قويۇشىنىڭ ئاساسى بار. 1996 - يىلى، فىلىپپىن ھۆكۈمىتى ئامېرىكا قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنى ئوتتۇرا شەرقتىكى قىسمەن دۆلەتلەرنىڭ ئۇچقۇچىلىرى ئامېرىكىدىكى ئۇچۇشنى مەشىق قىلىش مەكتىپىدە مەشىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرغان؛ 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ چەت ئەلدىكى مەنپەئەتى زەربىگە ئۇچرىشى مۇمكىن ھەم دۆلەت ئىچىدىكى مەنپەئەتىنىڭمۇ زەربىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ، دېگەن؛ 2001 - يىل 7 - ئايدا، قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئارىزونا شتاتىدىكى تارماق ئىدارىسى ۋاشىنگتوندىكى باش شتابقا زور تۈركۈمدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئۇچۇشنى مەشىق قىلىش مەكتىپىدە ئۇچۇش، بىخەتەرلىك ھەم ئايروپورتتا ھەرىكەت قىلىشنى مەشىق قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىشنى ئاگاھلاندۇرغان؛ 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرى، قوشما شتات ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ: «تېررورلۇق تەشكىلات ئايروپىلان بۇلاشنى پىلانلاۋاتىدۇ ھەم مەشىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ مۇداپىئە كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان؛ شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئامېرىكا ئاخبارات ئورگىنى بۇشقا «بازا» تەشكىلاتىنىڭ ئامېرىكا ئايروپىلانىنى بۇلاشقا ئۇرۇنۇش ئېھتىماللىقىنى ئېيتقان... بۇلار ئاشكارىلانغان بىر قىسمى، ئاشكارىلانمىغىنى تېخىمۇ نۇرغۇن.

كېيىنكى قېتىملىق «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسى نەدە يۈز بېرىدۇ ؟

ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېررورلۇق ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ خىرىس ئۇلارنىڭ كېيىنكى قېتىم قانداق چاغدا، قانداق يەردە قانداق ھەرىكەت قوللىنىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ يىلقى ئامېرىكىنىڭ «مۇستەقىللىق كۈنى» (7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى) نىڭ ئالدى - كەينىدە، ئامېرىكا ئاخبارات تارماقلىرى ئۈزۈلدۈرمەي تېررورلۇق ھۇجۇمدىن ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، تېررورچىلار ئېھتىمال ئامېرىكىنىڭ يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن، دېدى. «بۈگۈنكى ئامېرىكا» ژۇرنىلىنىڭ يېقىندىكى بىر تەكشۈرۈشىدە، ھازىر ئامېرىكىلىقلار ھەر خىل ئەندىشىدە بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار يادرو ھۇجۇمىغا ئۇچراشتىن، توردا ھۇجۇمغا ئۇچراشتىن، تەبىئىي گاز تۇرۇبىسىنىڭ پارتلىتىۋېتىلىشىدىن، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بۇزۇۋېتىلىشىدىن، سۇ مەنبەسىگە زەھەر سېلىۋېتىلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ، %37 ئادەم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشتىن قورقىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى. ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى چېينىي بۇ يىل 6 - ئايدا ئاگاھلاندۇرۇپ، ئامېرىكا جەزمەن يەنە بىر قېتىم «بازا» تەشكىلاتىنىڭ تېررورلۇق ھۇجۇمىغا ئۇچرايدىغاندەك قىلىدۇ، دېدى.

«بازا» تەشكىلاتىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئالاھىدىلىكى ھەمكارلىشىش ۋە پىلانلاشقا تايىنىش. «11 - سېنتەبىر» تېررورلۇق ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى ئاز بولغاندىمۇ 18 ئاي پىلانلانغان. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئەخمىقانىلىك بىلەن 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ياكى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدەك كىشىلەر يۇكسەك ھوشيار ھالەتتە تۇرۇۋاتقان پەيتلەردە قول سالمايدۇ، شۇنداقلا كىشىلەر نۇقتىلىق مۇداپىئە كۆرىدىغان نىشانلارنى تاللىمايدۇ.

سادام قاتناشقانمۇ - يوق ؟

ئامېرىكا ئاخبارات ۋاستىلىرى يېقىندا «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن ئىلگىرى، سادام لادىنغا ئوخشاشلا ئامېرىكىغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن، دەپ ئاشكارىلىدى. بىراق، يەنە نۇرغۇن ئادەم ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بۇنداق گەپلىرى ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ «سادامنى ئاغدۇرۇش»ى ئۈچۈن يېڭى سەۋەب تېپىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ قارىدى.

ئەمەلىيەتتە، سادام بىلەن بىن لادىننىڭ ئالاقىسى بارلىقى توغرىسىدىكى گەپلەر بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن بۇيان ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. بىراق، ھازىرغا قەدەر، سادام بىلەن لادىننىڭ ئالاقىسى بارلىقى توغرىسىدىكى تولۇق پاكىتلار ئاساسىي جەھەتتىن پەرەزدىن ئىبارەت. ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندىكى ھەربىي ھەرىكىتى باسقۇچلۇق غەلىبىگە ئېرىشىشتىن بۇرۇن، سادام بىلەن بىن لادىننىڭ ئالاقىسى بارلىقى توغرىسىدىكى گەپلەر بەزىدە پەيدا بولۇپ، بەزىدە يوقاپ كەتتى، بىراق، ئامېرىكىنىڭ «سادامنى ئاغدۇرۇش» ساداسىنىڭ كۆلىمى جىددىيلىشىشكە ئەگىشىپ، بىرەر مۇۋاپىق سەۋەب تېپىش زۆرۈر بولغانغا قەدەر، ئىراقنىڭ «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنى پىلانلاشقا قاتناشقانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەر ئاستا - ئاستا ئەۋج ئېلىشقا باشلايدۇ.

ئالەم ۋە ئادەم
(129 - سان)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى «تەنتەربىيە سارىيى» يولى 6 - قورۇ. تېلېفون نومۇرى: مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئىشخانىسى: 2641721؛ تەھرىر بۆلۈمى: 2629278؛ مۇخبىرلار بۆلۈمى: 2629299؛ پارچە باھاسى 0.65 يۈەن. پوچتا نومۇرى: 830002. «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى لازېر نۇرى مەتبەسىدە بېسىلدى.

ئەۋلاد كۇرۇپپىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئىشچىلار ۋاقت گېزىتى

工人时报 （维吾尔文）

● ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى ● «ئىشچىلار ۋاقت گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى ● مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 0042 / - W ● ۋاكالەت نومۇرى 20 - 57

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: تەلئەت ئەخەت 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى (سەيشەنبە) (70 - سان) (ئومۇمىي 1752 - سان)



پارتىيىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ 6 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى يېقىندا «بىخەتەرلىكنى تۇتۇپ، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، تۆھپە يارىتىشتا بەسلىشىش» بويىچە 100 كۈنلۈك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى.

سۈرەتتە: ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىدىكى ئىشچىلار بەس - بەستە ئىشلىمەكتە.

مۇھەممەتئىمىن ياقۇپ فوتوسى

ماناس ئېلېكتر شىركىتىگە نەزەر

ئۆز مۇخبىرىمىز ○ بەي يۈن

يېقىندا مۇخبىر ماناس ئېلېكتر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە كېلىپ، شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ جېڭچېڭنى مەخسۇس زىيارەت قىلدى.

مۇخبىر: ماناس ئېلېكتر شىركىتى ھازىر شىنجاڭ بويىچە گېنېراتورلار ئومۇمىي سىغىمى ئەڭ چوڭ ئوت ئېلېكتر كارخانىسى، ئۇنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

ۋاڭ جېڭچېڭ: ماناس ئېلېكتر شىركىتى 1986 - يىلى قۇرۇلغان، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەتنىڭ 7 - بەشيىللىق، 8 - بەشيىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى، پىلاندىكى گېنېراتورلار ئومۇمىي سىغىمى 1 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، قۇرۇلۇش ئۈچ قارارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى، 1 -، 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش 1992 - يىلى ۋە 1994 - يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ھازىرقى گېنېراتورلار ئومۇمىي سىغىمى 630 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە گېنېراتورلار ئومۇمىي سىغىمى ئەڭ چوڭ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، دۆلەت بويىچە چوڭ تىپتىكى 1 - تۈردىكى كارخانا ھېسابلىنىدۇ. شىركەتنىڭ ھازىر 1805 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 35، ئۇلار خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل، رۇس قاتارلىق 14 مىللەتتىن تەركىب تاپقان.

مۇخبىر: ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى شىنجاڭ

مىقدارىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. يارىتىلغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 609 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي مەھسۇلات قىممىتى 118 مىليارد 312 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا 1 مىليارد 634 مىليون كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، تورغا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارى 1 مىليارد 495 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

مۇخبىر: ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تايىنىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

ۋاڭ جېڭچېڭ: كارخانا تەرەققىي قىلماقچى بولىدىكەن، جەزمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تايىنىشى كېرەك. ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى كارخانا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى جەريانىدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدىكى رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ باشقۇرۇشتا، تۈزۈمدە، تېخنىكىدا، تەپەككۇردا، تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىشنى پائال ئالغا سۈردى، ئىشلەپچىقىرىش، بىخەتەرلىك، تىجارەت، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغان نىشانىنى تۈزۈپ چىقتى، شىركەتتىن تارتىپ بۆلۈم - ئىشخانا، ئىسمېنا - گۇرۇپپىلارغىچە كۆرسەتكۈچنى قاتلاممۇ قاتلام تەقسىملەپ، «ئېغىر يۈكنى كۆپچىلىك تەڭ كۆتۈرۈش، ھەممە ئادەمدە

مىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى، كارخانىنىڭ چوڭ - چوڭ مەبلەغ سېلىش لايىھىسىنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، مائاشى، ئولتۇراق ئۆي، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلىپ سىناش، تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش، تەربىيىلەش پىلانى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ يۇرۇشتۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاشكارا بولۇش يولغا قويۇلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىنى دېموكراتىك باشقۇرۇشقا ئىلھام بېرىلىپ، كارخانا تەرەققىياتى ئالغا سۈرۈلدى.

مۇخبىر: بۇ يىل مەملىكەت بويىچە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى تۈزۈلمىسىدە زور ئۆزگىرىش بولغان بىر يىل، ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى بەزى ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

ۋاڭ جېڭچېڭ: ئىسلاھات — كارخانا تەرەققىياتىدىكى تۈگىمەس - پۈتمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئەمگەك - كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ چوڭقۇرلاشتى.

بىز 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاشنى، رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىشنى باشلىغان. شىركەتلەشتۈرۈش ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، ئارتۇق خادىملارنى قىسقارتىش، بىرىنچى سەپكە كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي قاتلامنى تولۇقلاش پرىنسىپىغا ئاساسەن، شىركەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە خادىملارنى زور دەرىجىدە تەڭشىدۇق، بۆلۈم، ئىشخانا، شۆبە مەيدان تۈزۈمىنى بۆلۈم، ئىشخانا، شىركەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرت

بېرىپ ئۆزى ئىش تېپىپ ئىشلىدى، خادىملارنى قىسقارتىش نىسبىتى 10% تىن يۇقىرى بولدى. 2001 - يىلى، بۇ سىياسەت داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ خادىملارنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى.

مۇخبىر: ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ كېلەچەكتىكى تەرەققىياتىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

ۋاڭ جېڭچېڭ: ماناس ئېلېكتر شىركىتى تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، لېكىن بىز ئۇنىڭ كەلگۈسىنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىمىز. پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن، بىز بازار رىقابىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈزۈلمە ۋە مېخانىزم بەرپا قىلىپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ماناس ئېلېكتر شىركىتىنىڭ قەرزنى پايىغا ئۆزگەرتىشتەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پاي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ۋە بازارغا چىقىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ بارىمىز.

مۇشۇ ئاساستا، 300 مىڭ كىلوۋاتلىق ئىككى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى بۇرۇنراق ئىشقا كىرىشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرىمىز. ماناس ئېلېكتر شىركىتىنىڭ 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشى شىركەتنىڭ ئاساسىي كەسپى ۋە كۆپ خىل تىجارەتنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى نىجاتلىق تېپىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا، ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك. بىز بۇنى چوڭ ئىش سۈپىتىدە چىڭ تۇتىمىز؛ 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسى قۇ

ئۈرۈمچى لىيۇداۋان كۆمۈر كېنى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش تورى شەكىللەندۈردى

ئۆز مۇخبىرىمىز **ۋارىس تاھىر**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **ئېزىزجان خۇدابەردى** خەۋەر قىلىدۇ: ئىلگىرى، لىيۇداۋان كۆمۈر كېنىدا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش پەقەت ھېيت - بايراملاردىلا ئېلىپ بېرىلاتتى. ھازىر ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قاچان قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا شۇ چاغدا ياردەم بېرىشتەك تور شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن كاندىكى 100 گە يېقىن قىيىنچىلىقى بار ئائىلىنىڭ 88 پىرسەنتى ۋاقتى - ۋاقتىدا ياردەمگە ئېرىشەلەيدىغان بولدى.

لىيۇداۋان كۆمۈر كېنى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ ئاساسىي قاتلاملارغا ئەۋەتىپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئاساسىدا «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش فوندىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى تۈزۈپ يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى فوندى مەبلىغى غەملەپ كاننىڭ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. كان يەنە ھەر بىر رەھبەر بىردىن قىيىنچىلىقى بار ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىش، بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ھەممە كىشى تەڭ ياردەم بېرىشنى تۈزۈملەشتۈردى. كان ئۆتكەن يىلى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن سۇ ۋە توك ھەققىنى تۆلىيەلمەي كەلگەن 16 ئائىلىنىڭ بىر يىللىق سۇ ۋە توك ھەققىنى تۆلەپ بەردى؛ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش ۋە ماتېرىيال پۇلىنى تۆلىيەلمىگەن 36 ئائىلىدىكى 54 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ۋە ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن 22 ئوقۇغۇچىنىڭ 9000 يۈەن ئوقۇش خىراجىتىنى ئۈستىگە

دى بويۇم بىلەن ھال سورىدى. كان پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى ۋە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشنى «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن ئاجراتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، كان يەنە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەمكارلىشىش تولۇقلىما سۇغۇرتا مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئۆتكەن يىلى ئۇنىۋېرسال كۆمۈر قېزىش 1 - رايونى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن يىغىلغان قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش فوندىدىن 6000 يۈەن ئاجرىتىپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ داۋالىنىش ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. قۇدۇق ئاستىنى شامالدىتىش رايونىدىكى 23 پارتىيە ئەزاسى ئۆزلۈكىدىن 825 يۈەن يىغىش قىلىپ، ئائىلىسىدە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئابلىز بىلەن توختىنىڭ ئائىلىسىگە ياردەم بېرىپ ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى.

كان «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى. 1998 - يىلدىن بۇيان كان قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۇلازىمەت مەركىزىگە كىرگۈزدى، ئۇلارنىڭ

ۋە 1994 - يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ھازىرقى گېنېراتورلار ئومۇمىي سىغىمى 630 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە گېنېراتورلار ئومۇمىي سىغىمى ئەڭ چوڭ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، دۆلەت بويىچە چوڭ تىپتىكى 1 - تۈردىكى كارخانا ھېسابلىنىدۇ. شىركەتنىڭ ھازىر 1805 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 35، بۇلار خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل، رۇس قاتارلىق 14 مىللەتتىن تەركىب تاپقان.

مۇخبىر: ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىكەن، سىز ئۇنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغدا ئوينىغان رولىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

ۋاڭ چېڭچېڭ: ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىشى بىلەن، ئۆتمۈشتىكى چۆل - جەزىرىدە زامانىۋى ئوت ئېلېكتر كارخانىسى قۇرۇلدى. كۈچلۈك ئېلېكتر ئېقىمى ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، كۈيتۇن قاتارلىق ئېلېكتر تورىغا ئۇلىنىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنى ئىشەنچلىك توك بىلەن تەمىن ئەتتى. 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە، ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى 34 مىليارد 646 مىليون 320 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىپ، 31 مىليارد 804 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقاتتى. بۇ شىنجاڭدىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى سىستېمىسى ئىشلەپچىقارغان ۋە تارقاتقان توك

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدىكى رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ باشقۇرۇشتا، تۈزۈمدە، تېخنىكىدا، تەپەككۇردا، تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىشنى پائال ئالغا سۈردى، ئىشلەپچىقىرىش، بىخەتەرلىك، تىجارەت، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغان نىشاننى تۈزۈپ چىقتى، شىركەتتىن تارتىپ بۆلۈم - ئىشخانا، ئىسمېنا - گۇرۇپپىلارغىچە كۆرسەتكۈچنى قاتلامۇ قاتلام تەقسىملەپ، «ئېغىر يۈكنى كۆپچىلىك تەڭ كۆتۈرۈش، ھەممە ئادەمدە كۆرسەتكۈچ بولۇش» نى شەكىللەندۈردى.

بۇلتۇر شىركەت پېچتىن چىققان ئىس، ھارارەت يۇقىرى بولۇش، پار تور بىناسىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش، ئاپتوماتلاشتۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق ئاجىز ھالقىلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېرمو ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، ئاپتوماتىك ئۈسكۈنە قاتارلىقلاردا تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. كۆمۈر تېجەش ئۈسكۈنىسىنى ئۆزگەرتىپ، تېمپېراتۇرا 21 گرادۇس تۆۋەنلىتىلىپ، بىر يىل ئىچىدە مۇشۇ بىر تۈردىلا 5000 توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر، 700 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ تېجەپ قېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى كارخانا ئىسلاھاتى جەريانىدا، شىركەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ تولۇق ھوقۇقىنى ئىجرا قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئاساسىي شەكىل قىلىنغان كارخانا دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈ-

رەققىياتىغا ئەگىشىپ چوڭقۇرلاشتى.

بىز 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاشنى، رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىشنى باشلىغان. شىركەتلەشتۈرۈش ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، ئارتۇق خادىملارنى قىسقارتىش، بىرىنچى سەپكە كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي قاتلامنى تولۇقلاش پرىنسىپىغا ئاساسەن، شىركەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە خادىملارنى زور دەرىجىدە تەڭشىدۇق، بۆلۈم، ئىشخانا، شۆبە مەيدان تۈزۈمىنى بۆلۈم، ئىشخانا، شىركەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتۇق، شتات، خادىم، ئىش ئورنىنى بېكىتتۇق. ئاخىرىدا شاللىۋېتىش تۈزۈمى چارىسىنى قوللىنىپ رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىشنى يولغا قويۇپ، ئاپپاراتنى زور دەرىجىدە ئىخچاملاپ، خادىملارنىڭ رىقابەت ئېڭى ۋە كرىزىس ئېڭىنى كۈچەيتتۇق، بۇنىڭ بىلەن ئاپپارات تېخىمۇ خىل، مۇۋاپىق بولدى، خادىملارنىڭ ساپاسى ۋە خىزمەت ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆستى.

2000 - يىلى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى شىركىتىنىڭ ئادەم قىسقارتىش سىياسىتىگە ۋە شىركەتنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆزى ئىش تېپىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئادەم قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى يولغا قويدۇق. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىپ ئۆزى ئىش تېپىپ ئىشلەشكە ئىلھام بېرىش بويىچە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتۇق، بۇنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى، شۇ يىلى 258 ئىشچى - خىزمەتچى خىزمىتىدىن ئىستىپا

خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بارىمىز.

مۇشۇ ئاساستا، 300 مىڭ كىلوۋاتلىق ئىككى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى بۇرۇنراق ئىشقا كىرىشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرىمىز. ماناس ئېلېكتر شىركىتىنىڭ 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشى شىركەتنىڭ ئاساسىي كەسپى ۋە كۆپ خىل ئىگىلىكىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجاتلىق تېپىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا، ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك. بىز بۇنى چوڭ ئىش سۈپىتىدە چىڭ تۇتىمىز؛ 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسى قۇرۇپ، 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا تور تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، قۇرۇلۇشنىڭ بۇرۇنراق ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىنى قولغا كەلتۈرىمىز. نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، خادىملارنى تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇپ، 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىمىز.

«تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا نەزەر» سەرلەۋھىلىك چاتما خەۋەر ⑤

ياردەم بېرىش نىشاندارلىقىنى كۈچەيتتى. كان يەنە ھەر بىر رەھبەر بىردىن قىيىنچىلىقى بار ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىش، بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ھەممە كىشى تەڭ ياردەم بېرىشنى تۈزۈملەشتۈردى. كان ئۆتكەن يىلى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن سۇ ۋە توك ھەققىنى تۆلىيەلمەي كەلگەن 16 ئائىلىنىڭ بىر يىللىق سۇ ۋە توك ھەققىنى تۆلەپ بەردى؛ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش ۋە ماتېرىيال پۇلىنى تۆلىيەلمىگەن 36 ئائىلىدىكى 54 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ۋە ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن 22 ئوقۇغۇچىنىڭ 9000 يۈەن ئوقۇش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالدى. كان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى ئۈچۈن ھەر يىلى 30 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. ھېيت - بايرام كۈنلىرى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى يوقلاشنى تۈزۈملەشتۈردى ھەم يىل بېشىدا قىيىنچىلىقى بار 90 ئائىلىدىن 15 مىڭ يۈەن قىممەتتىكى ماد-

بار ئابلىز بىلەن توختىنىڭ ئائىلىسىگە ياردەم بېرىپ ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى.

كان «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى. 1998 - يىلدىن بۇيان كان قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۇلازىمەت مەركىزىگە كىرگۈزدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش كاپالىتى ئۈچۈن يىلىغا نەچچە 100 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى تارقاتتى.

تۇرپان كۆمۈرچىلىك چەكلىك
مەسئۇلىيەت باش شىركىتى
ئالاھىدە ھەمكارلاشتى

ئەمگەكتىكى تالاش - تارتىشلارنى مۇرەسسە قىلىش خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش بولدى

ئۆز مۇخبىرىمىز **ۋارىس تاھىر** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمگەك كاپالەتلەندۈرۈشنى تەپتىش قىلىش ۋە ئەمگەك كاپالەتلەندۈرۈشتىكى تالاش - تارتىشلارنى مۇرەسسە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون مەخسۇس ئەمگەك مۇناسىۋەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، كارخانا ئىسلاھاتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان بىر قىسىم زىددىيەت، مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلدى.

مەلۇم بولۇشىچە، گوۋۇيۈەن «دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئەمگەك كاپالەتلەندۈرۈشتىكى تالاش - تارتىشلارنى مۇرەسسە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى قارار» نى ۋە «كارخانا ئەمگەك تالاش - تارتىشلىرى نىزامى»، «ئەمگەك قانۇنى» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالەتلەندۈرۈش تارماقلىرى جەمئىي 115 ئەمگەك كاپالەتلەندۈرۈش تەپتىش ئاپپاراتى قۇرۇپ، 644 خادىمنى بۇ خىزمەتكە سەپلەپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە ئۈچ دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالەتلەندۈرۈشنى تەپتىش قىلىش تورىنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەمگەك تەپتىش تارماقلىرىنىڭ رولى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇندىن 17 مىڭ 800 ئورۇن (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، بۇ 1 مىليون 193 مىڭ ئەمگەكچىگە چېتىلدى، 2896 دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، بۇنىڭ 2756 سى بىر تەرەپ قىلىندى ھەمدە 43 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنىڭ ئەمگەك توختامى تولۇقلاپ ئىمزالاندى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تارقىتىلماي قالغان 29 مىليون 600 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى، 27 مىليون 600 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى پۇلى تولۇقلاپ تارقىتىلدى. قانۇنغا خىلاپ ھالدا بالا ئىشچى ئىشلىتىش دېلوسىدىن 116 ى بىر تەرەپ قىلىنىپ، قۇرامىغا يەتمىگەن 143 بالا قوغداپ قېلىندى. 2765 ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنغا چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى، 154 ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىغا مەمۇرىي ۋە ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايون ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئەمگەكتىكى تالاش - تارتىشلارنى كېسىم قىلىش ئاپپاراتىدىن 107 نى قۇرۇپ، مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان كېسىم خادىملىرىدىن 530 نى سەپلىدى. 2001 - يىلى ھەر قايسى كېسىم قىلىش ئاپپاراتلىرى قوبۇل قىلغان ئەمگەكتىكى تالاش - تارتىش دېلوسى 2639 غا يېتىپ، بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 96.6% كە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى كارخانىلاردا ئەمگەكتىكى تالاش - تارتىشلارنى خۇلاسە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتىدىن 3013 ى قۇرۇلدى، تاپشۇرۇپ ئالغان 3816 دېلونىڭ ھەل قىلىنىش نىسبىتى 63.3% كە يەتتى.

ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار بۇلتۇردىن بېرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەربىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتچىلىرىدىن بولۇش پائالىيىتى جەريانىدا نامرات ئائىلىلەرگە 90 مىليون يۈەن ياردەم قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ 3000 ئېغىز خەتەرلىك ئۆيىنى رېمونت قىلىپ بەردى.

سۈرەتتە: نامرات ئائىلىلەرگە ياغ، ئۇن تارقىتىپ بېرىلمەكتە.

كامال جامال فوتوسى

«دۆڭكۆۋرۈك بازىرى» پاكىستانغا كېڭەيمەكچى

ئۆز مۇخبىرىمىز **ئارزۇگۈل سېيىت** خەۋەر قىلىدۇ: جۇڭگو ۋە پاكىستان كارخانىلىرى دوستلۇق ۋە ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، جۇڭگو شىنجاڭ «چۇاڭتيەن» گۇرۇھىنىڭ دۆڭكۆۋرۈك ساياھەت، پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ھەسسەدارلىق شىركىتى بىلەن پاكىستاننىڭ راۋالپىندى قاتارلىق شەھەرلىك سودا - سانائەت مەھكىمىلىرى يېقىندا سودا ئىشلىرى توغرىسىدا توختام ئىمزالىدى.

توختام بويىچە پاكىستان تەرەپ بۇ يىل «چۇاڭتيەن» گۇرۇھىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «تيەنئەن» ئولتۇراق بىناسىنىڭ ئۈچ قەۋىتىنى ئىجارىگە ئېلىپ «پاكىستان تاۋارلىرى سودا شەھەرچىسى» قۇرىدۇ. دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدا 2000 كۋادرات مېتىر ئورۇننى ئىجارىگە ئېلىپ «پاكىستان تاۋارلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش — سېتىش مەركىزى» قۇرىدۇ. «چۇاڭتيەن» گۇرۇھى 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ پاكىستاننىڭ ئىسلامئاباد، راۋالپىندى، لاھور قاتارلىق شەھەرلىرىدە «جۇڭگو شىنجاڭ دۆڭكۆۋرۈك تاۋارلىرى سودا بازىرى» قۇرىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر : چىمەنگۈل ئابدۇللا
مۇھەررىر : ئەركىن سابىر
كوررېكتور : مۆنىرە مۆمىن

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، پەننىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تاللاش ۋە تاللىنىش بوغدا دوختۇرخانىسىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرماقتا

ئۆز مۇخبىرىمىز ● تۇرسۇنئاي قۇتلۇق

بوغدا دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبۇلاتورىيەدىن دوختۇرخانىغا ئۆزگىرىشى، كىچىكلىكتىن زورىيىشى، تېخنىكا ئەمەلىي كۈچىنىڭ بارغانسېرى مۇكەممەللىشىشى ۋە داۋالاش سەۋىيىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈشى — ئوخشاش كەسىپلەر ئىچىدە بۇ دوختۇرخانىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى يارقىن ئوبرازىنى تىكلىدى. بۇ ئوبراز ئالدى بىلەن بوغدا دوختۇرخانىسىغا توپلانغان ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بارلىقىنى بىمارلارغا بېغىشلاش، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە دوختۇرخانىنىڭ روناق تېپىشىنى ھەر ۋاقىت بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش روھى ئارقىلىق تېخىمۇ ۋايىغا يەتتى.

بوغدا دوختۇرخانىسى دوختۇرخانا تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرى بايلىقىنىڭ مول بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، سەرخىل تىببىي خادىملار قوشۇنىنى ئەتراپىغا توپلىدى. نوپۇزلۇق تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇغان ياكى مەخسۇس بىلىم ئاشۇرغان، كەسپچانلىقى كۈچلۈك، كەسپىي سەۋىيىسى يۇقىرى بىر تۈركۈم تىببىي خادىملارنى يۇقىرى تەمىنات بىلەن ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. جەمئىيەتتىن مول ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىسى بار، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياش باشقۇرغۇچىلارنى ئاشكارا رىقابەتلىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كارخانىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانا ئەسلىدىكى مەخسۇس ئەرلەر كېسەللىكلىرى ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرىنىلا داۋالايدىغان ئورۇندىن باللار كېسەللىكى بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ھەم ئېغىز كېسەللىكلىرى بۆلۈمى بولغان ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىغا كېڭەيدى.

بوغدا دوختۇرخانىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردىن باشلاپ، ئىختىساس ئىگىلىرى ئىچىدىن مۇنەۋۋەرلىرىنى تاللاش، ئادەم سانىنىڭ ئاز ھەم ساز بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىش، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ دوختۇرخانا ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمنى ئاساس قىلىشنى باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئىش ئورنىدا رىقابەتلىشىپ ئىشلەش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى، جەڭگىۋارلىقىنى قوزغىدى. ئاغرىقلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان، خىزمەتتە سۇسلۇق قىلغان، كەسپىي ساپاسى تۆۋەن، ئالغا ئىنتىلىشنى خالىمايدىغان، تىببىي ئەخلاقى ناچار خادىملار بايقالغان ھامان ئۆز ۋاقتىدا شاللاپ چىقىرەتتى. بۇ، دوختۇرخانىنىڭ ئاغرىقلار قەلبىدىكى ئوبرازىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

بوغدا دوختۇرخانىسى تىرىشچان، كەسىپچانلىقى كۈچلۈك، ئىستىقبالى بار ياش تىببىي خادىملارنى تەربىيىلەشكە ۋە يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. خادىملارنى قەرەللىك ھالدا بېيجىڭ، شاڭخەي، نەنجىڭ قاتارلىق شەھەرلەردىكى چوڭ دوختۇرخانىلاردا، تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ۋە شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلەشنى ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى. تىببىي خادىملارنى ئايلىق، پەسىللىك ۋە يىللىق باھالاشقا قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ساپاسى بىلەن دوختۇرلۇق كەسپىي ئەخلاقىنى بىرلىكتە چىڭ تۇتتى. دوختۇرلارنى ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرۇپ، ئىلىم ئۇچۇرى ئالماشتۇرۇش، ئىلغار داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنى دۆلىتىمىز ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، كەسپداشلار ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھاملاندۇردى. بوغدا دوختۇرخانىسى رەھبەرلىكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ۋە چەت ئەللەردىن ئەرلەر كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا شارائىت ھازىرلىدى. مەملىكەتلىك ئەرلەر كېسەللىكلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنىنى بوغدا دوختۇرخانىسى باش ساھىبخانا بولۇپ شىنجاڭدا ئورۇنلاشتۇردى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن ئاتاقلىق مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئىلمىي مۇھاكىمە سالونى ئۆتكۈزدى. بۇ بىر قاتار ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەر ۋە مول نەتىجىلەر بوغدا دوختۇرخانىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنىنىڭ بارغانسېرى زورىيىشىغا، كەسپداشلار ئارىسىدىكى نوپۇزىنىڭ ئۆرلىشىگە، رىقابەت تۇيغۇسى ۋە ئۇتۇق قازىنىش ئىرادىسىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولدى.

بوغدا دوختۇرخانىسىنىڭ تىببىي خادىملاردىن مۇنەۋۋەرلىرىنى ئالدىن تاللاش، ناچارلىرىنى شاللىۋېتىش، جەمئىيەتكە ۋە ئاغرىقلارغا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسى دوختۇرخانا تەۋەسىدە ناھايىتى ياخشى تەسىر قوزغىدى. باشقۇرۇش، داۋالاش ۋە تېخنىكا بىر گەۋدىلەشكەن، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ ۋە خوتەندە كەينى - كەينىدىن قۇرۇلغان تارماق دوختۇرخانىلىرىنىڭ بۇنداق تولۇق مۇنتىزىم ھالەتتە جەمئىيەت ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىشى بوغدا دوختۇرخانىسىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كارخانا ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بوغدا دوختۇرخانىسىدىكى تىببىي خادىملارنىڭ ئۇيۇشچانلىقىنى، رىقابەت ئېڭىنى ئاشۇردى. نەتىجىدە، بوغدا دوختۇرخانىسىنىڭ لاياقەتلىك ۋە مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنى زورىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى بارغانسېرى نامايان قىلدى.

يەنجى تاشيول ئۇچاستكىسى پارتىيە ياچېيكىسى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇپ ياخشى ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈردى

يەنجى تاشيول ئۇچاستكىسى پارتىيە ياچېيكىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

بۇ ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش خىزمىتى بويىچە قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئۇچاستكىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى يۈكسەلدۈردى. نىشانلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياچېيكا بىلەن ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋەزىپە، ئۆلچەم، تەلەپ ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورناتتى؛ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۆھپە قوشۇشتا باشلامچىلاردىن بولۇشقا يېتەكلىدى؛ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك قارىشى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈردى، ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنى، پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىشنى تۈزۈملەشتۈرۈپ، ھەر قېتىملىق يىغىندا بىر نەچچە نۇقتىلىق مەسىلىنى ھەل قىلدى؛ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى پاكلىق قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ قىلمىشلارنى چەكلىدى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزەتتى؛ پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، بىر تۈركۈم ئاكتىپلارنى ۋاقتىدا پارتىيىگە قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە، بۇ ياچېيكىنىڭ جەڭگىۋارلىق، قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئۇچاستكىنىڭ ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، بۇ ياچېيكا ئۈچ يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى، كورلا تاشيول باش ئۇچاستكىسى ۋە يەنجى ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى» دېگەن نامنى قولدىن بەرمەي كەلمەكتە.

تۇردىگۈل ياسىن

ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى ھەمكارلاشتى

ئىشچىلار تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولدى

نارات تاشيول ئۇچاستكىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يېقىندا بۇ ئۇچاستكىغا قاراشلىق 204 - داۋەن ئىشچىلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بەردى.

تاغ ئارىسىدىكى ئۆلكە يولىنى ئاسراشنى ئۈستىگە ئالغان بۇ داۋەننىڭ VCD، ياڭراتقۇ، تېلېۋىزور ۋە كىتاب، گېزىت - ژۇرنال

ئەتراپتىكى تاغلار ئېگىز بولغاچقا، تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنى يەنىلا تارتالماي كەلگەنىدى. يېقىندا ئۇچاستكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئىككى مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلدى ۋە 5000 يۈەنگە سۈنئىي ھەمراھ نومۇرلىرىنى

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا جىنسىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا

● مۇھەممەتجان جاپپار ● قەمەرنىسا ھېسامىدىن

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ساپا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇلارغا ماس كېلىدىغان ئەخلاق تەربىيىسىنىمۇ

لەرنىمۇ يوشۇرۇپ، دەرسلىكلەردىكى جىنسىيەتكە ئائىت بىلىملەرنى ئوقۇش - ئاشكارا سۆزلەشتىن باش تارتىدۇ، بۇنداق قىلساق، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە، نورمال تۇرمۇشىغا تەسىر يېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

● ئىقتىسادىي خەۋەرلەر ●

غۇلجا شەھەرلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى يېقىندا شەھەر ئەتراپىدىكى ھەر قايسى يېزا - بازار، مەيدانلارنىڭ كونا توك سىملىرىنى يېڭىلاپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ توك ئىشلىتىشى قىيىن بولۇش، توك باھاسى يۇقىرى بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ھەر بىر كىلوۋات سائەت توك ھەققىنى 0.24 يۈەن تۆۋەنلەتتى. بۇنىڭ بىلەن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەر يىللىق توك ھەققىلا 1 مىليون 160 مىڭ يۈەن يېنىكلىدى.

سۈرەتتە: خادىملار توك لىنىيىلىرىنى ئۆزگەرتمەكتە.

ئابدۇساتتار قاسىم فوتوسى



قاراماي ئېلېكتر ئىستانسىسى بۇ يىل 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە توك ئىشلەپچىقىرىش، تارقىتىش، ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، 25 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسىنى ئۆزگەرتىپ چوڭ رېمونت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىخەتەر تاماملىدى.

سۈرەتتە: ئىشچىلار 25 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسىنى ئۆزگەرتىپ چوڭ رېمونت قىلماقتا.

ئېزىز قادىر فوتوسى

قىسقا خەۋەرلەر

● يېقىندا جۇڭگو ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە

قۇرۇش خىزمىتىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياچېيكا بىلەن ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋەزىپە، ئۆلچەم، مىسلارنى چەكلىدى ۋە ساقلانغان مەسىلەلەرنى ۋاقتىدا تۈزەتتى؛ پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، بىر تۈركۈم ئاك-

ئىشچىلار تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولدى

نارات تاشيول ئۇچاستكىسى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى يېقىندا بۇ ئۇچاستكىغا قاراشلىق 204 - داۋبەن ئىشچىلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بەردى.

تاغ ئارىسىدىكى ئۆلكە يولىنى ئاسراشنى ئۈستىگە ئالغان بۇ داۋبەننىڭ VCD، ياڭراتقۇ، تېلېۋىزور ۋە كىتاب، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق مەدەنىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى تولۇق بولسىمۇ، ئۇلار كۈندىلىك تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆرەلمەي، بوش ۋاقتى بەكلا زېرىكىشلىك ئۆتكەنىدى. بىر نەچچە قېتىم كۆنەس ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن مۇناسىۋەتلىك خادىم تەكلىپ قىلىپ كۆچەيتىش ئاتېنناسىنى ئوڭشاتقان بولسىمۇ، ئەتراپتىكى تاغلار ئېگىز بولغاچقا، تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنى يەنىلا تارتالماي كەلگەنىدى. يېقىندا ئۇچاستكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئىككى مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلدى ۋە 5000 يۈەنگە سۈنئىي ھەمراھ نومۇرلىرىنى يەر يۈزىدىن قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىسى ئورناتتى، ئىشچىلار ئەمدى تېلېۋىزور ئېكرانىدا 32 قانالدا تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆرەلەيدىغان، مەملىكىتىمىز ۋە خەلقئارادا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەردار بولالايدىغان بولدى.

پولات روزى

يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسلىرى، ئاقسۇ تاشيول باش ئۇچاستكىسى پارتكومى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىرى كېلىپىن تاشيول ئۇچاستكىسىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، كەلپىن تاشيول ئۇچاستكىسىغا «ئۈلگىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

سۈرەتتە: رەھبەرلەر ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە.

باھارگۈل ئابلىمىت، ئىلى ھوشۇر فوتوسى

ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنى دۆلىتىمىز ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، كەسپداشلار ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىل-

شۇردى. نەتىجىدە، بوغدا دوختۇرخانىسىنىڭ لاياقەتلىك ۋە مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنى زورىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى بارغانسېرى نامايان قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى ھەمكارلاشتى

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا جىنسىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا

● مۇھەممەتجان جاپپار ● قەمەرنىسا ھىسامىددىن

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ساپا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇلارغا ماس كېلىدىغان ئەخلاق تەربىيىسىنىمۇ كۈچەيتىش ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالماقتا؛ ئوقۇتۇشتا نىشانلىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قىلىش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، ئىزدىنىش، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە جىنسىي ئەخلاق تەربىيىسىگىمۇ ئىگە قىلىش ھازىرقى ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇلماقتا.

ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ بالاغەتكە يېتىشكە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ بەدىنىدە فىزىئولوگىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ، قىزلاردا ئاي كۆرۈش، ئوغۇللاردا ئاۋازى تومىلىشىش، بۇغدىيەك چىقىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. مانا مۇشۇ مەزگىلدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى بىلىش ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە ئاتا - ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئەگەر ۋاقتىدا يېتەكلىمەيدىكەن، ئۇلاردا بىلمەسلىك سەۋەبىدىن مىسكىنلىك، قورقۇش، چۈشكۈنلۈك، تەشۋىشلىنىش قاتارلىق نورمالسىزلىقلار كۆرۈلۈپ، روھىي بېسىمى كۈچىيىپ، يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، جىنسىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ۋە جىنسىيەت پسىخىكىسىغا ئېتىبار بەرمەيدۇ، ھەتتا مۇقەررەر نەرسىلەرنىمۇ يوشۇرۇپ، دەرسلىكلەردىكى جىنسىيەتكە ئائىت بىلىملەرنى ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلەشتىن باش تارتىدۇ، بۇنداق قىلساق، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە، نورمال تۇرمۇشىغا تەسىر يېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىلىشىنى كۈچەيتىپلا قالماي، ئۇلاردا جىنسىيەت ئۆزگىرىشلىرىنى ئاجايىپ سىرلىق، نورمالسىز ھادىسە دەيدىغان قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ ئىلمىي ئاساستا جىنسىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بارغاندىلا، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان غەيرىي ئوي - خىياللارنى ۋاقتىدا يوقىتىپ، ئۇلاردىكى غەيرىي جىنسلارغا قىزىقىشتىن كېلىپ چىقىدىغان جىنسىيەت خەتىرىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشىگە، بىرگە ھەرىكەت قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش، ئاكتىپ يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ نورمال باردى - كەلدى قىلىشىغا يول قويۇش ئارقىلىق ئۇلاردىكى سىرلىق ھېسسىياتنى يوقاتقىلى، تەن تەرەققىياتى كەلتۈرۈپ چىقارغان فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك جىددىيلىكلەرنى ئازايتقىلى، ساغلام جىنسىي ئەخلاق كۆز قارىشىنى تىكلەپ، فىزىئولوگىيىلىك پىشىپ يېتىلىش بىلەن، ئەخلاقنىڭ پىشىپ يېتىلىشى بىردەك بولماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ.

ئوقۇتۇش تەتقىقاتى

باشلانغۇچ مەكتەپلەردە يولغا قويۇلۇۋاتقان ساپا مائارىپىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

● ئابدۇشۈكۈر تۇرسۇن

1. ئىدىيە - سىياسىي ساپا تەربىيىسى

سىياسىي ساپا تەربىيىسى مەيدان، كۆز قاراش، پوزىتسىيە، ئېتىقاد، غايە مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ؛ ئىدىيىۋى ساپا تەربىيىسى ئىدىيىۋى تونۇش ۋە ئىدىيىۋى ئۇسۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ؛ ئەخلاق ساپاسى تەربىيىسى ئىجتىمائىي ئەخلاق، كوممۇنىستىك ئەخلاق - پەزىلەت ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان مەدەنىيەتلىك ھەرىكەت ئادەتلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ.

2. پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى ساپاسى تەربىيىسى

ئاساسىي بىلىملەر ساپاسى بىلىمنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى ھەل قىلىدۇ؛ ئاساسىي ماھارەت ساپاسى تەربىيىسى تېخنىكا ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىدۇ؛ ئاساسىي ئۆگىنىش ئۇسۇلى ساپا تەربىيىسى ئىلمىي يوسۇندىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ؛ ئاساسىي ئەقلىي ئىقتىدار ساپا تەربىيىسى ئەقلىي ئىقتىدار ئامىللىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ ۋە غەيرىي ئىقتىدار ئامىللىرىنى يېتىشتۈرىدۇ.

3. جىسمانىي ساپا تەربىيىسى

تۇغما جىسمانىي ساپا ئاساسىدا ياش ئەۋلادلارنىڭ بەدىنىنى ساغلام، گۈزەل قىلىش، بەدەننىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى، سىستېمىلىرىنى ماس، بىر تۇتاش راۋاجلاندۇرۇش، سىرتقى مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ياخشى تۇرمۇش، تازىلىق ئادىتىنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

4. گۈزەللىك ساپاسى تەربىيىسى

بۇ، تەبىئىي گۈزەللىك ۋە ئىجتىمائىي گۈزەللىككە دائىر بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توغرا گۈزەللىك قارىشى، ساغلام گۈزەللىك ئىقتىدارى، پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىقلار بولۇشى كېرەك.

5. ئەمگەك ساپاسى تەربىيىسى

بۇ، ئەمگەك قارىشى، ئەمگەك پوزىتسىيىسى، ئەمگەك ھېسسىياتى، ئەمگەك ماھارىتى، ئەمگەك ئىنتىزامى، ئەمگەك ئادىتى، ئەمگەك مېۋىسىنى ئاسراش، تۇرمۇشنى ئۆزى باشقۇرۇش، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ساغلاملىق ۋە گۈزەللىك مەڭگۈ سىزگە يار بولسۇن، سىزگە ساغلاملىق ۋە گۈزەللىك ئارزۇ - تىلىكىنى يەتكۈزگۈچى ——

بوغدا دوختۇرخانىسى

بوغدا دوختۇرخانىسى ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە ئاقسۇ شەھەرلىرىدە تەسىس قىلىنغان باشقۇرۇش ۋە داۋالاش تۈرلىرى بىر گەۋدىلەشكەن، مۇنتىزىم شەكىلدىكى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا. بوغدا دوختۇرخانىلىرىدا ئەرلەر كېسەللىكلىرى مەخسۇس بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكلىرى مەخسۇس بۆلۈمى، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، باللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان، ئۈرۈمچىدە يەنە تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەر ساھە ئامما ئۈلۈق رازى بولىدۇ مۇلازىمەت، يۇقىرى تېخنىكا، ئەستايىدىل ۋە قىزغىن مۇئامىلە، ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى داۋالاش ئۈسكۈنىسى ئارقىلىق بۇتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈن ئەڭ سەمىمىي خىزمەت قىلىدۇ. ھېيت - بايرام ۋە باشقا ھەر قانداق دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ ئادەتتىكىدەك كېسەل كۆرىدۇ.

ئۈرۈمچى بوغدا دوختۇرخانىسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 - نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ يېنىدا) مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 2850555 - 0991

قەشقەر ۋىلايەتلىك بوغدا دوختۇرخانىسى: قەشقەر شەھىرى دەريا ساھىلى يولى 1 - نومۇر (گۈزەل كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا) مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 2830555 - 0998

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بوغدا دوختۇرخانىسى: ئاقسۇ شەھىرى جەنۇبىي چوڭ كوچا 51 - نومۇر (شەھەرلىك تېرىتش مەھكىمىسىنىڭ يېنىدىكى ئاياللار دوقمۇشتا) مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 2617755 - 0997

خوتەن ۋىلايەتلىك بوغدا دوختۇرخانىسى: خوتەن شەھىرى شەرقىي بېيجىڭ يولى 10 - نومۇر (چاپخانا مەكتىپىنىڭ ئۇدۇلىدا) مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 2037700 — 0903

تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، 25 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى ئۆزگەرتىپ چوڭ رېمونت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىخەتەر تاماملىدى.

سۈرەتتە: ئىشچىلار 25 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى ئۆزگەرتىپ چوڭ رېمونت قىلماقتا.

ئېزىز قادىر فوتوسى

قىسقا خەۋەرلەر

● يېقىندا جۇڭگو ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە دىسپېتچېرلىق مەركىزىگە «جۇڭگو بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ئېلېكتر تورى دىسپېتچېرلىق ئاپپاراتى» دەپ، ئۈرۈمچى ئېلېكتر ئىشلىرى ئىدارىسىگە «جۇڭگو بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى توك بىلەن تەمىنلەش كارخانىسى» دەپ نام بېرىلدى.

ئەنۋەر خالىق

● شايار ناھىيىسى بۈيىل ناھىيە بازىرىدىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 149 ئائىلىدىكى 522 كىشىگە ھەر ئايدا 75 يۈەندىن، يىلدا جەمئىي 469 مىڭ 800 يۈەن بېرىشنى ئەمەلىيلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىكى ھەر بىر نوپۇسقا يىلدا 300 يۈەن داۋالىنىش خىراجىتى بېرىش، نامرات ئائىلىلەردىكى 137 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ھەر مەۋسۇمدە 150 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىش، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان 27 ئوقۇغۇچىغا ھەر مەۋسۇمدە 2000 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىشنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

سۇلتان سەمەت

● لوپ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېقىندا دۆلەتنىڭ مالىيە - باج سىياسىتىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، 17 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنىڭ 1 مىليون 330 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئالاھىدە مەھسۇلات بېجىنى كەچۈرۈم قىلدى.

نۇرمۇھەممەت مەخمۇت

● شايار ناھىيىسى يېقىندا سۈپىتى ئۆزگەرگەن، ۋاقتى ئۆتكەن، ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقتى ۋە زاۋۇت ئادرېسى يېزىلمىغان ئومۇمىي قىممىتى 8400 يۈەنلىك ساختا، سۈپەتسىز يېمەك - ئىچمەكنى يىغىۋېلىپ بىر تەرەپ قىلدى.

پەرھات مىجىت

● سانجى شەھەرلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تاۋۇز چاغىنى ۋە دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا 190 دىن ئارتۇق خادىمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بايرام مەزگىلىدىكى بازارلارنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقىنى كۈچەيتتى. بۇ جەرياندا 1041 تىجارەتچىنى تەكشۈردى، ئىستېمالچىلاردىن كەلگەن يەتتە پارچە ئەرزنى قوبۇل قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ 1000 يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلىتىپ بەردى.

● سانجى شەھەرلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى جەنۇبىي شەھەر پونكىتى يېقىندا ۋۇجياچۇ سودا - سانائەت شىركىتى، فاڭساۋخۇ سۇلياۋ خالتا ياساش زاۋۇتى، ۋۇجياچۇ سۇلياۋ شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قانۇنسىز تاۋار ماركىلىرىنى بېسىش قىلمىشىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارغا 18 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى.

ئەكبەر ھاكىم

ئىقتىسادىي خەۋەرلەر

ئەۋلاد گۈزىيىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

«ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى — نىجات يۇلتۇزىمىز»

ئۆز مۇخبىرىمىز ● ئارزۇگۈل سېيىت پراكتىكانت ● بۇئايشەم راخمان

1998 - يىلى باھار بايرىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ھال سوراش گۇرۇپپىسى 1 - ترانسپورت شىركىتىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ، ئۆلۈپ كەتكەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سوراشقا بارغاندا ، تۇل ئايال پاتىمە: «قىزىم ناھايىتى ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ ، لېكىن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ قالسا ، ئوقۇتالمايمەن» دەيدۇ . بۇ چاغدا قاتناش نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى سەي يۆجى ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا: «خاتىرجەم بولۇڭ ، قىزىڭىز ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ قالسا مەن بار» دەيدۇ .

ئۆتكەن يىلى ماھىنۇر نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ، ناھايىتى خۇشال بولىدۇ . ئەمما ئوقۇش پۇلى ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى ئۇزاق داۋاملاشتۇرمايدۇ . ماھىنۇر ئاخىرى ئوقۇش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىدۇ . قىزىنىڭ تاتلىق ئارزۇ - تىلەكلىرىنىڭ چۈشكە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئانا قاتتىق ئازابلىنىدۇ . تۇيۇقسىز ، ئۈچ يىل ئىلگىرى سەي شۇجىنىڭ بەرگەن ۋەدىسى پاتىمەنىڭ ئېسىگە كېلىدۇ . ئۇ ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە «باشلىق دېگەننىڭ ئەمەلىيەتتىن ۋەدىسى تولا ، بەلكىم مېنى تونۇماسلىقىمۇ مۇمكىن» دېگەن خىياللار بىلەن قىزىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى ئېلىپ ، ناھايىتى تەسلىكتە سەي شۇجىنىڭ ئىشخانىسىغا بارىدۇ . سەي شۇجى پاتىمەنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئۆز ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ، قاتناش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇراخمان جاپپارغا پاتىمەنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ۋە قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ماھىنۇرنىڭ ئوقۇشسىز قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا خەت يېزىپ بېرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ماھىنۇر 1500 يۈەن ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىدۇ . پاتىمە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ، ئۆزىگە باشپاناھ بولغان قاتناش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىغا كۆز ياشلىرى ئارقىلىق مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ پەقەت قاتناش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىنىڭ نازارەت پارتگۇرۇپپىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى بىلەن 10 يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» پائالىيىتىدىكى نۇرغۇن مىساللارنىڭ بىرى .

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ، قاتناش - ترانسپورت كارخانىلىرى بازارنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زىيان تارتىش ھەتتا ۋەيران بولۇشقا يۈزلەندى . بۇنىڭ بىلەن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆپىيىپ ، تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا قالدى .

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى 1992 - يىلدىن بۇيان ، ئۆز سىستېمىسىدا «ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش ، ھەممە جايلارغا بېرىش ، ئائىلىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ، ھەممە ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش» تىن ئىبارەت «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويۇپ ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 5 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ ، قىيىنچىلىقى بار 17 مىڭ 986 ئىشچى - خىزمەتچىدىن ھال سورىدى . بۇ جەرياندا ، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۆيۈشمىلىرى رەھبەرلىرى ئۆزى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى . نازارەتكە قاراشلىق زىيان تارتقان كارخانا ۋە ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى .

ئاپتونوم رايونىمىز قاتناش سىستېمىسىنىڭ نۇقتىسى كۆپ ، مۇساپىسى ئۇزۇن ، دائىرىسى كەڭ . شۇڭا ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىنىڭ خىراجىتىگىلا تايىنىپ «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» نى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش تەس ئىدى . مەبلەغ مەنبەسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، قاتناش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن نازارەتنىڭ بۇ خىزمەتنى پائال قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى . نازارەت پارتگۇرۇپپىسى ۋە مەمۇرىيىتى بۇ خىزمەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ، ھەر يىلى 100 مىڭ يۈەن ئاجراتتى ھەمدە بۇ پۇلنى تەدرىجىي كۆپەيتىپ بېرىپ ، «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» نىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى .

قاتناش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى يەنە قاتناش نازارىتىگە قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلاردا قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ ، بۇ خىزمەتنى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى رەئىسى بىۋاسىتە تۇتۇشنى بەلگىلىدى ھەمدە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە ئىشچى - خىزمەتچى ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئارخىپى ، كارتىسىنى تۇرغۇزۇپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى نازارەت رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىپ ، نازارەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا ، نازارەتتە نامراتلارنى يۆلەش ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى .

ئىگىلىنىشىچە ، ھازىر قاتناش سىستېمىسى بويىچە ئىش ئورنىدىن قالغان 4913 ئىشچى - خىزمەتچى ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 300 ئىشچى - خىزمەتچى ، پەرزەنتى ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇتالمايۋاتقان 23 ئائىلە بار ئىكەن ، بۇ ئەھۋالغا قارىتا قاتناش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 26 ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ئۈستىگە ئېلىپ ، ئۇلارنى خاتىرجەم ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان . ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشقا بارالمىغان 300 ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بەرگەن . ياردەم بەرگەن پۇل سوممىسى 99 مىڭ يۈەنگە يەتكەن .

قاتناش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى ئۆز سىستېمىسىدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بەرگەندىن سىرت ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىپ بەردى .

1999 - يىل قاتناش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇراخمان جاپپار غۇلجا ناھىيىلىك تاشيول ئۆچاستكىسىغا خىزمەت تەكشۈرگىلى بېرىپ ، تاشيول ئىشچىسى ئابلىزجاننىڭ بەش بالىسىنى ئايالىغا قالدۇرۇپ ، بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈككە كەتكەنلىكى ، شۇ سەۋەبتىن تېخنىكوم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزى ئاسىيەنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قالماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ . ئابدۇراخمان جاپپار قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، ئەھۋالنى نازارەتكە دوكلات قىلىدۇ . نازارەت بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئاسىيە ئۈچ يىللىق ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىدۇ . ئۆتكەن يىلى ئاسىيە مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، قاتناش نازارىتى ئۇنىڭ ئائىلە قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۇنى تاشيول ئىدارىسىنىڭ سانجى تارمىقىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، قاتناش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، كۆپ خىل ئۇسۇل ، كۆپ خىل شەكىل ۋە تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى» نى قانات يايدۇرۇپ ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى .

1998 - يىلى قاتناش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى ئۆز سىستېمىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ، ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى كادىرلىرى ۋە بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر نامىدىن ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ ، 118 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ ، قىيىنچىلىقى بار كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ياردەم بېرىشكە ئىشلەتتى .

ئىگىلىشىمىزچە ، جۇڭگو تاشيول ترانسپورت ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى قاتناش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىنىڭ «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى» جەريانىدىكى ئىش پائالىيەتلىرىدىن تەسىرلىنىپ ، 50 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ ، خوتەندىكى يەتتە نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ئۈستىگە ئالغان .

قاتناش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى ئەنە شۇنداق ئەمەلىي نەتىجىلىرى بىلەن بۇ يىل مەملىكەت بويىچە «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن شەرەپكە مۇيەسسەر بولدى . تاشيول ئىشچى - خىزمەتچىلىرى پەخىرلەنگەن ، سۆيۈنگەن ھالدا: «ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى — نىجات يۇلتۇزىمىز» دېيىشتى .

قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە
كۆڭۈل بۆلەيلى



قاراماي ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن ، يېقىندا بېلىق تۇتۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى .

ئېزىز قادىر فوتوسى

شىنجاڭ 6 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى

شىنجاڭ قۇرۇلۇش گۇرۇھى 6 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ، بىر تەرەپتىن ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئېشىشىغا ھەسسە قوشتى .

شىركەت ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى قانۇنى» نى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغىچە بېرىپ تەشۋىق قىلىپ ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قانۇندىكى ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىگە دائىر بىلىملەردىن چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى . نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ، كارخانا ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش سەھنىسى ئېچىپ ، شىركەتنىڭ ئىش كۆتۈرە ئېلىش ئەھۋالى ، پايدا -زىيان ئەھۋالى ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىشى ، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن يىغىلغان ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلۇش ئەھۋالى ، پېنسىيىگە چىقىشقا يوللانغانلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئاشكارىلاپ ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى .

شىركەت ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى يېقىندا ئائىلىسىدە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شىركەتنىڭ ئۆزلىرىگە ئىش تېپىپ بېرەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ھەر ئايدا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ ، شىركەت رەھبەرلىكىگە يەتكۈزدى . نەتىجىدە 320 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ھەر بىرىگە ئايدا 224 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىلىدىغان بولدى . ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە ماسلىشىپ ، شىركەتتىكى ئىش ئورنىدىن

سوراپ ، چاغان ۋە قۇربان ھېيتتا 47 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بەردى ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر فوندى جەمئىيىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ياردەم سوراپ كەلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇشۇ يېرىم يىل ئىچىدىلا 11 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى .

شىركەت ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى يەنە كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نىشانىنى ئاساس قىلىپ ، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش بىخەتەرلىكى ، پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ، ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش يارىتىش ، «ئەنكاڭ» لوگىكىسى زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ۋە ھەر خىل تەنتەربىيە ، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى . بۇنىڭ بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانا ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان ، شىركەتنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرىدىغان كەيپىياتى تېخىمۇ كۈچەيدى . شۇڭا شىركەت يېقىندا دۆلەت قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك بىناكارلىق -

قىسقا خەۋەرلەر

ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى كادىرلىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ، يېقىندا قەشقەر تاشيول باش ئۆچاستكىسى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى كۇرس ئېچىپ ، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى كادىرلىرىدىن بولۇپ 20 گە يېقىن كىشىنى تەربىيىلىدى .

يۈسۈپجان ھۈسەيىن ، ئابدۇراخمان نىياز

شىنجاڭ 6 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى يېقىندا 16 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ، شىركەت ياشانغانلار پائالىيەت مەركىزىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاپ ۋە تولۇقلاپ ، ياشانغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پائالىيەت شارائىتىنى ياخشىلىدى .

مۇھەممەتئىمىن ياقۇپ

يېقىندا ، يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى 64 - تۈەن - مەيدانى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى ئۆز قارمىقىدىكى 37 ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى رەئىسلىرى ، ئاياللار خىزمىتى مەسئۇللىرىنىڭ قانۇن ئۆگىنىش، خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ ، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى خىزمىتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ، «ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى قانۇنى» ، دېموكراتىك سايلام قائىدىلىرى

ترانسپورت كارخانىلىرى بازارنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زىيان

نى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغىچە بېرىپ تەشۋىق قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قانۇندىكى ھو-

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش، خەلقنىڭ تەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولدى. بۇ يىلقى مۇسابىقە تېخىمۇ قىزىپ كەتتى.

ئۆز مۇخبىرىمىز ئابدۇخالىق ئابلىمىت پراكتىكانت راھىلە ئېزىز فوتوسى

گە چىقىشقا يوللانغانلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئاشكارىلاپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى.

شىركەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يېقىندا ئائىلىسىدە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شىركەتنىڭ ئۆزلىرىگە ئىش تېپىپ بېرەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ھەر ئايدا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئەرزنى قوبۇل قىلىپ، شىركەت رەھبەرلىكىگە يەتكۈزدى. نەتىجىدە 320 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ھەر بىرىگە ئايدا 224 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىلىدىغان بولدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە ماسلىشىپ، شىركەتتىكى ئىش ئورنىدىن قالغان، ئىش كۈتۈپ تۇرغان، قارىغۇچىسى يوقلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەنلەرنى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن قىلدى. بۇ يىل 1 - ئايدىن ھازىرغىچە 147 ئائىلىدىن 3630 كىشى 96مىڭ يۈەن تۇرمۇش پۇلى ئالدى. قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەملەردىن شىركەتكە ۋاكالىتەن ھال

شىركەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يەنە كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نىشانىنى ئاساس قىلىپ، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش بىخەتەرلىكى، پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى، ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش يارىتىش، «ئەنگاك» لوگىكىسى زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ۋە ھەر خىل تەنتەربىيە، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانا ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان، شىركەتنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرىدىغان كەيپىياتى تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇڭا شىركەت يېقىندا دۆلەت قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كارخانىسى بولۇپ باھالىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدە 1 - دەرىجىلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كارخانىسى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇردى.

ئابدە روزى

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، يېقىندا قەشقەر تاشيول باش ئۆچاستكىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كۇرس ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىدىن بولۇپ 20 گە يېقىن كىشىنى تەربىيىلىدى.

يۈسۈپجان ھۈسەيىن، ئابدۇراخمان نىياز

شىنجاڭ 6 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يېقىندا 16 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شىركەت ياشانغانلار پائالىيەت مەركىزىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاپ ۋە تولۇقلاپ، ياشانغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پائالىيەت شارائىتىنى ياخشىلىدى.

مۇھەممەتئىمىن ياقۇپ

يېقىندا، يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى 64 - تۇەن - مەيدانى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆز قارمىقىدىكى 37 ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسلىرى، ئاياللار خىزمىتى مەسئۇللىرىنىڭ قانۇن ئۆگىنىشى، خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى»، دېموكراتىك سايلام قائىدىلىرى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشقا ئائىت ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا كۇرس ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسلىرى ۋە ئاياللار خىزمىتىگە مەسئۇل خادىمىدىن 74 كىشىنى تەربىيىلىدى.

ئەخمەت ئابدۇللا

يېقىندا، جىڭ تاشيول ئۆچاستكىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش» تەك ياخشى خىسلەتنى جارى قىلدۇرۇپ، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار 13 ئىشچى - خىزمەتچىگە 1000 يۈەن قىممىتىدە ئۇن - ياغ ياردەم قىلدى.

بىبىنۇر ئۆمەرجان

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتىنىڭ قوغداش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشنىڭ نەزەرىيىۋى ئەھمىيىتى ھەققىدە

● دەي ۋېنشەن

تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» قانۇن شەكلى ئارقىلىق قوغداشنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. بۇ بىر زور نەتىجە. بۇ، بۇ نەتىجىنىڭ نەزەرىيىۋى ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، قوغداشنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىنى يېڭى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ چوڭقۇر چۈشىنىشكە، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نەزەرىيىسىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشكە پايدىلىق.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش نەتىجىسىنىڭ يۈكسەك يىغىنچاقلىنىشى ۋە خۇلاسىلىنىشى

قوغداشنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش نەتىجىسىنىڭ يۈكسەك يىغىنچاقلىنىشى ۋە خۇلاسىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1978 - يىلى، دېڭ شياۋپىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 9 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان بېغىشلىما سۆزىدە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن جەزمەن ئاممىلار بىلەن ئالاقە باغلاشنى، ئىشچىلارغا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەقىقەتەن ئىشچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەشكىلاتى ئىكەنلىكىنى، ئىشچىلار ئەقىدە باغلىغان، ئىشچىلار ئۈچۈن سۆز قىلىدىغان، ئىش قىلىپ بېرىدىغان تەشكىلات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغانىدى.

1983 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 10 - قۇرۇلتىيىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەققىدە بەرگەن يوليورۇقىدا، ئۈچ «جەزمەن» نى ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدى. بۇنىڭ يادروسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساداسىنى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. 1988 - يىلى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 11 - قۇرۇلتىيىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تۆت تۈرلۈك ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسى — قوغداش، قۇرۇش، قاتنىشىش، تەربىيىلەش رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن بۇيان، قوغداش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەزملەشتۈرۈلدى. بۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوغداش مەسئۇلىيىتى نەزەرىيىسىدىكى چوڭ بۆسۈش. 1994 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 12 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنىدا قوغداشنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەپەككۇرى ھەممە قوغداش — ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» غا كىرگۈزۈلدى. مانا بۇ، سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتىگە بولغان تونۇشنىڭ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن، نەزەرىيە جەھەتتە يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خاراكتېرىنىڭ بىرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلدى

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خاراكتېرىنىڭ مۇناسىۋىتى دىئالېكتىكىلىق بىرلىك مۇناسىۋەتتۇر. بىر تەرەپتىن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خاراكتېرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتىنى بىۋاسىتە چەكلەپ تۇرىدىغان ئامىل، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خاراكتېرىنى جەزمەن گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ئۆز نۆۋىتىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خاراكتېرىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتىنىڭ جەزملەشتۈرۈلۈشى توغرا، ئادا قىلىنىشى ياخشى بولسا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى بىلەن خاراكتېرى بىردەك بولۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خاراكتېرىدىن ئايرىلغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى بولمايدۇ. شۇنداقلا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ئارقىلىق گەۋدىلەنمىگەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خاراكتېرىمۇ بولمايدۇ.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىرلەشكەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى، ئۇنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساداسىغا ۋە تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىشى ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىشى ئەسلىدىلا ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى بولۇشى كېرەك.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداشتا زۆرۈر بولغان ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغان تەشكىلىي شەكلى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىكتىن رېئاللىق ئوتتۇرىغا قويغان زور مەسىلىگە جاۋاب بېرىلدى

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قويۇلغان ئەڭ بىۋاسىتە تەلەپ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە ۋە ئەمگەك مۇناسىۋىتىدە ئۆزىنىڭ ئەمگەكچىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سالاھىيىتىنى ۋە ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى قىلىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئارقىلىق، ئەمگەك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى شەكىللەندۈرۈشتىن؛ ئەمگەكچىلەر بىلەن باشقۇرغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كېلىشتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق بىر قەدەر ئىناق ۋە مۇۋاپىق ئەمگەك مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق قوغداش تەلىپىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشى، ھەم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەمەلىي خىزمىتىگە جەڭ ئېلان قىلدى، ھەم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نەزەرىيىسىگە جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتىنى يېڭىۋاشتىن تونۇشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. شۇڭا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يېڭى ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ئارقىلىق رېئاللىققا جاۋاب بېرىش يەنىلا زۆرۈر. ھالبۇكى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتىنىڭ قوغداش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش دەل بۇنىڭغا جاۋاب بەرگەنلىكنىڭ زور نەتىجىسى.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى فۇنكسىيىسى نەزەرىيىسىدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە تۆھپە

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتىنىڭ قوغداش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش ئوخشاشلا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى، يېڭى تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەسلىدىكى فۇنكسىيە نەزەرىيىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىك ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىق بولىدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئىلگىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تۆت تۈرلۈك ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىگە بولغان قاراش ئومۇمەن توغرا ئىدى. لېكىن بۇ قاراشتا روشەن يېتەرسىزلىك بار ئىدى، يەنى تۆت تۈرلۈك فۇنكسىيە تەك تىزىپ قويۇلغانىدى، قوغداش فۇنكسىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى روشەن ئەمەس ئىدى، فۇنكسىيە يۈكسەكلىكىدىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان قوغداش مەسئۇلىيىتىنى نۇقتىلىق ھالدا تەكىتلەش تېخىمۇ يوق ئىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى قوغداش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى فۇنكسىيىسى نەزەرىيىسىنى قايتا جانلاندۇردى. بىرىنچىدىن، ئۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆز خاراكتېرىنى چىقىش قىلىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، قوغداشنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تۆت تۈرلۈك ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىدىكى يادرولۇق ئورنى ۋە ئۇنىڭ باشقا ئۈچ تۈرلۈك فۇنكسىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىق شەرھىيلەپ بەردى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوغداش فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىشى بىلەن پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. ئىككىنچىدىن، ئۇ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ يېڭى ئەھۋالى، يېڭى ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى گەۋدىلەندۈردى. بۇنىڭدىن سىرت «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» دا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتىنىڭ قوغداش ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، باراۋەر ئاساستا كېڭەشىش ۋە كوللېكتىپ توختام تۈزۈمى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئاساسىي شەكىل قىلىنغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش تۈزۈمى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇق قوغداشتىكى ئىككى چوڭ مېخانىزمى. بۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش يولى ۋە ۋاستىسىنى نەزەرىيە، قانۇن جەھەتتىن ھەل قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى تېخىمۇ ماھىيەتلىك بولدى. بۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوغداش ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولى ۋە ۋاستىسى نەزەرىيىسىدىكى زور يېڭىلىق يارىتىش ۋە بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە

ئەۋلاد كۇتۇپخانىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

جۇڭگو تۇنجى قېتىم چېگرا ھالقىغان بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزمەكچى

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، قىرغىزىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى توپويېۋ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە قىرغىزىستان بىلەن جۇڭگو ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ 10 - ئايدا ئىككى دۆلەت چېگرىلىنىدىغان رايوندا «01» نومۇرلۇق تېررورلۇققا قارشى ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تارىختىن بۇيان تۇنجى قېتىم چەت ئەل ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يىل 5 - ئايدا، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى موسكۋادا ئۇچرىشىپ قوشما ئاخبارات ئېلان قىلدى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى ئافغانىستان ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن ئالدى بىلەن رايون بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئۈچ رەزىل كۈچكە تاقابىل تۇرۇش جەھەتتىكى ئىككى تەرەپ ۋە كۆپ تەرەپ ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا، ھەر قايسى ئەزا دۆلەتلەر بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزىدىغان ۋە بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى بەرپا قىلىشى كېرەك، دەپ قارىدى. مىنىستىرلار تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە ئائىت مەسىلىلەرنى كېڭەشىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى مۇتەخەسسىسلەر بىرلەشمە گۇرۇپپىسى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

قىرغىزىستان تېررورلۇقنىڭ ئېغىر ئاپەت رايونى

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە تېررورلۇق، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئۈچ رەزىل كۈچنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تېررورلۇق ئاللىقاچان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئورتاق زىيانداشى بولۇپ قالغان. خەلقئارالىق بىرىنچى نومۇرلۇق تېررورچى بىن لادىن ۋە ئافغانىستان تالىبان ھاكىمىيىتىنىڭ ھىمايىسى، قوللىشى ئارقىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ئىنتايىن غالجىرلاشتى. جۇڭگودىكى «شەرقىي تۈركىستان» ئۇنسۇرلىرىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇترىدى، ئۇلار چېگرا سىرتىدا تەلىم - تەربىيە ئالغاندىن كېيىن، يوشۇرۇنچە دۆلەت ئىچىگە قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭ رايونىدا تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى. «شەرقىي تۈركىستان» ئۇنسۇرلىرىنىڭ پائالىيىتى جۇڭگونىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت پەيدا قىلىپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ ئېغىر تەسىر يەت-

ھاشىر قۇلۇۋ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ ئەمدىلا پىكاپتىن چۈشۈشىگە، تاشيولنىڭ قارشىسىدىن بىر گرانات ئۇچۇپ كېلىپ، پىكاپنىڭ يېنىدىلا پارتلايدۇ. ھاشىر قۇلۇۋنىڭ بەدىنىنىڭ خېلى كۆپ يېرى يارىلىنىدۇ، بىراق ئۇناھايىتى تەستە پىكاپقا چىقىۋالىدۇ، بۇ چاغدا ئىككىنچى گراناتمۇ پىكاپ ئەتراپىدا پارتلايدۇ... شوپۇر تېزدىن پىكاپنى ھەيدەپ ئۇنى يېقىن ئەتراپتىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىدۇ. ھازىر، ھاشىر قۇلۇۋ دوختۇرخانىدا داۋالانماقتا. قىرغىزىستان زۇڭتۇڭىنىڭ خەۋپسىزلىك مەسلىھەتچىسى جانۇزاكېۋ بۇ سىياسىي تېررورلۇق ۋەقەسى، دېدى.

جۇڭگو ئارمىيىسى تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن سەكرەش مانېۋىرى ئۆتكۈزمەكتە

جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرا لىنىيىسى 1100 كىلومېتىر كېلىدۇ

قىرغىزىستان جۇڭگو، قازاقىستان، تاجىكىستان ۋە ئۆزبېكىستان بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن قوشنا، ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1100 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇڭگو - قىرغىزىستان قۇرۇقلۇق يولىدا تورۇغات پورتى ۋە ئېركەشتام پورتىدىن ئىبارەت ئىككى پورت ئېچىلدى، ئۇلارنىڭ ئورنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئۇلۇغچات ناھىيىسى چېگرىسى ئىچىدە. بۇنىڭدىن سىرت، ئاقسۇ رايونىدا يەنە بەدەل پورتى قۇرۇلغان. ئېركەشتام مۇستەقىل چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدا، پامىر ئېگىزلىكىدە. شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرىدىن قىرغىزىستانغا كىرىشتە

دىغان ساياھەتچىلەر يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى.

ھەربىي مانېۋىر ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ

قىرغىزىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى توپويېۋ قىرغىزىستان دۆلەت ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ بىر قېتىملىق ئاخبارات خەۋەر يەتكۈزۈش يىغىنىدا ئاشكارىلىشىچە، جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستاننىڭ چېگرا رايونىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدىكەن: بىرىنچى باسقۇچ، ئىككى دۆلەت چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىلىرى خەلقئارا تېررورلۇققا ئورتاق زەربە بېرىش جەھەتتە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى مەشىق قىلىش؛ ئىككىنچى باسقۇچ، تېررورچىلارنى يوقىتىشتىكى خىلمۇ خىل تاكتىكىلارنى مەشىق قىلىش.

قىرغىزىستاندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە، قىرغىزىستان تەرەپتىن چېگرا مۇداپىئە قىسمىدىن سىرت، يەنە ئالاھىدە قىسىممۇ قاتنىشىدىكەن. مەشىق جۇڭگو، قىرغىزىستاننىڭ مەلۇم قۇرۇقلۇق يول ئېغىزىنىڭ ئىككى يېنىدىكى چېگرا رايوندا ئېلىپ بېرىلىدىكەن. بۇ جاي تاغلىق رايون بولۇپ، پامىر — ئالاي تاغ تىزمىلىرىغا تەۋە ئىكەن، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 — 7000 مېتىر ئىكەن. قىرغىزىستان ئاخبارات ۋاستىلىرى ھەم روسىيىدە چىقىدىغان «خەۋەر گېزىتى» دە يەنە مانېۋىر ئىككى دۆلەت چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتىكى ئىنكاسى ۋە ھەمكارلىقىنى سىناق قىلىش، تېررورچىلارنى يوقىتىش ئاساسىي تاكتىكىسىنى مەشىق قىلىش، چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى

جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى تاڭ جىياشۈەن ب د ت يىغىنىدا سۆز قىلماقتا

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئامېرىكا تېررورلۇق ھۇجۇمىدا قازا قىلغانلارنى خاتىرىلەۋاتقاندا، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭەشى مۇنداق بىر ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلدى: خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ 1999 - يىلدىكى 1267 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن قۇرۇلغان خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ تېررورچىلارنى ۋە تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنى جازالاش كومىتېتى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نى جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. بۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنى قىسقا بولغىنى بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ تېررورلۇققا قارشى كۈرەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، بۇ ئېلىمىزنىڭ چېگرا ئىچى - سىرتىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بۆلگۈنچى، تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ تۇنجى قېتىم ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ تېررورلۇق تەشكىلاتقا قارشى يولغا قويغان جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈشى ھېسابلىنىدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتى ئىلگىرى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نىڭ ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئېلىمىزنىڭ تېررورلۇققا قارشى كۈرەشىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا جۇڭگو — ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەسلىدە «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ جىنايى پاكىتلىرى ئېنىق ئىدى، ئامېرىكىمۇ تالىبان ۋە «بازا» تەشكىلاتىغا زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا بىر قىسىم «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» ئۇنسۇرلىرىنى ئەسىرگە ئالغان. بىراق، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگوغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان قىسمەن كۈچلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇلارنى دەرھال تېررورچى دېيىشكە پېتىنالمىغان، ئەسىرگە ئېلىنغان «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» ئۇنسۇرلىرىنىمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى خالىمىغان. ھالبۇكى، تېررورلۇققا قارشى كۈرەشنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشىنى قوللىشىنىڭ ئامېرىكىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى قوللىشىنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. ئامېرىكا يەنە بۇ «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» تېررورچىلىرىنىڭ پارتلىتىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش نىشانىنىڭ جۇڭگوغا قارىتىلىپلا قالماي، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى ۋەيران قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى بايقىدى. شۇڭا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى».تەشكىلاتىنى ھەقىقىي تېررورلۇق تەشكىلات، دەپ بېكىتتى.

ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭەشى بىردەك تونۇشقا كېلىپ تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى

تان ئىسلام ھەرىكىتى» تېررورلۇق تەشكىلاتى ئۇلار ئۇچۈنمۇ بىر تەھدىت. ئۇلارنىڭ جۇڭگو، ئامېرىكا بىلەن ئورتاق ھەمكارلىشىشىمۇ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى قوللايدىغانلىقىنى ۋە ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئىلتىماسنى قاراپ چىقىشقا ئىككى كۈن كەتكەن. 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، تۆت دۆلەت ئىلتىماس سۇنغان، 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ماقۇللانغان. بۇ ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نى تېررورلۇق تەشكىلات بىلەن پۈتۈنلەي بىردەك قارىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ تېررورلۇققا قارشى كومىتېتىغا ئەزا 15 دۆلەتنىڭ بىرى تىزىملىككە قارشى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسىلا بۇ ئىلتىماس ماقۇللانمايتتى.

«شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» نى ئېتىراپ قىلىش ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى

ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نى تېررورلۇق تەشكىلات دەپ جاكارلىغانلىقى «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» تەشكىلاتى ئۈچۈن قاتتىق زەربە، بۇ «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» تەشكىلاتىنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن قوللىغان كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ قويدى. ئۇلار ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، پەقەت ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ئۈچۈن پرىنسىپتىن ۋاز كەچكەن» لىكىدىن ئاغرىنىدۇ، ئامېرىكىنىڭ قارارىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ۋاشىنگتوندىكى «ئۇيغۇر ئۇچۇرى ئاگېنتلىقى» ئامېرىكىنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىنىڭ «ئۇيغۇر ئەركىنلىك ھەرىكىتى» ئۈچۈن قاتتىق زەربە بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. بىراق ئامېرىكا گوۋۇيۈەنىنىڭ باياناتچىسى رۇك 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» جۇڭگودا پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش قاتارلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، دەپ قارىدى. ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا كۆرسەتكەن ئىسپاتى بۇ تەشكىلاتنىڭ جۇڭگو چېگرا ئىچى - سىرتىدا تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئامېرىكىدىكى ئالاقىدار تەھلىلچىلەر يەنە قىسمەن «شىن-

ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئورتاق زىيانداشى بولۇپ قالغان. خەلقئارالىق بىرىنچى نومۇرلۇق تېررورچى بىن لادېن ۋە ئافغانىستان تالىبان ھاكىمىيىتىنىڭ ھىمايىسى، قوللىشى ئارقىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ئىنتايىن غالجىرلاشتى. جۇڭگودىكى «شەرقىي تۈركىستان» ئۇنسۇرلىرىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوترىدى، ئۇلار چېگرا سىرتىدا تەلىم - تەربىيە ئالغاندىن كېيىن، يوشۇرۇنچە دۆلەت ئىچىگە قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭ رايونىدا تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى. «شەرقىي تۈركىستان» ئۇنسۇرلىرىنىڭ پائالىيىتى جۇڭگونىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت پەيدا قىلىپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. 2000 - يىل 5 - ئايدا، چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن، قىرغىزستاندا شىنجاڭلىق بىر سودىگەرنى گۆرۈگە ئېلىۋالدى ھەم قىرغىزستان پايتەختى بىشكەكتىكى جۇڭگو تاۋارلىرى بازىرىغا ئوت قويىۋەتتى. 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، بۇ تېررورچىلار بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قىرغىزستانغا بارغان خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، ئىككى ئادەمنىڭ يارىلىنىشىدەك ئېغىر ئاقىۋەتنى پەيدا قىلدى. بۇ يىل يازدا جۇڭگونىڭ قىرغىزستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ كونسۇلى ئۆلتۈرۈلدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، قاتىلنىڭ تېررورلۇق تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىسى بار ئىكەن.

2000 - يىل 8 - ئاينىڭ بېشىدا، «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نىڭ چېكىدىن ئاشقان ئۇنسۇرلىرى باشچىلىقىدىكى قوراللىق بانditلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن، قىرغىزستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇش رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرىنىڭ «دۆلەت قۇرۇش» پىلانى بىلەن بىر يەردىن چىققان بولسىمۇ، سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى، قىرغىزستان ھۆكۈمىتى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كەچ سائەت 10 ئەتراپىدا، قىرغىزستان دۆلەت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ كاتىپى

بۇرجىكى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن قوشنا، ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1100 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇڭگو - قىرغىزستان قۇرۇقلۇق يولىدا تورغات پورتى ۋە ئىركەشتام پورتىدىن ئىبارەت ئىككى پورت ئېچىلدى، ئۇلارنىڭ ئورنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئۇلۇغچات ناھىيىسى چېگرىسى ئىچىدە. بۇنىڭدىن سىرت، ئاقسۇ رايونىدا يەنە بەدەل پورتى قۇرۇلغان. ئىركەشتام مۇستەقىل چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى قىرغىزستاننىڭ جەنۇبىدا، پامىر ئېگىزلىكىدە. شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرىدىن قىرغىزستانغا كىرىشتە ئىركەشتام پورتى ئۆتەر يول. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، قىرغىزستان ئالىي دەرىجىلىك تاشيولنى كېڭەيتىپ قۇرۇشنى جىددىي ئېلىپ بارماقتا. قىرغىزستان ھۆكۈمىتى بۇ تاشيولنى ئىركەشتامغىچە كېڭەيتىپ، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولى بىلەن تۇتاشتۇرۇشنى پىلانلىغان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئىركەشتام پورتى ساياھەتچىلەرگە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. بۇ يەردىن كىرىپ - چىقى-

سىرت، يەنە ئالاھىدە قىسمىمۇ قاتنىشىدىكەن. مەشىق جۇڭگو، قىرغىزستاننىڭ مەلۇم قۇرۇقلۇق يول ئېغىزىنىڭ ئىككى يېنىدىكى چېگرا رايوندا ئېلىپ بېرىلىدىكەن. بۇ جاي تاغلىق رايون بولۇپ، پامىر — ئالاي تاغ تىزمىلىرىغا تەۋە ئىكەن، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 — 7000 مېتىر ئىكەن. قىرغىزستان ئاخبارات ۋاستىلىرى ھەم روسىيىدە چىقىدىغان «خەۋەر گېزىتى» دە يەنە مانېۋىر ئىككى دۆلەت چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتىكى ئىنكاسى ۋە ھەمكارلىقىنى سىناق قىلىش، تېررورچىلارنى يوقىتىش ئاساسىي تاكتىكىسىنى مەشىق قىلىش، چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان، دېيىلدى. كونكرېت ھەرىكەتتە، ئىككى دۆلەت چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى چېگرىدىن ھالقىپ ئورتاق جەڭ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئەگەر مانېۋىردا چېگرىدىن ھالقىپ ھەمكارلىشىش ئىشقا ئاشسا، بۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تارىختىن بۇيان تۇنجى قېتىم چېگرا ھالقىپ مانېۋىر ئۆتكۈزۈشى ھېسابلىنىدۇ.

ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى قوللىشىنىڭ ئامېرىكىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى قوللىشىنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. ئامېرىكا يەنە بۇ «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» تېررورچىلىرىنىڭ پارتلىتىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش نىشانىنىڭ جۇڭگوغا قارىتىلىپلا قالماي، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ قىرغىزستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى ۋەيران قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بايقىدى. شۇڭا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى».تەشكىلاتىنى ھەقىقىي تېررورلۇق تەشكىلات، دەپ بېكىتتى.

ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى بىردەك تونۇشقا كېلىپ تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا يۇقىرىقىدەك ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولغانلىقتىن، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈش ئەمەلىي مەشغۇلاتى نىسبەتەن ئوڭۇشلۇق بولدى. جۇڭگو، ئامېرىكا، قىرغىزستان، ئافغانىستان بۇ ئىلتىماسنى ئورتاق ئوتتۇرىغا قويدى. قىرغىزستان بىلەن ئافغانىستان تېررورلۇققا قارشى بىرىنچى سەپتىكى دۆلەتلەر، ئۇلار ئەسلىدىن تېررورلۇقنىڭ خەۋپىگە ئۇچرىغان، «شەرقىي تۈركىس-

نىڭ قارارىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ۋاشىنگتوندىكى «ئۇيغۇر ئۇچۇرى ئاگېنتلىقى» ئامېرىكىنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىنىڭ «ئۇيغۇر ئەركىنلىك ھەرىكىتى» ئۈچۈن قاتتىق زەربە بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. بىراق ئامېرىكا گوۋۇيۈەننىڭ باياناتچىسى رۇك 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» جۇڭگودا پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش قاتارلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، دەپ قارىدى. ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا كۆرسەتكەن ئىسپاتى بۇ تەشكىلاتنىڭ جۇڭگو چېگرا ئىچى - سىرتىدا تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئامېرىكىدىكى ئالاقىدار تەھلىلچىلەر يەنە قىسمەن «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىمۇ ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈشى مۇمكىن، ئۇلار ۋە باشقا ھەر خىل تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى گۇمران بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ئاخبارات ئارقا كۆرۈنۈشى

«2-لادىن» تورغا چۈشتى

پاكىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، پاكىستان ساقچى تەرەپ مۇشۇ ھەپتە كاراچىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار تۇتۇش ھەرىكىتىدە، «بازا» تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىككى كاتتىۋېشىنى تۇتقانلىقىنى، ئۇ ئىككىيلەننىڭ بىرى «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىكى ئارقا سەپ ۋە ماسلاشتۇرغۇچ خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان رەمزە ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. «2 - لادىن» دېگەن نامى بار يەمەنلىك رەمزە تورغا چۈشۈشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى قاتار «ئارال» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مەخپىي زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، «بازا» تەشكىلاتىنىڭ «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنى پىلانلىغان جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بىراق ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتمەيلا قانۇن تورىغا چۈشۈپ قالدى.

ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ يىل 30 ياشقا كىرگەن رەمزە «بازا» تەشكىلاتىنىڭ گېرمانىيىدىكى تارمىقىنىڭ مەسئۇلى بولۇپلا قالماي، بەلكى «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنى ماسلاشتۇرغۇچى ئىكەن. ئۇ ئىلگىرى «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىكى بىرىنچى ئايروپىلان بۇلىغۇچى ئاتا بىلەن گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدە بىر ئۆيدە تۇرغان. ئۇنىڭ يەنە 2000 - يىل 10 - ئايدا يەمەندە يۈز بەرگەن ئامېرىكىنىڭ «كورل» ناملىق ھەربىي پاراخوتىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى بىلەن چېتىشلىقى بار. ئامېرىكا قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى 25 مىليون دوللار ئىنئام بىلەن بۇ تېررورچىنى تۇتۇشقا بەل باغلىغان بولسىمۇ، ئۇ قانۇنىي جازاغا تارتىلماي ئەركىن يايراپ يۈرگەن.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يېرىم كېچىدىن 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سەھەرگىچە، پاكىستان ساقچى تەرەپ بىلەن ئامېرىكا ئالاھىدە خادىملىرى پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدىكى بىر ئۈچ قەۋەتلىك كاتتا تۇرالغۇدا رەمزە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۈچ سائەت كەسكىن ئېتىشىش ئارقىلىق ئۇنى قولغا چۈشۈردى. ئامېرىكا ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ قېتىمقى ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش ھەرىكىتى ئامېرىكا، پاكىستان ئىككى تەرەپنىڭ بىرلەشمە ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىدى. ئامېرىكا ئاخبارات خادىملىرى يوشۇرۇن ئاڭلاش سىستېمىسى ئارقىلىق رەمزە ئۇرغان سۈنئىي ھەمراھ تېلېفونىنى بايقىغان. ئامېرىكا ئالاھىدە خادىملىرى ۋە كاراچى ساقچى تەرەپ ئەتراپلىق پىلانلاش ئارقىلىق،

پاكىستان ساقچى تەرەپ «بازا» تەشكىلاتى گۇماندارلىرىنى تۇتتى

رەمزە تۇرغان تۇرالغۇغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان. ئېتىشىش جەريانىدا، ئىككى جىنايەت گۇماندارى ئۆلگەن، رەمزە ۋە باشقا بەش ئادەم تىرىك قولغا چۈشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا پىلىموت قاتارلىق ئېغىر تىپتىكى قورال - ياراغلار ۋە ھەر خىل خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى قولغا چۈشكەن. ساقچى تەرەپ بۇ تۇرالغۇدا يەنە بىر سۈنئىي ھەمراھ تېلېفونى، بىر خاتىرە كومپيۇتېرى ۋە بىن لادېننىڭ ئۇتقى ئېلىنغان (CD) پلاستىنكىسى قاتارلىقلارنى بايقىغان.

قاتار «ئارال» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى فودا رەمزە بىلەن «بازا» تەشكىلاتىدىكى يەنە بىر يۇقىرى دەرىجىلىك شەخسنى زىيارەت قىلغاندا، رەمزە خاتىرە كومپيۇتېر ۋە كۆچمە تېلېفون قويۇلغان پولدا ناھايىتى خاتىرجەم ئولتۇرغان. فودا زىيارەتتىن كېيىن، ئۇ ئېھتىمال، «2 - لادىن» بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دېگەن يەكۈننى چىقارغان.

رەمزە زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆزىنىڭمۇ ئايروپىلان بۇلاش ھەرىكىتىگە قاتناشماقچى بولغانلىقىنى ئاشكارىلىغان. بىراق ئۇ 2000 - يىل 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە، تۆت قېتىم ئامېرىكىغا بېرىش پاسپورتى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، رەت قىلىنغانلىقتىن بارالمىغان. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇ ئامېرىكىغا بارغان بولسا، پېنسىلۋانىيىنىڭ سىرتىدا پاچاقلىنىپ كەتكەن بىرلەشمە ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ 93 - قېتىملىق يولۇچىلار ئايروپىلانىنى بۇلاش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، ئايروپىلان بۇلىغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن. ئۇنىڭ پاسپورت ئېلىش ئىلتىماسى 3 - قېتىم رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدىكى ئۇچقۇچىلار مەكتىپىدە تەربىيىلىنىۋاتقان بىرىنچى نومۇرلۇق شەخس ئاتاغا پۇل ئەۋەتىپ بېرىش، ئايروپىلان بۇلىغۇچىلارغا ئارقا سەپ ۋە مالىيە مۇلازىمىتى ئىشلەشكە مەسئۇل بولغان.

ئەرەب تىلىدىكى بىر تور پونكىتى مۇنداق بىر بايانات ئېلان قىلغان: رەمزە «ئارال» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قولغا ئېلىندى. بىزنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، بۇ ئۆزىمىزنىڭ قېرىندىشىمىز رەمزەنى ئالداپ، ئۇنى تۇتۇپ بەرگەنلىكىمىزدىن دېرەك بېرەمدۇ - يوق؟ ئەگەر ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بولسا، بىز بارلىق ئىسلام قېرىنداشلارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا موھتاجمىز.

بۇ باياناتقا قارىتا «ئارال» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ھىلال تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 6 - ئايدا رەمزەنى زىيارەت قىلىش بىلەن ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشىنىڭ باغلىنىشى بارلىقى توغرىسىدىكى ھەر قانداق ئەيىبلەشنى ئىنكار قىلدى. ئۇ سوراققا قارىتا مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ئامېرىكىلىقلار ۋە پاكىستانلىقلار نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر مۇھىم ئادەمنى ئۈچ ئايدىن كېيىن ئاندىن تۇتىدۇ؟

ب د ت نىڭ 57 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان پاكىستان زۇڭتۇڭى مۇشەررەف 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، پاكىستان ئاخبارات خادىملىرى ۋە ساقچى تەرەپنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە، بىر مىسىرلىق، بىر سەئۇدى ئەرەبىستانلىق، سەككىز يەمەنلىك قولغا ئېلىندى. ئامېرىكا رادىئو شىركىتى رەمزەنىڭ تورغا چۈشكەنلىكىنى «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىنكى تېررورلۇققا قارشى ھەرىكەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەڭ چوڭ غەلىبە، دېدى.



ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى «يېڭىتەرەققىيات سارىيى» يولى 6 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى: مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئىشخانىسى: 2641721؛ تەھرىر بۆلۈمى: 2629278؛ مۇخبىرلار بۆلۈمى: 2629299؛ پارچە باھاسى 0.65 يۈەن. پوچتا نومۇرى: 830002. «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى لازېر نۇرى مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

ئەۋلاد كۈتۈپخانىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

30 ئۆكتەبىر 2007 - يىل
سەيشەنبە
118 - سان (ئومۇمىي 2324 - سان)
تور ئادرېسىمىز: www.xjgrsb.com
E-mail : wbb@xjgrsb.com

ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى

工人时报
（维吾尔文）

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 0042 / W - «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (ۋاكالەت نومۇرى 20 - 57)
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: تەلئەت ئەخەت

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا يىغىن ئاچتى

ئۆز خەۋىرىمىز: 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا يىغىن ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لى جىمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنىدىكى خادىملار، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى باش شۇجى خۇ جىنتاۋنىڭ پارتىيىنىڭ 17 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى.

يىغىندا لى جىمىن ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 17 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىشى توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى 17 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇندىن كېيىنكى مەزگىلدە بىرىنچى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىشى، قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل تەشكىللىشى، قۇرۇلتاي روھىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان ئۆگىنىش پىلانىنى بېكىتىپ، ئۆگىنىشنىڭ پۇختا قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى؛ مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، پارتىيىلىك كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆگىنىشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇشى؛ كۆپ خىل شەكىلدىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈشى؛ تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، قويۇق ئۆگىنىش كەيپىياتى يارىتىشى كېرەك.

لى جىمىن تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي تېمىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، قۇرۇلتاينىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۇرۇش؛ ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ نىشانىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش؛ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ئارقىلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتىنى ھەل قىلىشقا زور كۈچ سەرپ قىلىش، پارتىيىنىڭ جان - دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتىن ئىبارەت يېتەكچى فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. لى جىمىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئۈچنى بىرلەشتۇرۇشنى كونكرېت ياخشى ئىشلەش، يەنى نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيە ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۇرۇشتە چىڭ تۇرۇش؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۇرۇشتە چىڭ تۇرۇش؛ ئىستىلنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرلەشتۇرۇشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلار ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ياخشى روھىي ھالەت ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان خىزمەت ئىستىلى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ يۈرگۈزۈشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ تۆرتلۈك فۇنكسىيىلىرىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈشى، تۆرتلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

پارتىيىنىڭ 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى ۋە ئىزچىللاشتۇرايلى!

شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ گۇرۇھى

17 - قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ روھىنى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەندى

ئۆز مۇخبىرىمىز **تۇرسۇنتاي قۇتلۇق**، پراكتىكانت **تاھىرجان ھامۇت** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۆز سىستېمىسىدىكىلەرنى تەشكىللەپ، 17 - قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ روھىنى ئۆگەندى.

شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ گۇرۇھى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شىركەت لىدېرى لىۋ خۇيجۇن مۇنداق دېدى: بىز 17 - قۇرۇلتاي روھىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۇرۇشتە چوقۇم ياخشى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى يارىتىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى شەكلى، يېڭى تەلىپىگە ماسلىشىپ، ئاشلىق - ياغ تارماقلىرىنىڭ بىرىكمە كۈچىنى ھاسىل قىلىپ، ئاشلىق - ياغ ئوبوروتى مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشىمىز، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ھالدا ئىستېمالچىلار ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىپ، خىزمەتلەرنى پۈتكۈل جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇش نۇقتىسىدىن ياخشى ئىشلىشىمىز؛ تەرەققىيات ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش داۋامىدا باشلامچى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ گۇرۇھى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇدىرىيەت ئەزاسى بەدەل ئىمام مۇنداق دېدى: يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ دوكلاتىدا پارتىيىمىزنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرىدىغان ماركسىزملىق پارتىيە ئىكەنلىكى باشتىن - ئاخىر گەۋدىلەندۇرۇلگەن. يولداش خۇ جىنتاۋ دوكلاتىدا زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى قوللايدىغان، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان سىياسەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئاشلىق - ياغ ئىشلىرى خىزمىتىدە قۇرۇلتاي روھىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاشلىق - ياغ ئىشلىرى توغرىسىدىكى فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرىمىز ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق - ياغ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسىلەپ تۆھپە قوشىمىز.



سۈرەتتە: پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مارالبېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىسى تۈگمەنبېشى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى داۋۇت ھاشىم 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ناھىيە بويىچە ئېچىلغان بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ 17 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش كۇرسىدا كۇرسانتلارغا قۇرۇلتايدىن ئالغان تەسىراتىنى سۆزلەپ بەرمەكتە. داۋۇت ھاشىم 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يۇرتداشلىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ئۆزىنىڭ قۇرۇلتايدىن ئالغان تەسىراتى ۋە قۇرۇلتاي روھىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى قۇرۇلتاي روھىدىن خەۋەردار قىلدى.

تەكلىپلىك مۇخبىرىمىز ئەنۋەر خىزمەت فوتوسى

دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى 17 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇندىن كېيىنكى مەزگىلدە بىرىنچى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىشى، قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل تەشكىللىشى، قۇرۇلتاي روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل

ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي مەنپەئىتىنى ھەل قىلىشقا زور كۈچ سەرپ قىلىش، پارتىيىنىڭ جان - دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتىن ئىبارەت يېتەكچى قائىدىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. لى

مەكتە. داۋۇت ھاشىم 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يۇرتداشلىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ئۆزىنىڭ قۇرۇلتايدىن ئالغان تەسىراتى ۋە قۇرۇلتاي روھىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى قۇرۇلتاي روھىدىن خەۋەردار قىلدى.

تەكلىپلىك مۇخبىرىمىز ئەنۋەر خىزمەت فوتوسى

قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاشلىق - ياغ ئىشلىرى توغرىسىدىكى فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرىمىز ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق - ياغ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشىمىز.

غەربىي جەنۇب تارىم شىركىتى خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى «ئۈچ ئاساسنى پۇختىلاپ، ئۈچ خىلاپلىققا قارشى تۇرۇش، قاتتىق ئۆلچەمگە يېتىش، يوشۇرۇن ئاپەتنى يوقىتىش» ئاساسىي تېمىسىدىكى «بىخەتەرلىك، مۇھىت ئاسراش ئاساسىي يىلى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلماقتا.

سۈرەتتە: رەھبەرلەر ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرمەكتە.

تەكلىپلىك مۇخبىرىمىز ئابلەت شەمشىدىن فوتوسى

ئىخچام خەۋەرلەر

قەشقەر شەھىرى

«دۆلەت يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە (شەھەر)» قاتارىغا كىردى

قەشقەر شەھىرى يېقىندا ئېلان قىلىنغان «دۆلەت يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە (شەھەر)» قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ئىگىلىنىشچە، قەشقەر شەھىرى «دۆلەت يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە (شەھەر)» قاتارىغا كىرگەندىن كېيىن، دۆلەت يېمەكلىك، دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى قەشقەر شەھىرىگە بەلگىلىك راسخوت بېرىپ قوللىغاندىن باشقا، قەشقەر شەھىرىمۇ 100 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىكەن.

ئېزىزجان توختىھاجى

يۇنسۇ ناھىيىسى

كارخانىدىن پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى تەڭشىدى

يېقىندا، يۇنسۇ ناھىيىسى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، كارخانىدىن پېنسىيىگە چىققان 2910 ئىشچى - خىزمەتچىگە ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى تەڭشەش كەمپىنى بېجىرىپ بېرىپ، ئېيىغا 330 مىڭ يۈەن، كىشى بېشىغا 112.8 يۈەن كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى كۆپەيتىپ بەردى.

يۇنسۇ ناھىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى كارخانىدىن پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى تەڭشەش خىزمىتى خىزمەت قىلغان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزاق، يېشى بىر قەدەر چوڭ، ئۇزاق مۇددەت 1 - سەپتە خىزمەت قىلغان پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتىلغان.

تۇنىياز تۇرەك، مۇتەللىپ ئابدۇراخمان

ئاقسۇ شەھىرى

مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى

يېقىندىن بۇيان، ئاقسۇ شەھىرى بۇلغىنىشنى چەكلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى يىل ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگىلىك شەھەر بەرپا قىلىش بويىچە شەھەرنىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، 83 كارخانا بىلەن 2007 - يىللىق مۇھىت ئاسراش - بۇلغانما چىقىرىش مىقدارىنى تىزگىنلەش مەسئۇلىيەتنامىسىنى ئىمزالاپ، كارخانىلارنىڭ بۇلغانمىلارنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىنى 100% كە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

تۇرسۇن ئېلى، گۈلنىسا ئوسمان

ئىخچام خەۋەرلەر

北京2008年奥运会合作伙伴
Partner of the Beijing 2008 Olympic Games
CHINA MOBILE
جۇڭگو كېزەر مەشرەپ كارتىسىدا تاق لىنىيىلىك ھەق ئېلىنىدۇ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرۇش تېخىمۇ ئەرزان.
奥标许备[2005]第40号
10086

جۇڭگو كېزەر مەشرەپ كارتىسى پۇل تېجەپ بېرىدىغان ياخشى ھەمراھىڭىز.

ئۆز جايىدا تېلېفون ئالسا	ئۆز جايىدا ئۇرسا	ئايلىق ئىجارىسى	ھەق ئېلىش ئۆلچىمى
0 يۈەن	مىنۇتى 0.2 يۈەن	0 يۈەن	
ئايلىق ئەڭ تۆۋەن ئاۋۇشلۇق ئىستېمالى 10 يۈەن			

بېجىرىش ئورنى: ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەر قايسى كۆچمە خەۋەرلىشىش تىجارەت تور نۇقتىلىرىدا بېجىرىشكە بولىدۇ.

بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 5 كۈنلۈك ساياھىتىنى قولغا كەلتۈرسىڭىز، ئولىمپىك كەيپىياتىدىن بالدۇر پەيز سۈرەلەيسىز

كوررېكتورى: ماھنۇر ئابابەكرى، مۇنىرە مۆمىن
بەتچىسى: مەريەم مەخمۇت
مۇھەررىرى: ئابدۇخالىق ئابلىمىت

ئەۋلاد كۇتۇپخانىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

«خەلق يولدا قالمىسۇن»

ئۆز مۇخبىرىمىز ● چەنگۈل ئابدۇللا ● گۆھەرنىسا ئىمىن

8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا، ناھىيە بىلەن يېزىلارنى، يېزا ـ كەنتلەرنى تۇتاشتۇرغان ئاسفالت يوللار بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ھازىر، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ خېلى چەت يېزىلىرىغىمۇ كوچا ئاپتوبۇسى قاتناپ، خەلقنىڭ يول يۈرۈشى ھەقىقەتەن قولايلىشىپتۇ. ئۆمۈرۋايەت شۇ چەت يېزا ـ قىشلاقلاردىن چىقالماي ئۆتۈپ كېتىدىغان دېھقانلىرىمىز ھازىر ئىشكى ئالدىدىنلا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئاپتوبۇسلارغا ئولتۇرۇپ ناھىيە بازارلىرىنى كۆرۈپ كېلەلەيدىغان، ھەتتا نۇرغۇنلىرى ئاسفالت يوللارنىڭ ياردىمى بىلەن ھالال تەرى، ئەقىل ـ پاراستى بەدىلىگە ياراتقان ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ مېغىزىنى چاقالايدىغان بوپتۇ.

شۇنداق، يول راۋان بولسا ئىش ئاسانلىشىدۇ. شۇڭا، بىز يول ياسىشنى ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان ساۋابلىق ئىش دەيمىز. بولۇپمۇ، ناھىيە، يېزا ـ كەنت يوللىرىنى ياساش، راۋانلاشتۇرۇش خەلققە تېخىمۇ كۆپ نەپ يەتكۈزىدۇ. دېمەك، بۇ يوللار ھەقىقەتەن خەلق ئۈچۈن ياسالغان «بېيىش يولى» دۇر.

بىز توققۇزتارا ناھىيىسىدىن بىر قەدەر يىراق بولغان تىككىبېرىق يېزىسىدا زىيارەتتە بولدۇق. بۇ يېزىنىڭ ھەر قايسى كەنتلىرىنىڭ ئارىلىقىمۇ خېلى يىراق ئىكەن. لېكىن قاتناشتا قىينالمىدۇق. يوللارمۇ ناھايىتى تۈز، راۋان ئىكەن. شۇنىڭغا قاراپ، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ يول قۇرۇلۇشىدا ھەقىقەتەن كۆپ ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

يۇقىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى نەتىجىسىدە توققۇزتارا ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسى تۆرلۈك قاتناش ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ يىل توققۇزتارا ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسى دۆلەتنىڭ يېزا ـ كەنت يوللىرى قۇرۇلۇشىغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىش سىياسىتىنى ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن، يېزا ـ كەنتلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاسفالت يولدىن 42 كىلومېتىرنى ياسىغان، راۋان بولمىغان يوللاردىن 137.3 كىلومېتىر يولنى راۋانلاشتۇرغان. ناھىيە بىلەن يېزا ئارىلىقىدىكى ئاساسلىق يوللارنى ياساش قۇرۇلۇشى ئاساسەن تاماملانغان. راۋان يوللار توققۇزتارا ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ ناھىيە، يېزا ـ كەنت يوللىرى قۇرۇلۇشىدا ھەقىقەتەن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

سۈرەتتە: ئابدۇۋەلى ئىسلام (ئوڭدا 1 ـ) قۇرۇلۇش مەيدانىدا خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلماقتا.

ھازىر توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى 51 كەنتنىڭ يوللىرىنىڭ ئاسفالتلىنىش نىسبىتى 95% كە يەتكەن، بۇ يىل مۇشۇ تۈرگىلا 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. 1 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بۇ يىلقى 137 كىلومېتىر يول ياساش پىلانىنىڭ 70 كىلومېتىرى ئورۇندىلىپ بولغان.

توققۇزتارا ناھىيىسىدە 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ كوچا ئاپتوبۇسى قاتناشقا باشلىغان، ھازىر كوچا ئاپتوبۇسىدىن 17 سى بار ئىكەن. ئالتە لىنىيە بويىچە قاتنايدىغان بۇ كوچا ئاپتوبۇسلىرى ھازىر دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ «ئالتۇن مەپە» سىگە ئايلانغان. دەرۋەقە، بىز مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا، يەنە ناھىيە، يېزا ـ كەنت يوللىرىدا ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرغان كوچا ئاپتوبۇسلىرىنى، قوللىرىغا چوڭ ـ كىچىك سومكا، خالتىلارنى كۆتۈرۈشۈپ ئاپتوبۇس ساقلىشىپ تۇرغان كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق دېھقان، چارۋىچىلارنى ئۇچرىتىپ تۇردۇق.

شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ھازىر توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ يولۇچى توشۇش ئىشلىرىمۇ تېز راۋاجلىنىۋېتىپتۇ. ئالدىنقى يېرىم يىلدا ناھىيىنىڭ يولۇچى توشۇش مىقدارى ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 15% ئېشىپتۇ.

توققۇزتارا ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇۋەلى ئىسلام مۇنداق دېدى: يىللاردىن بۇيان، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى نەتىجىسىدە خىزمەتلىرىمىز ئوڭۇشلۇق ھەم تېز ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. بىز يېزا ـ كەنت يوللىرىنى ئايلانما قىلىپ ياساشنى ئىشقا ئاشۇرماقچىمىز. بۇنداق بولغاندا، ئىلگىرىكىدەك ئارتۇق يول ماڭىدىغان ئەھۋالغا خاتىمە بېرىلىپ، نۇرغۇن ۋاقىت، كۈچ تېجىلىدۇ. بۇ يوللارغا كوچا ئاپتوبۇسلىرى سېلىنسا، خەلقىمۇ نۇرغۇن قولايلىقلار يارىتىلىدۇ. بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بىز يەنە ئۈچ يېزىنى تۇتاشتۇرىدىغان يول ياسايمىز. بۇ يوللارغىمۇ كوچا ئاپتوبۇسى سالماقچىمىز. خەلق يولدا قالمىسۇن، ئىشىك ئالدىغا چىقسىلا كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرالايدىغان بولسۇن.

ئابدۇۋەلى ئىسلامنى زىيارەت قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى بىز ئاساسەن ياسىلىپ پۈتكەن بىر يول بۆلىكىگە ئاسفالت ياتقۇزۇلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، شۇ ئورۇنغا باردۇق. گەرچە دەم ئېلىش كۈنى بولسىمۇ، ئىشچىلار زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەۋاتاتتى. ئابدۇۋەلى ئىسلام ئىش ئورنىدا يېتەكچىلىك قىلىۋېتىپتۇ. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ قاتناش ئىشلىرىنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى كۆرگەندەك بولدۇق.



پوسكام ناھىيىسى ئاقتام يېزىسى توزاقچى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى قولتۇقتېرەق ئوقۇتۇش نۇقتىسىنىڭ تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىسى ماخمۇت ئەمەت 37 يىلدىن بۇيان پۈتۈن كۈچىنى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە بېغىشلاپ، بىجانىدىل ئىشلەپ كەلدى. شۇڭا، ئۇ ھازىرغىچە مەكتەپ، يېزا، ناھىيە ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى تەرىپىدىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 31 قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «ئۈلگىلىك سىنىپ مۇدىرى»، «مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى»، «ئۈلگىلىك تەربىيىچى»، «تۆھپىكار باغۋەن»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ كەلدى.

تۇرسۇن راخمان فوتوسى

ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى كاپالەت فوندى رولىنى جارى قىلدۇردى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئەھەت مۇھەممەت، ياسىنجان ئەھەت خەۋەر قىلىدۇ: شايار ناھىيىسى يېقىنقى

ھەققى كاپالەت فوندى بۆلۈمىگە ئالدىن تاپشۇرۇپ، ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى كاپالەت فوندى قىلىپ



كېرىيە تاشيول ئۇچاستكىسى ئويتوغراق يول ئاسراش داۋبەندىكى 61 ئىشچى - خىزمەتچى يېقىندا ئۆزلىرى ئاسراپ كېلىۋاتقان دۆلەت يولى 315 - لىنىيە 2350+2250 كىلومېتىردىكى كۆۋرۈك، سۆڭگۈچلەرنىڭ بىجىرىملىك نىسبىتىنى 95% كە يەتكۈزۈپ، قاتناشنىڭ بىخەتەر، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

سۈرەتتە: ئىشچىلار كۆۋرۈك، سۆڭگۈچلەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش تاملىرىنى رېمونت قىلماقتا.

ئوبۇل قادىر فوتوسى

ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى كاپالەت فوندى رولىنى جارى قىلدۇردى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **ئەھەت مۇھەممەت، ياسىنجان ئەھەت** خەۋەر قىلدۇ: شايار ناھىيىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قۇرۇلۇش كارخانىلىرىدا ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى نېسى بولۇپ قېلىش مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىشلەمچىلەر ئىش ھەققى كاپالەت فوندى تەسىس قىلدى.

بۇ فوندنىڭ مەبلىغى شايار ناھىيىسى تەۋەسىدە قۇرۇلۇش قىلغان كارخانا ۋە شەخسلەردىن كېلىدۇ، قۇرۇلۇش تارماقلىرى بەلگىلىمە بويىچە چوقۇم قۇرۇلۇش پۇلىنىڭ 10% نى ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى كاپالەت فوندى بۆلۈمىگە ئالدىن تاپشۇرۇپ، ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى كاپالەت فوندى قىلىپ مەخسۇس باشقۇرىدۇ. قۇرۇلۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلاردا ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى نېسى بولۇپ قېلىش مەسىلىسى بايقالسا، شەھەر قۇرۇلۇش تارماقلىرى ئالدىن تاپشۇرغان 10% پۇل ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى قىلىپ بۇيرۇپ بېرىلىدۇ. بۇ كاپالەت فوندىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئىشلەمچىلەرنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

قولتۇقبىرىق ئوقۇتۇش نۇقتىسىنىڭ تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىسى ماخمۇت ئەمەت 37 يىلدىن بۇيان پۈتۈن كۈچىنى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە بېغىشلاپ، بىجانىدىل ئىشلەپ كەلدى. شۇڭا، ئۇ ھازىرغىچە مەكتەپ، يېزا، ناھىيە ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى تەرىپىدىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 31 قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «ئۈلگىلىك سىنىپ مۇدىرى»، «مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى»، «ئۈلگىلىك تەربىيىچى»، «تۆھپىكار باغۋەن»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ كەلدى.

تۇرسۇن راخمان فوتوسى

خەلقنىڭ ئارمىنى — «ئارمان» نىڭ ئارمىنى

«خەلق ئەڭ ئادىل تارازا». بۇ شىنجاڭ «ئارمان» كەسپىي چەكلىك شىركىتى 12 يىلدىن بۇيان قىبلىنەما قىلىپ كەلگەن مۇھىم ئەقىدىلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا «ئارمان» شىركىتىنى ئەل ئارىسىدا ھۆرمەتكە ئىگە قىلغان «ماياك».

«ئارمان» شىركىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتتە خېرىدارلارنى قانداق قىلغاندا ئەڭ يۇقىرى چەكتە رازى قىلىش ھەققىدە توختاۋسىز ئىزدىنىپ، خېرىدارلارغا ئەلا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ بىر يۈرۈش كونكرېت ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، ئۇنى ھەر بىر خادىمنىڭ ئەمەلىيىتىدە گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشتى. نەتىجىدە، «ئارمان» شىركىتىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قەلبىگە «بارلىقىمىز خېرىدارلار ئۈچۈن» دېگەن ئاڭ چوڭقۇر ئورنىدى.

«ئارمان» شىركىتى سودىدا سەمىمىي، مۇلايىم بولۇش، ئىستېمالچىلارنىڭ مەھسۇلات، كارخانا، مۇلازىمەتكە بولغان ئىنكاسىنى ۋاقتىدا ئىگىلەش، تاللا بازارلىرىغا ساختا تاۋارلارنىڭ كىرىشىگە قىلچە يوچۇق قويماسلىق تەلىپىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرغانلىقتىن، ھەر مىللەت ئىستېمالچىلىرى «ئارمان» شىركىتىدىن سۆيۈندى. ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك فونكسىيىلىك تارماقلىرى «ئارمان» شىركىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك شان - شەرەپلەرنى بەردى، ھەتتا مەملىكەتلىك بازار تەكشۈرۈش مەركىزى «ئارمان» شىركىتىگە مەملىكەت بويىچە سۈپەت، مۇلازىمەت ۋە ئىناۋەتتە «AAA» دەرىجىلىك كارخانا دېگەن ئالىي شان - شەرەپ تاختىسىنى تەقدىم قىلدى.

سالامەت

توختام باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش تاشيول قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە

● تاجگۈل ھاجى

خىزمەت تەتقىقاتى

تاشيول قۇرۇلۇش توختامى — باشقا قۇرۇلۇش توختامىغا ئوخشاش ئىقتىسادىي توختامنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن بىلەن چارلاپ لايىھىلىگۈچى ئورۇننىڭ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن ياكى نازارەت قىلىش..مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى ئېنىق ئايرىلغان كېلىشىم.

تاشيول قۇرۇلۇشىدا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش، ھۆددىگە ئېلىش توختام تۈزۈمى، قۇرۇلۇش قىلىشنى نازارەت قىلىش تۈزۈمى خېلى بۇرۇن يولغا قويۇلغانلىقتىن، دۆلىتىمىزنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. تاشيول قۇرۇلۇشى سۈپىتى، قۇرۇلۇش مۇددىتى ۋە پۈتۈش باھاسى جەھەتتە ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇل تۈرى يولغا قويۇلغانلىرىدا، مەسىلەن، بېيجىڭ - تيەنجىن - تاڭسەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشىدا خېرىدار چاقىرىش تۈزۈمى، «FIDIC توختام ماددىلىرى» ۋە قۇرۇلۇش قىلىشنى نازارەت قىلىش تۈزۈمى قاتتىق يولغا قويۇلغانلىقتىن، توختامنىڭ نورمال ئىجرا قىلىنىشىغا ۋە قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

ھۆددىگە ئېلىش توختام تۈزۈمى گەرچە تاشيول قۇرۇلۇشىدا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى يېڭىلاشتا پەيدىنپەي تونۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلگەچكە، توختامنى ئىجرا قىلىشتا بەزى مەسىلىلەر ساقلاندى. مەسىلەن، توختامنىڭ قانۇنلۇق ئورنىغا بولغان تونۇش يېتەرلىك بولمىدى. توختام باشقۇرۇشنىڭ ئورنىغا مەمۇرىي ئارىلىشىش دەسسىتىلدى، توختام تۈزۈش قانۇن تەرتىپى ۋە تەلەپ بويىچە ئېلىپ بېرىلمىدى ۋە توختامدىكى ماددىلاردا توختام باشقۇرۇشقا ئائىت قاراشلار ۋە تەشكىلىي ئاپپارات قاتارلىقلار كەم بولۇپ قالدى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشى توختامنىڭ نورمال ئىجرا قىلىنىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، ھۆددىگەرلىك توختامنى يولغا قويۇشقا توسالغۇلۇق قىلدى. شۇڭا، توختام باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قۇرۇلۇشقا نازارەتچىلىك قىلغۇچى خادىم جەزمەن بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، نازارەتچىلىك قىلغۇچى ئىنژېنېر جەزمەن توختامغا ئاساسلىنىپ ئىش قىلىشى لازىم. ھۆددىگەرلىك توختامدىكى نازارەت قىلغۇچى ئىنژېنېرنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇق دائىرىسىگە ئاساسەن، توختامغا خىلاپلىق قىلىش، تۆلەم قاتارلىق توختام ماجىرالىرىنى ئادىل ھەل قىلىش، «ئا» «ب» تەرەپنىڭ توختام مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ توختامنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، بۇ ئارقىلىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ھازىر، دۆلىتىمىز تاشيول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، مەمۇرىي ئارىلىشىش مەسىلىسى زور دەرىجىدە ساقلانماقتا، نۇرغۇن مەمۇرىي تارماقلار يەرلىك قورۇقچىلىق ياكى ئۆزىمچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، توختام بويىچە ئىش قىلمىدى، ھەتتا توختامنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئەسەبىيلەرچە ئارىلاشتى، بۇنىڭ بىلەن، قانۇن بويىچە تۈزۈلگەن توختام ئۆزىنىڭ تېگىشلىك قانۇنىي چەكلەش كۈچىدىن مەھرۇم بولدى، قۇرۇلۇش قىلىدىغان قوشۇننىڭ ئاكتىپلىقىغا ئازار بېرىلدى.

توختام ئادىل، مەزمۇنى مۇۋاپىق، مۇكەممەل ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن ھوقۇق ئېنىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلۇغ ئورتاق نىشان ئاساسىدا زىچ ماسلاشتۇرۇلغان. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسكى، ھەر قايسى تەرەپنىڭ بوشاشماستىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، تەجرىبە - ساۋاقلارنى داۋاملىق يەكۈنلىشى بۇنىڭدىن كېيىنكى تاشيول قۇرۇلۇشىدا بارغانسېرى تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ قاتناش قۇرۇلۇش باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن)

تاشيول شەجەرىسى
ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى ھەمكارلاشتى

«ماياتاغقا نەزەر»
مۇكاپاتلىق ماقالە


«قاراماي لوگىستىكىسى» مۇكاپاتلىق ماقالە

كەلكۈندە ياڭرىغان ئىنتىپاقلىق ناخشىسى

• يۈسۈپ ئىسمائىل

2007 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، 150 يىلدىن بۇيان كۆرۈلمىگەن كەلكۈن ئاپىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى قۇمۇل بوستانلىقىغا تەھدىت سېلىپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشىغا زور زىيان سالدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي تاغ يېزىسىدا ئاپەت جەريانىدا 38 ئائىلىلىكنىڭ 146 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ، 69 ئائىلىلىكنىڭ 172 ئېغىز ئۆيى خەتەر ئىچىدە قالدى؛ 167 ئېغىز قوتان ئۆرۈلدى، 531 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 56 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيول ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئاپەت جەريانىدا غەربىي تاغ يېزىسىدىكى ھەر مىللەت خەلق مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، كەلكۈن بىلەن قەيسەرانە ئېلىشتى. بۇ جەرياندا تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىنتىپاقلىق - ئىناقلىق ھېكايىلىرى مەيدانغا كەلدى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، بىز غەربىي تاغ يېزىسىدا زىيارەتتە بولغىنىمىزدا، يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ ۋېيلەن بىزگە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئىككى تەسىرلىك ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى. بىز ئۈچ مىللەت ئارىسىدا يۈز بەرگەن بۇ تەسىرلىك ھېكايىلەرگە جور بولۇپ، ھېكايىلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرىنى زىيارەت قىلدۇق.

ئۇيغۇر يىگىتلەرنىڭ بىر ئائىلىلىك خەنزۇ يۇرتداشنى گۆر ئاغزىدىن قۇتقۇزۇشى

غەربىي تاغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ خادىمى سالىنىڭ يول باشلىشى بىلەن دېھقان تيەن جىڭشېڭنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمىزدا، تاسادىپىي قاتناش ۋەقەسىدە پۇتى ئېغىر يارىلىنىپ، ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن قالغان بۇ بوۋاي ئەينى چاغدىكى ئەھۋال ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سەھەردە كەلكۈن يېتىپ كەلگەندە، ئۆيدە مەن، خوتۇنۇم، 12 ياشقا كىرگەن نەۋرەم بار ئىدۇق. مەن ھەرىكەت قىلالمىغاچقا، خوتۇنۇم مېنى ناھايىتى تەستە يۈدۈپ، سىرتقا ئېلىپ چىقتى.

تىر چوڭقۇرلۇقتىكى خەندەك بار بولۇپ، خەندەكتە لىق كەلكۈن سۈيى بار ئىدى، ئۆينىڭ كەينىدىمۇ ئادەم بېلى بىلەن تەڭ كەلكۈن ئاقماقتا ئىدى. شۇڭا، بىز ئامالسىز ئۆينىڭ ئالدىدا قاپسىلىپ قالدۇق.

يېزا رەھبەرلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، تيەن بوۋاي ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كەلكۈندە قاپسىلىپ قالغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر دەرھال يېتىپ كېلىپ قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئاتلانغان، ۋىلايەت رەھبەرلىرى قۇتقۇزۇشقا نەق مەيداندا قوماندانلىق قىلغان. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر بىر نەچچە قېتىم خەندەكتىن ئۆتۈپ، بوۋاينىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قۇتقۇزماقچى بولغان بولسىمۇ، خەندەك چوڭقۇر بولغاچقا، قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئۇتۇقلۇق بولمىغان. رەھبەرلەر تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى بىلەن ئالاقىلىشىپ، قاپسىلىپ قالغانلارنى تىك ئۇچار ئايروپىلان ئارقىلىق قۇتقۇزماقچى بولغان. بىراق، تيەن بوۋاينىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئايروپىلان قونغىدەك جاي بولمىغاچقا، ئايروپىلان بىلەن قۇتقۇزۇش ئۇيىمۇ يوققا چىققان.

— قۇتقۇزۇش ئۈمىدلۈك بولمىغاچقا، سۇ ئىچىدە يەتتە - سەككىز سائەت تۇرۇپ كەتتۇق، توڭلىغىنىمىزدىن دىر - دىر تىترەيتتۇق. ھەتتا تىك ئۇچار ئايروپىلانمۇ قۇتقۇزۇپ چىقالمىغاندىكىن، ئەمدى ھاياتىمىزدىن ئۈمىد قالماپتۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ يىغلاپ كەتتىم. تۇيۇقسىز، ئالدىمىزدا ئۈچ - تۆت ئۇيغۇر يىگىت پەيدا بولدى ۋە بىز ئۈچەيلەننى يۈدۈپ ئۆينىڭ كەينى تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. بەل بە-

سۆزلەۋېتىپ ھاياجانلانغىنىدىنمۇ ئەيتاۋۇر كۆزلىرى نەملەشتى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇيغۇر يىگىتلەرنىڭ ماڭا قايتا ھاياتلىق بەرگىنىنى ئويلىسام، ئۆزۈمنىڭ شۇنچە يىل ئۇيغۇر، قازاق قېرىنداشلار ئارىسىدا ياشىغىنىمدىن تولىمۇ سۆيۈنىمەن.

تيەن بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ، بۇ قېتىمقى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ قاتناشچىسى، دېھقان يىگىت مۇتەللىپنى زىيارەت قىلدۇق. مۇتەللىپنىڭ ئۆيىمۇ بۇ قېتىمقى كەلكۈندە پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ كەتكەچكە، ئەمدىلا ئالتە ئايلىق بولغان قىزىنى ئېلىپ، باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقانىكەن.

— شۇ كۈنى تاغ باغرىغا كەلكۈن ئەھۋالىنى كۆزەتكىلى بارغانىدۇق. قايتىپ كېلىۋاتسام، ئۆيۈمنى كەلكۈن بېسىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا تېلېفون كەلدى. كەينىدىن تيەن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كەلكۈندە قاپسىلىپ قالغىنىنى ئاڭلاپ، «ئالدى بىلەن جاننى قۇتقۇزۇش مۇھىم» دېگەن ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسىدە ئابدۇرېھىم، پەرھات، رۇستەم قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بەل بىلەن تەڭ كەلكۈن سۈيىگە كىرىپ، بوۋاينىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قۇتقۇزدۇق، — دېدى ئۇ، — بۇ جەرياندا خوتۇنۇم تېلېفون بېرىپ، ئۆيىمىزدىكى تاپقان - تەرگەنلىرىمىزنىڭ ئۆي بىلەن تەڭ ئېقىپ كەتكىنىنى ئېيتىپ يىغلاپ كەتتى. مەنچە، باشقىلارمۇ مۇشۇنداق تاللاشقا توغرا كەلگەندە، ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ بولسىمۇ چوقۇم بىز تاللىغان يولنى تاللايدۇ.

ئېچىش رايونىدىن چىققان «دانكو»

لىپ قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ، ئاممىنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقەلىكنى ئوقۇغانلار قاتتىق تەسىرلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. بىز غەربىي تاغ يېزىسىنىڭ باشلىقى ئادىلجاننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن كەلكۈن جەريانىدا ئۆز مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇر، قازاق ئاممىسىنى كەلكۈن ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن شەخسىيەتسىز قان - تەر ئاققۇزغان قازاق دېھقان مۇرات بەچەرىپنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن خۇددى «دانكو» ھېكايىسىنى ئوقۇغاندىكىدەك تولىمۇ تەسىرلەندۇق.

مۇراتنىڭ غەربىي تاغ ئېچىش رايونى تاراتى دېھقانچىلىق مەيدانىغا جايلاشقان ئۆيىگە بارغىنىمىزدا، ئۆيى كەلكۈندە ئۆرۈلۈپ كەتكەن بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانىكەن. مۇرات كەلكۈن كەلگەن كۈنلەردە ۋە قايتا قۇرۇش ئەمگىكىدە ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەچكە، ئاغرىپ يېتىپ قالغان، يېزىدىن كەلگەن سېستىرا ئۇنىڭغا ئاسما ئوكۇل سېلىۋاتقانىكەن.

— كەلكۈن كەلگەن كۈنى ئۆز خىزمەت ئورنۇمدا كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتىم. تاراتى دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلكۈن كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپلا دەرھال بۇ جايغا قايتىپ چىقتىم. قارىسام، ئۆيۈم پۈتۈنلەي كەلكۈن ئىچىدە قاپتۇ. شۇ ھامان مەھەللىدىكىلەرنى تەشكىللەپ، پويىز يولىنىڭ يېنىدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسىنى مۇستەھكەملەپ، كەلكۈننىڭ داۋاملىق مەھەللە تەرەپكە كېڭىيىپ، مەھەللىنى سۇ بېسىپ كېتىشىنىڭ ئال-

كۈندۈز كەلكۈن سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئېرىقى چاپتۇق، — دېدى مۇرات ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ.

— ئۆيىمىزنى كەلكۈن بېسىپ كەتكەندە، ھەقىقەتەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمىدىم. مۇراتنىڭ باشقىلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى قۇتقۇزۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئۆيىمىز بىلەن كارى بولمىغانلىقىدىن بىر ئاز ئاغرىنغانىدىم، — دېدى مۇراتنىڭ خوتۇنى گۈزەل ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ، — چۈنكى، ئائىلىمىزدىكى تەئەللۇقاتلار 10 نەچچە يىللىق قان - تەرىمىز بەدىلىگە كەلگەن ئەمەسمۇ! ھەتتا ئۆيدىكى نەرسىلەرنىمۇ يېزا كادىرلىرى كېلىپ يۆتكەپ بەردى. بىراق، كېيىن مۇراتنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. مەن باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، يۇرتقا كۆيۈنىدىغان ئېرىمنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن.

مۇرات توغرىسىدا يەنىمۇ تەپسىلىي ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن بۇ مەھەللىدىكى دېھقان باسىت ئېلىنى زىيارەت قىلغىنىمىزدا، ئۇ ھاياجان ئىلكىدە مۇنداق دېدى:

— كەلكۈن كەلگەندە مەھەللىدىكىلەر، ھەممىمىز ئۆز غېمىمىز بىلەن بولۇپ كەتكەنىدۇق، مۇرات كەلگەندىن كېيىن بىزنى توسمىنى مۇستەھكەملەش، كەلكۈن سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئېرىقى قېزىش، ئۆيىگە سۇ كىرىپ كەتكەنلەرنىڭ مال - مۈلكىنى بىخەتەر جايغا يۆتكەش قاتارلىق ئىشلارغا تەشكىللەپ، كەلكۈننىڭ تېخىمۇ چوڭ زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئەمەلىيەتتە مۇرات بىزنىڭ مەھەللىگە مەس-

كىلەنمەي، بىزگە «سەركە» بولۇپ، بىزنىڭ ئامانلىقىمىزنى قوغدىدى. ياردەمگە ئېھتىياجلىق ئائىلىلەرنى ئۇيغۇر، قازاق دەپ ئايرىمىدى. ئاشۇ چاغدا باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى خەنزۇ قېرىنداشلارمۇ بىزنىڭ توسمىنى مۇستەھكەملىشىمىزگە ئۆزلۈكىدىن ياردەملەشتى. ھەر مىللەتتىن بولغان ئاممىنىڭ بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىشى بىلەن يۇرت - ماكانىمىز ئامان قالدى.

غەربىي تاغ يېزىسىنىڭ باشلىقى ئادىلجان مۇنداق دېدى:

— يېزىمىزدىكى كادىرلار ۋە ئامما مۇراتنىڭ كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇشتەك ئالىيجاناب روھىدىن تولىمۇ تەسىرلەندى. بىز مۇراتقا ئوخشاش ئەزىمەتلەرنىڭ روھىدىن ئىناقلىقنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقىنى، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

مۇخبىرنىڭ تەسىراتى:

زىيارەت داۋامىدا، مىلى پەرھات، مۇتەللىپ قاتارلىق ئۇيغۇر ياشلارنىڭ خەنزۇ يۇرتداشلارنى خەتەردىن قۇتقۇزغانلىقىدەك پىداكارانە ئىش - ھەرىكەتلىرى بولسۇن ياكى مۇرات بەچەرىپنىڭ ئامما ئۈچۈن خالىس تۆھپە قوشۇش روھى بولسۇن، ھەر ئىككىسىلا بىزنى تولىمۇ تەسىرلەندۈردى. ئۇلار ئاپەت ئالدىدا ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىپ، ئۆزى زىيان تارتىش ھېسابىغا باشقىلارنى مەنپەئەتلەندۈردى ۋە مەڭگۈ كۆڭۈللەردە يادلىنىپ تۇرىدىغان ئىنتىپاقلىق ناخشىسىنى ياڭراتتى.

شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىسى
®
IHLAS
伊合拉斯

ده پۇتى ئېغىر يارىلىنىپ، ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن قالغان بۇ بوۋاي ئەينى چاغدىكى ئەھۋال ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سەھەردە كەلكۈن يېتىپ كەلگەندە، ئۆيدە مەن، خوتۇنۇم، 12 ياشقا كىرگەن نەۋرەم بار ئىدۇق. مەن ھەرىكەت قىلالمىغاچقا، خوتۇنۇم مېنى ناھايىتى تەستە يۆدۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. بىراق، بەل بىلەن تەڭ كېلىدىغان كەلكۈن سۈيىدە ئۇ پەقەتلا مىدىرلىيالمىدى. ئۆيدىن 312 - دۆلەت تاشيولىغىچە بولغان ئارىلىقتا 2.5 — 3 مې-

غاچقا، سۇ ئىچىدە يەتتە - سەككىز سائەت تۇرۇپ كەتتۇق، توڭلىغىنىمىزدىن دىر - دىر تىترەيتتۇق. ھەتتا تىك ئۇچار ئايروپىلانمۇ قۇتقۇزۇپ [illegible] ئۈمىد قالماپتۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ يىغلاپ كەتتىم. تۇيۇقسىز، ئالدىمىزدا ئۈچ - تۆت ئۇيغۇر يىگىت پەيدا بولدى ۋە بىز ئۈچەيلەننى يۆدۈپ ئۆينىڭ كەينى تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. بەل بىلەن تەڭ سۇدا مېڭىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، يىگىتلەر بىزنى يۆدۈپ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. بىز ئاخىر گۆر ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۇق، — بوۋاي

يانىدا خوتۇنۇم تېلېفون بېرىپ، ئۆيدىمىزدىكى تاپقان - تەرگەنلىرىمىزنىڭ ئۆي بىلەن تەڭ ئېقىپ كەتكىنىنى ئېيتىپ يىغلاپ كەتتى. مەنچە، باشقىلار [illegible] دە، ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ بولسىمۇ چوقۇم بىز تاللىغان يولنى تاللايدۇ.

ئېچىش رايونىدىن چىققان «دانكو»

ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى «دانكو» ناملىق ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن دانكونىڭ بىر بۆلۈك كىشىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئې-

تىم. تاراتى دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلكۈن كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپلا دەرھال بۇ جايغا قايتىپ چىقتىم. قارىسام، ئۆيۈم پۈتۈنلەي كەلكۈن ئىچىدە [illegible] تەشكىللەپ، پويىز يولىنىڭ يېنىدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسىنى مۇستەھكەملەپ، كەلكۈننىڭ داۋاملىق مەھەللە تەرەپكە كېڭىيىپ، مەھەللىنى سۇ بېسىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئاتلاندۇق. بىز ھەر بىر ئائىلىگە ئۈچتىن ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، سۇ بېسىپ كەتكەن ئۆيلەردىكى مال - مۈلۈكلەرنى بىخەتەر جايغا توشۇدۇق. شۇ ئىشلىگەنچە تۆت كېچە -

كىلەر، ھەممىمىز ئۆز غېمىمىز بىلەن بولۇپ كەتكەندۇق، مۇرات كەلگەندىن كېيىن بىزنى توسمىنى مۇستەھكەملەش، كەلكۈن سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئېرىقى قېزىش، ئۆيىگە سۇ كىرىپ كەتكەنلەرنىڭ مال - مۈلكىنى بىخەتەر جايغا يۆتكەش قاتارلىق ئىشلارغا تەشكىللەپ، كەلكۈننىڭ تېخىمۇ چوڭ زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئەمەلىيەتتە مۇرات بىزنىڭ مەھەللىگە مەسئۇل رەھبەر ئەمەس، ئۇ جەنۇبىي چۆللۈك ئېچىش رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى. ئۇنىڭ بىزگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىمۇ يوق. بىراق، ئۇ ھالقىلىق پەيتتە قىلچە ئىك-

غان ئىشتىياقلىق ناخشىنى ياڭراتتى.

شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىسى
®
IHLAS
伊合拉斯
«ئىخلاس بېيىكىسى» مۇكاپاتلىق ماقالە
شىنجاڭ ئىخلاس كامپيۇتېر تارەققىيات چەكلىك شىركىتى ھەمكارلاشتى

ماروژنىخانىدىن چىققان مەرپەت ساخاۋەتچىسى

● ئېزىزجان توختىھاجى

سېخىي قوللار

پۇل تاپماق ئاسان ئەمەس، يۈز تاپماق تېخىمۇ تەس. تىجارەت كۈندىن - كۈنگە تەسلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھالال ئىش - ئوقەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، تاپقان پۇللىرىنى مائارىپ، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى قوللاشقا ئىشلىتىۋاتقان تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن - كاسىپلارمۇ ئاز ئەمەس. قەشقەر «ئىسكەندەر قايماقلىق ماروژنىخانىسى» نىڭ خوجايىنى تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم ئەنە شۇ ساخاۋەتلىك، مەرپەتپەرۋەر تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ بىرسى.

تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇش يېزىسىدىن بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ بىر نەچچە يىل ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. تۇرسۇنجان ھۈنەرنى پىششىق ئىگىلىگەندىن كېيىن شەھەرنىڭ ھەزرەت يولىدا دۇكان ئېچىپ، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش بىلەن ئون يىلچە شۇغۇللىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ دۇكان ئىچىدە ھۈنەر قىلغاچ، دۇكان ئالدىدا دوغ، ماروژنى ساتىدۇ. 2000 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۇ شەھەر ئىچىدىكى 8 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئالدىدا ماروژنىخانا ئاچىدۇ. كېيىن شەھەرنىڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان 6 - بىناكارلىق شىركىتى بىناسى ئاستىدا ئوغلىنىڭ ئىسمى بىلەن «ئىسكەندەر قايماقلىق ماروژنىخانىسى» نى ئاچقاندىن كېيىن، تىجارىتى كۈنسېرى روناق تېپىشقا باشلايدۇ.

تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم پۇل تاپقاندىن كېيىن ئازراق ئىش قىلىشنى ئويلايدۇ - دە، ئىشنى ئالدى بىلەن تەنتەربىيە ئىشلىرىنى قوللاشتىن باشلايدۇ. دەسلەپتە ئۇ شەھەرلىك 8 - باشلانغۇچ مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىغا تەنتەربىيە كىيىمى ئېلىپ بېرىدۇ. كېيىن ئەمىن پۇتبول كوماندىسى، 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ پۇتبول كوماندىلىرىغا تەنتەربىيە كىيىمى ئېلىپ بېرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم «ئىسكەندەر قايماقلىق ماروژنىخانىسى كوماندىسى» نى تەشكىللەيدۇ. بۇ كوماندا بۇلتۇر قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن زال ئىچى پۇتبول مۇسابىقىسىدە 2 - لىككە ئېرىشىدۇ. كېيىن ئۇ دۇكىنىدا «بىر يۈەن ئىستېمال قىلسىڭىز، شىنجاڭ پۇتبولچىلىقىغا بىر پۇڭ تۆھپە قوشقان بولىسىز» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. 2006 - يىلى تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم ئاپتونوم رايونلۇق پۇتبولچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان، يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان پۇتبول مۇسابىقىسىنى «ئىسكەندەر لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى» نامىدا ئۆتكۈزۈش شەرىپىگە ئېرىشىپ، 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل چىقىرىپ، 10 كۈنلۈك مۇسابىقە پائالىيىتىنى تەشكىللەيدۇ.

تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم 2007 - يىلىدىن باشلاپ دۇكان پايدىسىنىڭ ھەر بىر يۈەندىن ئىككى پۇڭىنى ئايرىپ، بىر پۇڭىنى شىنجاڭ پۇتبولچىلىقىغا، بىر پۇڭىنى قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشنى قارار قىلىدۇ. يىل بېشىدىلا 10 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ قەشقەر ژۇرنىلىدا «ئىسكەندەر ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلىدۇ. «ئىسكەندەر ئوقۇش مۇكاپاتى» تەسىس قىلىپ، 8 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇر ئالغان 20 ئوقۇغۇچىنى 1500 يۈەندىن 600 يۈەنگىچە مۇكاپاتلاپ، تىرىشچان ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بېرىدۇ.

— خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلالىسا، ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى داۋاملاشتۇرىمەن، — دەيدۇ تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم كېيىنكى قەدەملىرى ئۈستىدە توختىلىپ، — ئىمكان بار ياخشى ئوقۇۋاتقان، تىرىشچان ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئىلھام مۇكاپاتىنى - ياردەمنى توختاتمايمەن. چوقۇم ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە پۇتبول مۇسابىقىسى تەشكىللەيمەن.

يېقىندا، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شامال يېزىسى 20 جۈپ ياشقا كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەردى. شامال يېزىسى 2003 - يىلىدىن بۇيان 120 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سەرپ قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 96 جۈپ ياشقا كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يېزا تەۋەسىدە مەدەنىي يېڭى ئىستىلنى ئەۋج ئالدۇردى.

تۇرغۇنجان ئىمىن فوتوسى



سۈرەتتە ئىمىنجان كېرىم شاگىرتلىرىغا چاچ ياساشنى ئۆگەتمەكتە. كۇچا ناھىيىسى كۇچا بازىرىغا قاراشلىق گۈلباغ ئاھالىلەر رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىمىنجان كېرىم ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھۈنەر ئۆگىنىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەپ، خانىم - قىزلار چاچ ياساش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇپ، ياشلارغا ئۈلگە بولدى ۋە 37 شاگىرت تەربىيىلەپ چىقتى.

ئابلىمىت ئۇبەيدۇللا فوتوسى

كۆزلۈك ئۆرۈك دېللارنى رام قىلدى

● سىدىق تۇردى

سىنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆرۈك پىشقانلىقىنى ئاڭلىسىڭىز غەلىتىلىك ھېس قىلىشىڭىز، ھەتتا ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن. بىراق، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم تاغلىق رايونلىرىدا 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان ئۆرۈكلەر تازا مەي باغلاپ پىشىپ، شۇ يەردىكى دېھقان، چارۋىچىلارغا مول ھوسۇل شادلىقى ئېلىپ كەلدى.

قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئۆششاقباش بازىرى قارا قۇرۇم تاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان. بۇ بازارنىڭ 60 — 80 كىلومېتىر نېرىسىدىكى بورھان، قازغىش، تاشلىغئوت، ئەگرۈن قاتارلىق چارۋىچىلىق نۇقتىلىرى قارا قۇرۇم تاغلىرىنى بويلاپ، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ئۇلۇغئۆستەڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىغا جايلاشقان. بۇ تاغلىق رايونلاردا 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆرۈك پىشىشقا باشلاپ، 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاخىرلىشىدۇ. بۇ جايلاردا يېتىشتۈرۈلگەن كۆزلۈك ئۆرۈكلەر ئىچىدە 60 — 70 يىللىق تارىخقا ئىگە ئۆرۈكلەر نەچچە يۈز تۈپتىن ئاشىدۇ. كىلىمات ئۆزگىچىلىكى تۈپەيلىدىن ئۆرۈك سورتلىرىنىڭ تۈرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئاساسلىقى يەرلىك خەشەك ئۆرۈك، ياغلىق ئۆرۈك قاتارلىقلار بار. بۇ ئۆرۈكلەر شۇ جايدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپلا قالماستىن، تۈزلەڭلىكتىكى ئاممىغىمۇ نەپ يەتكۈزۈپ كەلمەكتە. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بۇنداق كۆزلۈك ئۆرۈكلەر يىراق - يېقىندىكى يېقىن تۇغقانلار ھەم ئەزىز مېھمانلارغا «ئەتىۋارلىق يەرلىك مەھسۇلات» سۈپىتىدە سوۋغا قىلىنىپ كەلمەكتە ۋە شىنجاڭدىكى بىر قىسىم يەرمەنكىلەرگە قاتناشتۇرۇلۇپ، بارغانسېرى شۆھرەت قازانماقتا.

[illegible]

قىسمىدىن چېكىنگەن ئامېرىكىلىق ئەسكەرلەر ـ لادىننى تۇتىدىغان يەككە تىجارەتچىلەر

ئافغانىستاندا لادىننى تۇتىدىغانلار ئارىسىدا، «مۇكاپات ئوۋچىلىرى» نامىدىكى بىر يەككە تىجارەتچى قوشۇن بار. ئۇلار قىسمىدىن چېكىنگەن ئامېرىكىلىق ئەسكەرلەر، خۇسۇسىي ئامانلىق خادىملىرى قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئىدما ئۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

ئىدما ئامېرىكا «يېشىل بېللى شەپكە» قىسمىنىڭ ئالاھىدە ئەسكىرى. 2001 ـ يىلى ئافغانىستان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئاللىبۇرۇن قىسمىدىن چېكىنىپ بولغان ئىدما ھىندىستان ئارقىلىق ئافغانىستاننىڭ شىمالىي رايونىغا ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ، شىمالىي ئىتتىپاق بىلەن بىرلىكتە تالىبان ۋە «بازا» تەشكىلاتىغا ھۇجۇم قىلغان، ئارقىدىن شۇ ماڭغانچە كابۇلغا، ئەڭ ئاخىرىدا جەنۇبتىكى قەندىھارغا بارغان.

ئاخبارات ۋاستىلىرىگە «كۆچلۈك ماتېرىيال» لارنى ئاشكارىلاشقا ھېرىسمەن بولۇش

ئىدما مۇنداق دەيدۇ: «ئافغانىستاندا، لادىننى تۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە مۇنداق ئۈچ خىل ئادەملەر بار. ئۇلار ئالاھىدە ئەسكەرلەر، جاسۇسلار ۋە ‹مۇكاپات ئوۋچىلىرى›. 600 دىن ئارتۇق ئالاھىدە ئەسكەرنىڭ ھەر ئالتىسى بىر گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللەنگەن، بەش بۇرجەكلىك بىنا ئۇلارنىڭ

خىزمىتى لادىننى تۇتۇش. ئىدما مەمنۇنىيەت بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئوۋ ئىتلىرىغا ئوخشاش لادىننى ھىدلىيالايمىز. بىزنى لادىننى تۇتۇش ھەرىكىتىدىكى يەككە تىجارەتچىلەر دەپ ئويلاپ قالماڭ، ئەمما بىز ئالاھىدە قىسىم ۋە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلىرىدىن ئوبدان ئىشلەيمىز. ئالتە يىلدىن بېرى، بىز كەم دېگەندىمۇ بەش قېتىم لادىننى تۇتۇۋالغىلى تاس قالدۇق. ئەڭ يېقىندىكى بىر قېتىملىقى بۇ يىل 5 ـ ئاي بولۇپ، بىز «بازا» تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر دائىم يېنىك قوراللىنىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى كۆرۈشكە تاغدىن چۈشىدىكەن، دېگەن ئاخباراتنى قولغا چۈشۈردۇق. بۇنى ھەتتا ئالاھىدە قىسىم ۋە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىمۇ بىلمەيتتى. شۇ كېچىسى، بىز تولۇق قوراللانغان 15 ئادەمنىڭ كەنتنىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يول ئارقىلىق تاغدىن چۈشۈۋاتقانلىقى

ئاخبارات بارلىقىنى، جۈملىدىن، «بازا» تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكىلەرنىڭ مانېۋىر مەشىقى قىلغان چاغدىكى سىن ئالغۇ لېنتىسى قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئامېرىكا كولۇمبىيە رادىئو شىركىتى ئىدما تەمىنلىگەن بۇ ئاخباراتنى تارقاتقان، بۇنىڭدا «بازا» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ بىر مەكتەپكە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغانلىقى، بالىلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە تۇتقۇن قىلغانلىقىغا ئائىت كۆرۈنۈشلەر بار.

بۇ «كۆچلۈك ماتېرىيال» لار ئىدمانى نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشتۈرگەن. ئەمما، ئۇ بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئافغانىستاندىكى نامراتلارغا ئىئانە قىلىۋەتكەن.

«ئۇرۇش تۆھپىسى» نى خۇشاللىق بىلەن بايان قىلىش

ئىدما تۇرۇشلۇق ئافغانىس-

كە ھېرىسمەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار تالىبان ۋە «بازا» تەشكىلاتىنىڭ ئافغانىستاننىڭ مائارىپ مىنىستىرى ۋە خەۋپسىزلىك مىنىستىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقىنى بايقىغان؛ «تالىباننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى» دېگەن بىرىنى قولغا ئالغان ھەم ئۇنى ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن؛ «بازا» تەشكىلاتى، تالىبان ۋە مىلتارىست ھېكمەتيارلارنىڭ بىرلىشىپ ئافغانىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى، شۇنداقلا تېررورچىلارنىڭ ماي باكى ئاپتوموبىلدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسى ۋە ش ئا ئە ت نىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق باش شتابىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدەك سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلغان.

مان ۋە بىر تازىلىق ئىشچىسىنى قولغا ئالغان ھەم «مەخپىي سوراقخانا قۇرۇش، ئۆز ئالدىغا كەلسە ـ كەلمەس جازالاش، ئافغانىستانلىق پۇقرالارنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش» قاتارلىق جىنايەت نامىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان.

سوتتا گۇۋاھچىلار ئىدمانىڭ تۈرلۈك ئۇسال قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەن: شۇ جايدىكى بىر دىنىي داھىي ئىدمانىڭ لادىن ۋە تالىبان ئەزالىرىنىڭ تۇرار جايىنى مەجبۇرىي دېگۈزۈش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆز ئالدىغا تۈرمىگە ئالغانلىقىنى ئېيتقان؛ بىر تاكسى شوپۇرى ئۆزىنىڭ شىمالىي رايوندا ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا مەجبۇرىي تۇتقۇن قىلىنىپ، كابۇلغا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئاندىن سۇ تۈرمىسىگە قامالغانلىقىنى ئېيتقان؛ بىر يايمىكەش ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قاتتىق دۇمبالاشلارغا چىدىماي، ئامالسىز ئاغزىمغا كەلگىنىچە بىلجىرلاپ، مائارىپ مىنىستىرلىكىدىكى بىر ئەمەلدارنى تېررورچى دېدىم.»

2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق بىرلەشمە ئارمىيە ئىدمانىڭ قولىدىن تالىبان دېيىلگەن بىر ئەرنى ئۆتكۈزۈۋالغان، ئەمما تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ ئەرنىڭ تالىبان بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقى ئېنىقلىنىپ، ئۇنى ئەتىسى قويۇپ بەرگەن. بۇ ئىشتىن كېيىن، ئامېرىكا ئارمىيىسى مەركىزىي باش شتابى ئىدمانى تەكشۈرۈشكە باشلىغان ھەم 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مۇنداق بىر مەخسۇس ئۇقتۇرۇش تارقاتقان: ئامېرىكا پۇقراسى ئىدما ئۆزىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ياكى ئارمىيە تەرەپكە ۋەكىللىك قىلالايمەن، دەۋالغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئارمىيە تەرەپمۇ ئۇنى تەكلىپ قىلمىغان.

سوتتا، ئىدما ئۆزىنى ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئاقلىغان، سوتچىدىن ئۆزىنىڭ ئافغانىستانلىق بىر نەچچە مىنىستىر، گېنېرال ۋە باشقا مۇھىم ئەربابلارغا تېلېفون قىلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ بۇ كىشىلەرنى سوتتا گۇۋاھچى قىلماقچى بولغان. ئاخىرىدا، بۇ دېلو بىر ياققا قايرىپ قويۇلغان، ئىدما ئۈچ ھەپتىگە قالماي تۈرمىدىن چىققان. ئۇ ئافغانىستاندىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، قايتىدىن ئافغانىستان تاغلىق رايونىغا كېلىپ، لادىننى تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان.

قىسمىدىن چېكىنگەن ئامېرىكىلىق ئەسكەر ئىدما

ئافغانىستاندا لادىننى تۇتىدىغان قىسىملار ئىچىدە مۇنتىزىم ئارمىيەدىن سىرت، يەنە نۇرغۇن «مۇكاپات ئوۋچىلىرى» مۇ بار

ئاخبارات ئوكيانىسى

«مۇكاپات ئوۋچىلىرى» نىڭ ئارىسىدا ھەر خىل ئادەملەر بار

ئامېرىكا لادىننى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە بېرىدىغان مۇكاپات سوممىسىنى 50 مىليون

بويىچە بولغاندا، لادىننى مەڭگۈ تۇتقىلى بولمايدۇ، پەقەت «مۇكاپات ئوۋچىسى» نىڭلا

«ئافغانىستاندا، لادىننى تۇتۇشنىڭ بىرىنچى سەپىدە مۇنداق ئۈچ خىل ئادەملەر بار. ئۇلار ئالاھىدە ئەسكەرلەر، جاسۇسلار ۋە ‹مۇكاپات ئوۋچىلىرى›. 600 دىن ئارتۇق ئالاھىدە ئەسكەرنىڭ ھەر ئالتىسى بىر گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللەنگەن، بەش بۇرجەكلىك بىنا ئۇلارنىڭ ساقال قويۇشىنى، ئەرەبلەردەك ياسىنىشىنى، ئافغانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇزۇن يەكتەكنى كىيىشىنى، نومۇرسىز دالا ئاپتوموبىلى ھەيدىشىنى ئالاھىدە تەستىقلىغان؛ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ 150 جاسۇسى بار ‹ئالاھىدە ھەرىكەت باشقارمىسى› قىسمىدىن چېكىنگەن ئالاھىدە قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى، ئۇچقۇچى ۋە تۈرلۈك مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا يەرلىكلەردەك ياسىنىۋالىدۇ؛ يەنە بەزىلىرى مەندەك ‹مۇكاپات ئوۋچىلىرى› بولۇپ، تەخمىنەن نەچچە يۈزگە يېتىدۇ.»

ئىدمانىڭ ئەڭ مۇھىم

لىرىنى كۆرۈشكە تاغدىن چۈشىدىكەن، دېگەن ئاخباراتنى قولغا چۈشۈردۇق. بۇنى ھەتتا ئالاھىدە قىسىم ۋە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىمۇ بىلمەيتتى. شۇ كۈنى، بىز تولۇق قوراللانغان 15 ئادەمنىڭ كەنتنىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يول ئارقىلىق تاغدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۇق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېشەكلىك، بەزىلىرى پىيادە ئىدى. ئۇلارنىڭ قورشاۋغا ئېلىنىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئارىمىزدىكى بىر ئافغان سەپدىشىمىز ئۆزىنى بېسىۋالماي ئالدىراپ ئوق چىقاردى، ئاقىۋەت ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە قويۇق ئورمانلىققا كىرىپ غايىب بولدى. بىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئۇلار بىلەن كەسكىن ئېتىشتۇق، ئۇلاردىن بىرنى ئېتىۋەتتۇق. ئۇنىڭ يېنىدىن چىققان ماددىي ئىسپاتقا ئاساسەن، ئۇنى لادىننىڭ خاس مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ بىرى ئىكەن دەپ ھۆكۈم قىلدۇق.

ئىدما يەنە ئۆزىدە نۇرغۇن

لەر بار.

بۇ «كۈچلۈك ماتېرىيال» لار ئىدمانى نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشتۈرگەن. ئەمما، ئۇ بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئافغانىستاندىكى نامراتلارغا ئىئانە قىلىۋەتكەن.

«ئۇرۇش تۆھپىسى» نى خۇشاللىق بىلەن بايان قىلىش

ئىدما تۇرۇشلۇق ئافغانىستاندىكى قوشۇنىنىڭ نامى «خەنجەر ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن قىسىم» ئىكەن. ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق قىسىمنى «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قوللىمىسمۇ بولىۋېرىدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ ماددىي ياردىمىنىڭ كېرىكى يوق»، «تېررورلۇققا قارشى ئادەتتىن تاشقىرى قوشۇن» دەپ كۆككە كۆتۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن توختام ئىمزالاشنى خالىمايمىز، چۈنكى بىز خالىغانچە ھەرىكەتلىنىشنى ئىستەيمىز، چەكلىمىگە ئۇچراشنى خالىمايمىز.»

ئىدما باشقىلارغا «خەنجەر ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن قىسىم» نىڭ «ئۇرۇش تۆھپىلىرى» نى سۆزلەپ بېرىش-

دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى، شۇنداقلا تېررورچىلارنىڭ ماي باكى ئاپتوموبىلدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسى ۋە ش ئا ئە ت نىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق باش شتابىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدەك سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلغان.

مەخپىي سوراقخانا قۇرۇپ، جاۋابكار بولۇپ قېلىش

ئۆزىچە «ئۆز ئالدىغا لادىننى تۇتۇپ، ئافغانىستاننى قۇتقۇزۇش» نى ئويلايدىغان ئىدما ئۆزىنىڭ ئافغانىستاندا تۈرمىگە چۈشۈپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئافغانىستان خەۋپسىزلىك قىسمى ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىك ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلىرى ئىدمانىڭ كابۇل شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى تۇرالغۇسىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ۋە ئامېرىكا ئارمىيىسىدىن چېكىنگەن 15 ئەسكەرنى، ئافغانىستانلىق ئىككى تەرجى-

مەجبۇرىي دېگۈزۈش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆز ئالدىغا تۇر-

كۈنى مۇنداق بىر مەخسۇس ئۇقتۇرۇش تارقاتقان: ئامېر-

رايونىغا كېلىپ، لادىننى تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان.

ئاخبارات ئۇلانمىسى

«مۇكاپات ئوۋچىلىرى» نىڭ ئارىسىدا ھەر خىل ئادەملەر بار

ئامېرىكا لادىننى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە بېرىدىغان مۇكاپات سوممىسىنى 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ئۆستۈرگەندىن كېيىن، ئامېرىكىلىق نۇرغۇن «مۇكاپات ئوۋچىلىرى» بەس - بەستە ئافغانىستانغا بېرىپ، لادىن ۋە تالىبان رەھبىرى ئۆمەر قاتارلىقلارنى تۇتۇپ، كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشمەكچى بولغان.

ئەمما، ئۇلار ئافغانىستانغا كەلگەندىن كېيىن، تېررورچىلارنى تۇتۇشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى، بولۇپمۇ «بازا» تەشكىلاتى كۆپ ھەرىكەتلىنىدىغان ئافغانىستان چېگرا رايونىنىڭ تەبىئىي شارائىتىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىنى، ئازراقلا بىخەستەلىك قىلسا ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى بايقىغان.

ئىدماغا ئوخشاش ئىلگىرى ئۈچ قېتىم جەنۇبقا بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان قىسمىدىن چېكىنگەن ئامېرىكىلىق پېشقەدەم ئەسكەر مولىكسمۇ «مۇكاپات ئوۋچىسى». ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «لادىننىڭ بىر جايدا تۇرۇش ۋاقتى 12 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، شۇڭا، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەت پرىنسىپى بويىچە بولغاندا، لادىننى مەڭگۈ تۇتقىلى بولمايدۇ، پەقەت ‹مۇكاپات ئوۋچىسى› نىڭلا لادىننى تۇتۇش ئېھتىماللىقى بار.»

مولىكسىنىڭ دېيىشىچە، كۆپ تەربىيە كۆرگەن «مۇكاپات ئوۋچىلىرى» مۇنتىزىم ئارمىيىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەن. ئۇلار ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنىڭ تەستىقىسىز ھەرىكەتلىنەلەيدىكەن، ئۆلۈمدىن قورقمايدىكەن، مەنسىپى ئۆستۈرۈلۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئويلاشمايدىكەن. شۇڭا، بارغانسېرى كۆپ ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرى قىسىمدىن چېكىنگەندىن كېيىن بۇ يولغا ماڭغان.

ئىدما بىلەن تونۇشقىنىغا 10 نەچچە يىل بولغان مولىكسىنىڭ دېيىشىچە، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى، ئىدما تېررورلۇققا قارشى بىر ماھارەت مەكتىپى قۇرغان. ئىدمانىڭ دادىسىمۇ ئاشكارىلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوغلۇم تاموژنىدا تېررورلۇققا قارشى ماھارەت مەشىقىگە قاتناشقان، شۇڭا، ئۇنىڭ ئافغانىستانغا بېرىپ لادىننى تۇتالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.»

ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى
2008 - يىلى ۋاقىتلىق مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز
ۋاكالەت نومۇرى: 20-57   ھەپتىدە 3 سان.   يىللىق باھاسى: 120 يۈەن
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى تەنتەربىيە سارىيى يولى 33 - نومۇر   پوچتا نومۇرى: 830001
ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى
ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ، ئىشچىلار ئويۇشمىسىنىڭ،
مۇشتەرىلەرنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئۈستۈن!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى «تەنتەربىيە سارىيى» كوچىسى 33 - نومۇر. تېلېفون: مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئىشخانىسى 2641721؛ تەھرىر بۆلۈمى 2620278؛ مۇخبىرلار بۆلۈمى 2629299؛ فاكس 2629514؛ پوچتا نومۇرى: 830001. «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئەۋلاد گورۇپپىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى